# بىرلىك

1998

1



ياۋروپا شەرقىي تۈركستان بىرلىكى

OSTTURKISTANISCHE UNION IN EUROPA e. V.

EASTERN TURKESTANI UNION IN EUROPE

AVRUPA DOĞU TÜRKISTAN BIRLIGI

اتحاد تركستان الشرقية فى اوربا

欧洲东土尔其斯坦联盟

EU

www.uyghurkitap.com

# ۋەتەنداشلىرىمىز دىققىتىگە:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم قەدىرلىك ۋەتەنداشلار، ئالدى بىلەن سىزلەرگە ژۇرنىلىمىز ۋاستىسى بىلەن پۈتۈن ياۋروپادا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يالقۇنلۇق سالىمىنى ۋە ھۆرمىتىنى ئىزھارقىلىمىز. سىزلەرگە مەلۇم بولسا كېرەك، خۇددى ژۇرنىلىمىزنىڭ تۇنجى ساندا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ژۇرنىلىمىزنىڭ بىردىن - بىرغايىسى ۋە مەقسىدى - ھېچ سۆزبەسىز كى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تەل - تۆكۈس مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەپسۇسكى، بەزى ماددى ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلارتۈپەيلىدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىنى ئۆزۋاقتىدا نەشرقىلىپ تارقىتالمىدۇق، بۇسەۋەپتىن، سىزلەردىن چىن يۈرىكىمىزدىن چوڭقۇر ئەپۇ سوراش بىلەن بىرگە، شۇخۇسۇستا قايتا ئەسكەرتىش بېرىپ ئۆتمەكچىمىز كى، «بىرلىك» ژۇرنىلى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ يېقىندا گېرمانىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بىرقىسىم ۋەتەنپەرۋەر ياشلىرىمىزنىڭ ھېچقانداق بەدەل تەلەپ قىلماي، ئائىلىسىدىن ۋە ئىنتايىن ئېغىرخىزمەت شارائىتىدىن ۋاقىت ئاجرىتىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىكى تىرىشچانلىقى بىلەن نەشرقىلىنىپ كەلمەكتە، شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ژۇرنىلىمىزغا بولغان ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ھەرقانداق ياردىمى، ژۇرنىلىمىزنى نەشرقىلىۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ بىردىن - بىرتەسەللىسى، شۇنداقلا ژۇرنىلىمىزنىڭ توختىماسىز، مۇقىم ھالدا ئۈزلۈكسىز مۇددەت نەشرقىلىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتىدىن ئىبارەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزلەرنىڭمۇ بۇخۇسۇستا پىداكارلىق كۆرسىتىشىڭىزلارنى ئۈمىت قىلىمىز، چۈنكى بۇۋەتەن ھەممىمىزنىڭدۇر.

ئاخىرىدا سىزلەرگە شۇنىۇختىنى قايتا - قايتا ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدۇقكى، ژۇرنىلىمىز سىياسى ۋە ئىلمى ژۇرنالدىن ئىبارەت بولۇپ، ژۇرنىلىمىزدا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەخسلىرىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى يەرئېلىش بىلەن بىرگە، ئومومەن چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك ھەرخىل ئىجابى ۋە سەلبى قاراشلار، پىكىر. ئېقىملار، جۈملىدىن، دېموكراتىك خىتايلار ۋە ھەتتا ئەشەددى دۈشمىنىمىز بولغان كوممۇنىست خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى تۈرلۈك بايانلىرى مۇۋاپىق تۈردە يەرئالىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت، خەلقىمىزنى ئومومى دۇنيا قاراشقا ۋە كەڭ دائىرىدە ئىلمى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش، شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تەشكىلات ۋەشەخسلىرىمىزنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتىنى ۋە دۈشمىنىمىزنىڭ مەقسىدىنى توغرا، ئەتراپلىق ئانالىزقىلىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئومومى ستىراتېگىيىسىنى تۈرغۈزۈپ چىقىشى ۋە كۈرەش ئېدىئولوگىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئەسلى خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى بىز، مەسىلىنىڭ ھەم ئىجابى تەرىپىنى ھەم سەلبى تەرىپىنى توغرا تونۇپ يېتىشنىڭ ۋە دۈشمىنىمىزنىڭ پىخسىكىسىنى ياخشى تەتقىق قىلىشنىڭ، مىللىي كۈرىشىمىزئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز، شۇڭا بىز ۋەتەنداشلىرىمىزدىن ژۇرنىلىمىزھەققىدە ناتوغرا جامائەت پىكرىدىن ۋە بىرتەرەپلىمىلىك باھا بېرىشتىن ساقلىنىشىنى سەممىي ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كاملكى، سىزلەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ياردىمىڭىزلار ئارقىلىق، «بىرلىك» ژۇرنىلى تېخىمۇساغلام، تېخىمۇ مەزمونلۇق ھالدا ئۈزلۈكسىز مۇددەت توختاۋسىز داۋام قىلغۇسى.

ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن

ژۇرنال مەسئۇلى: ئەنۋەرجان

مەسئۇل مۇھەررىر: پەرھات يۈرۈڭقاش

«ياۋروپا شەرقي تۆركستان برلكى» ئۇيغۇر تەتقىقات مەركزى
نەشر قىلدى

**ژورنال مەسئۇلى:**
ئەنۋەر جان
**باش مۇھەررر:**
پەرھات يۇرۇڭقاش
**مۇئاۋىن باش مۇھەررر:**
ئىلىيار ئۇمەر
**مۇھەرررلەر:**
تۇرسۇن مۇھەممەت
ئەسقەرجان
ئادىل بايېرى
ئۈمىت ئاگاھى
دىلشات لىتىپ
ئەنۋەر تۇرسۇن
ئەركىن ئەنۋەر
**مونتاژ ۋە كومپيۇتېرغا**
**ئالغۇچى:**
ئۇمەرجان شاھيارى
مەرھابا رەجەپ

**ژورنلمزنىڭ ئادرېسى:**
OSTTURKISTANISCHE
UNION IN EUROPA e. V.
Knorr str. 85 Rgb
80807 München
GERMANY

**تېلفون ۋە فاكس:**
0049 89 3518527
1783525

**ژورنلمزنىڭ ۋاكالەتچلرى:**
**ئاۋستراليە:**
ئەخمەت ئىگەمبەردى
**تۈركيە:**
ئابدۇلجېلىل تۇران
سەيپۇللا پامىر
**ئامېركا:**
ئەنۋەر يۇسۇپ
ئابلاجان لەيلي نامان

## مۇندەرىجە

دۇنيا «خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكلاتى» نىڭ، شەرقي تۈركستان ھەققدە گرمانىيە پارلامېنتى كىشلىك ھوقوق كومىتېتىغا يوللىغان مۇراجىئەتى ........ 1.

تۇنجى نۆۋەتلك «شەرقي تۈركستان ـ تىبەت ـ ئىچكى موڭغولىيە ـ دېموكراتىك ختاي برلەشمە يىغنى» گرمانىيىنىڭ مالىنتا رايونىدا مۇۋاپىقيەتلك چاقرىلدى........ 9

«دۇنيا ئىنسان ھەقلرى كۈنى» دە ختايغا قارشى نامايش ئۆتكۈزۈلدى. 14

گرمانىيدە ئەيسا ئەفەندم ياد ئېتلدى........ 15

غۇلجا قرغىنچلقىنىڭ برىيللقى مۇناسىۋتى بلەن ختايغا قارشى كەڭ ـ كۆلەمدە نامايش ئۆتكۈزۈلدى........ 15

گرمانىيدە سابىت داموللام، مۇھەممەتئىمن بۇغرا، ئەخمەتجان قاسمى قاتارلىق مەشھۇر ئىنقلاپچلرىمىزنى خاترلەش پائالىيەتلرى ئۆتكۈزۈلدى........ 16

شۋېتسارىيدە «شەرقي تۈركستان ـ تىبەت ـ ئىچكى موڭغولىستان خەلقلرى برلەشمە يىغنى» مۇۋاپىقيەتلك ئۆتكۈزۈلدى........ 17

ئىككىنچى نۆۋەتلك تۆت تەرەپ ۋەكىللرى يىغنى مىيۇنخىندا چاقرىلدى........ 18

شەرقي تۈركستان ۋەكىللرى «گرمانىيە ئىنسان ھەقلرى برلكى» يىغنىدا........ 20

شەرقي تۈركستان ھەيئىتى «ياۋروپا مىللى كۆرۈش تەشكلاتى» نىڭ رەھبەرلرى بلەن كۆرۈشتى........ 21

گرمانىيدىكى ئۇيغۇرلار دىنى مەۋجۇتلقىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قوغداپ

قېلش ئۈچۈن تىرشماقتا ........................ 22
شەرقىي تۈركستان ھەيئىتى شۋېتساريىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تىبەت كۈنى»
پائالىيىتىگە قاتناشتى ........................ 23
كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 49 ـ
يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى كەڭ ـ كۆلەمدە نامايىش
ئۆتكۈزۈلدى ........................ 23
خىتايدا دېموكراتىك كۈچلەر «خىتاي دېموكراتىك پارتىيىسى» نى
قۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتتى ........................ 24
ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ بىرىيىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
........................ مۇستافا نىجاتى ئۆزفاتۇرا. 26
نېمىس ئادۋوكات گۆرىڭ ئالبېرت ئەفەندىنىڭ شەرقىي تۈركستان ۋە
ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېس قىلغانلىرى: «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش
ـ دۇنيا مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش دېمەكتۇر» ........................ 28
خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەتكە كىرىدىغان تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى رەسمىي
باشلىدى ........................ 31
تەيۋەندە شىڭشىيەي ئۇستىدىن يېزىلغان ئەرز شىكايىتى ۋە شىڭشىيەينىڭ
ئۆزىنى ئاقلاپ يازغان خېتىنىڭ ئەينەن تەپسىلاتى ........................ 32
چەتئەللەردىكى خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرى بېيجىڭ ۋەقەسىنىڭ 10
يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 99 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 كۈنى خىتاي ئىچىدە
يەنە بىر قېتىم زور دېموكراتىك ھەرىكەت قوزغاشقا تەييارلىق
قىلماقتا ........................ 42
«تىيەنئەنمېن ئەۋلادلىرى ئالاقىلىشىش جەمئىيىتى» قۇرۇلدى ........................ 43
خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركستاندىكى «بىڭتۇەن» نى
دۆلەتكە بىۋاستە قاراشلىق شىركەتكە ئايلاندۇرىۋالدى ........................ 43
مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزدە ئىسلامنىڭ رولى
........................ ئابدۇجېلىل ئەمەت (قارىم). 44
خىتايدا دېموكراتىك زاتلار يەنە تۈرمىلەرگە تاشلاندى ........................ 50
ۋەتەندە ئاشكارىلانمىغان بىر خائىنلىق خېتىنىڭ سىرى ... باتۇر راشىدىن. 51
قۇملۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش..... گېئورگ بلۇمې ، خىكاكو ياماموتو. 62
چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەمۇرى تۈزۈمى
........................ ئە. خوجايېۋ. 68
بىردۆلەت بار ـ ئۆزى ياقتا ........................ پۈئات بول. 71

**Responsible Maneger:**
Enver Can
**Chief Editor:**
Perhat Yurungkash
**Deputy Chief Editor:**
Iliyar Omar
**Editors:**
Tursun Mohammed
Asgar Can
Adil Bayeri
Ümit Agahi
Dilshat Litip
Enwer Tursun
Erkin Enwer
**Layout:**
Omerjan Shahyari
Marhaba Rejep

**Address:**
**OSTTURKISTANISCHE UNION IN EUROPA e. V.**
**Knorr str. 85 Rgb,**
**80807 München**
**GERMANY**
**Tel&Fax:**
**0049/89/3518527**
**1783525**
**Representative in Austiralia:**
Ahmat Igamberdi
**Representatives in Turkey:**
Abduljelil Turan
Saypulla Pamir
**Representatives in U.S.A :**
Anwer Yusup
Ablajan Layli Naman

ۋەتەن سىرتىدىكى خانىم ـ قىزلىرىمىز تەشكىلاتلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك
........................................................ مەرھابا رەجەپ. 74

شەرقىي تۈركىستاندىكى فاشىست قوشۇن ـ «بىڭتۇەن» ........................ ئىلىيار ئۆمەر. 77

ختايدىكى ئۇنتۇلغان رايون ........................................................ 88

شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى فىلىپپىننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتىدە
........................................................ 93

دىڭ شاۋپىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى خىتاينىڭ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىگە بىر
نەزەر ........................................................ تيەن ۋېن. 94

تارىختا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىمىز خاتىرلەندى
........................................................ 101

شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئۆتمۈشىگە ۋە كەلگۈسىگە بىر نەزەر
........................................................ ئەسقەرجان. 102

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان ھەردەرىجىلىك مەمۇرى ئورگانلىرى جەدۋىلى
........................................................ 121

ختاي تەرىپىدىن ئىلان قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇسنىڭ تارقىلىش مىللىي تەركىپ جەدۋىلى
........................................................ 125

ژورنىلىمىزنىڭ تۈركىيە ۋاكالەتچىسىنىڭ ئادرىسى:

**Abdul Celil TURAN**

**Yeni Dogan Mah. 41 Sok.**

**No. 7 D 4 Zeytinburnu**

**Istanbul - TÜRKIYE**

**Tel & Fax: 0090/212/6790370**

Baskı, Cilt:
Bayrak Mat. Ltd. Şti.
Tel. / Fax.: (0212) 638 40 88 - 638 42 02 / 638 42 03
İstanbul Aralık 1998



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# دۇنيا «خەتەرئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى» نىڭ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىغا يوللىغان مۇراجىئەتى

تەھرىرئىلاۋىسى: 1997 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى خىتايغا سەپەر قىلغان ئىدى، ئۇلار سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن، مەركىزى گېرمانىيىدىكى «خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى»، گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ باشلىقى دوكتور كاتارىنا لۇبىبە خانىمغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومومىي ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس بىر پارچە مىراجىئەت يوللاپ، گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ئەزالىرىدىن خىتاينى زىيارەت قىلغاندا خىتاي ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستاندا جىددىي ئېلىپ بېرىۋاتقان كوللېكتىپ تۇتقۇن قىلىش ۋە قىرغىن قىلىش ھەركىتىنى دەرھال توختۇتۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، تۆۋەندە بۇ مۇراجىئەتنىڭ ئەينەن نۇسخىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئېغىر دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى بىزنى، يەنى «خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى»نى قاتتىق قايغۇرتقۇزماقتا. 1996 - يىلى ئاپرېل ۋە ئىيۇن ئايلىرىدا، شەرقىي تۈركىستاندا 2700 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى بى ئۆلكىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى چېن جىنچى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلغان ئىدى. يېقىندا، يەنى 1997 - يىلى 2 - ئايلاردا شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتىلغان سىياسىي بېسىمنىڭ يەنىمۇ ئېغىرلاشقانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر بېرىلدى. رامىزان ئېيىدا خىتاي ساقچىلىرى غۇلجىدا پىتنە - پاسات تېرىپ قالايمىقانچىلىق چىقاردى. 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كېچىسى ئاياللار ۋە ياشلار قەدىر كېچىسىنى خاتىرلەش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىرئۆيگە توپلانغاندا، خىتاي ساقچىلىرى بېسىپ كىرىپ، دىندارلارنى قولغا ئالدى. خىتاي ھۆكۈمىتى 1996 - يىلى موسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىنى توساش مەقسىدىدە، موسۇلمانلارنىڭ بىريەرگە يىغىلىشىنى چەكلەپ قويغان ئىدى. ئەتىسى، يەنى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ۋە بالا - چاقىلىرى قولغا ئېلىنغانلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلغاندا، ساقچىلار ناسوس بىلەن سۇ چېچىپ، جامائەتنى تارقىلىشقا زورلىدى.

بۇۋاقەنى ئۆزكۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاھچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، نۆلدىن تۆۋەن 20 - 30 گىرادۇس قاتتىق سوغۇقتا چېچىلغان سوغۇق سۇنىڭ زەربىسىگە چىدىماي 145 كىشى ھالاك بولغان. خوشنا قازاقىستانغا قېچىپ چىققانلارنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، قاتتىق سوغۇقتا ھۆل بولغان كىيىملىرىنى دەرھال سېلىۋېتەلىگەن كىشىلەرلا ئۆشۈشۈپ ئۆلۈشتىن قۇرتۇلۇپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشى يەنىلا داۋام قىلغاندىن

كېيىن، ساقچىلار 90 كىشىنى قاتتىق ئۇرۇپ - دۇمبالىغان، بۇجەرياندا خىتاي ساقچىللىرى دادىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان تېخى ئەمدىلا 8 ياشقا كىرگەن پاتىمەنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يولدىشىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان هامىلە هالدىكى گۈلزۆهرەمۇ ئەينى ئاقىۋەتكە ئۇچۇرىغان. بۇخىل زوراۋانلىقلاردىن كېيىن، نامايىشچىلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيگەن، بۇچاغدا خىتاي ساقچىللىرى ئاممىغا ئوق چىقىرىپ، 200 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ساقچىلارنىڭ بۇياۋۇزلىقىغا چىدىيالمىغان ئۇيغۇرلار، كېيىنكى بىرقانچەيىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن خىتايلارغا هۇجۇم قىلغان، بۇهۇجۇملار نەتىجىسىدە، يۈزدەك كىشى ئۆلگەن. بۇقالايىش ئۈچۈن بىرئۆيگە توپلانغاندا، خىتاي ساقچىللىرى بېسىپ كىرىپ، دىندارلارنى قولغا ئالدى. خىتاي هۆكۈمىتى 1996 - يىلى موسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىنى توساش مەقسىدىدە، موسۇلمانلارنىڭ بىريەرگە يىغىلىشىنى چەكلەپ قويغان ئىدى. ئەتىسى، يەنى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرى ۋە بالا - چاقىللىرى قولغا ئېلىنغانلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلغاندا، ساقچىلار ناسوس بىلەن سۇ چېچىپ، جامائەتنى تارقىلىشقا زورلىدى. بۇۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن گۇۋاچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، نۆلدىن تۆۋەن 20 - 30 گىرادۇس قاتتىق سوغۇقتا چېچىلغان سوغۇق سۇنىڭ زەربىسىگە چىدىماي 145 كىشى هالاك بولغان. خوشنا قازاقىستانغا قېچىپ چىققانلارنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، قاتتىق سوغۇقتا هۆل بولغان كىيىملىرىنى دەرهال سېلىۋېتەلىگەن كىشىلەرلا ئۆلۈشتىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشى يەنىلا داۋام قىلغاندىن كېيىن، ساقچىلار 90 كىشىنى قاتتىق ئۇرۇپ - دۇمبالىغان، بۇجەرياندا خىتاي ساقچىللىرى دادىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان تېخى ئەمدىلا 8 ياشقا كىرگەن پاتىمەنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يولدىشىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغان هامىلە هالدىكى گۈلزۆهرەمۇ ئەينى ئاقىۋەتكە ئۇچۇرىغان. بۇخىل زوراۋانلىقلاردىن كېيىن، نامايىشچىلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپەيگەن، بۇچاغدا خىتاي ساقچىللىرى ئاممىغا ئوق چىقىرىپ، 200 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. ساقچىلارنىڭ بۇياۋۇزلىقىغا چىدىيالمىغان ئۇيغۇرلار، كېيىنكى بىرقانچەيىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن خىتايلارغا هۇجۇم قىلغان، بۇهۇجۇملار نەتىجىسىدە، يۈزدەك كىشى ئۆلگەن. بۇقالايمىقانچىلىقلارنەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلاردىن ئەڭ ئاز 2000 كىشى قاماققا ئېلىنغان. مەزكۇر قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، گەنسۇدىن غولجىغا 300 مىڭ خىتاي ئەسكىرى كەلتۈرۈلگەن ۋە شەهەرنى پۈتۈنلەي قورشاپ ئالغان. گەرچە خىتاي هۆكۈمىتى قوللانغان بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى بىرئاز يۇمشاتقان بولسىمۇ، ئەمما، ئومومەن ئىلى ۋىلايىتىدە هەربى قاراۋۇللارنىڭ سانى ناهايىتى كۆپ.

## خىتاي رەهبەرلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان هەقلىرىنىڭ ئۆزجايىدا تەكشۈرۈلۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ

هازىرچە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ تەرەپسىزهالدا ئۆزجايىدا

www.uyghurkitap.com



تەكشۈرۈلۈشى مۈمكىن بولمايۋاتىدۇ. ختاي هۆكۈمىتى ئىنسان هەقلىرىنى قوغداۋاتقان تەشكىلات ۋەكىللىرىنىڭ ۋە ژورنالىستلارنىڭ غولجىغا بېرىشىغا ۋە ئۇيەردىكى هەقىقى ئەهۋاللارنى ئۆزجايىدا تەكشۈرۈشكە رۇخسەت قىلمايۋاتىدۇ، گەرچە ختاينىڭ رەسمى ئورگانلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەلۇماتلاردا، غولجىدىكى قانلىق هادىسىلەردە 10 كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بىلدۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇۋەقەلەرگە شاهىد بولغۇچىلار، ختاي هۆكۈمىتىنىڭ بۇخەۋەرلىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئېيتماقتا. ئەنگلىيىنىڭ «ب. پ. سى» رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئۈچ كىشىلىك بىرهەيئەت ۋەقەنى ئۆزجايىدا تەكشۈرۈش ئۈچۈن 3 ـ ئايدا خوشنا قازاقىستاندىن ساياهەتچى سۈپىتىدە غولجىغا بارغان بولسىمۇ، ئۇلار ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتمەي تۇرۇپ ختاي هاكىمىيىتى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 10 كۈن نازارەت ئاستىدا تۇتۇلغاندىن كېيىن، پاكىستانغا هەيدەپ چىقىرىلدى.

## ختاي هاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە قاتتىق زەربە بەرمەكچى

غولجىدىكى توپىلاڭلار، ختاي هۆكۈمىتىنىڭ يالغان خەۋەرپېيىش سىياسىتىگە قارىماستىن، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كەڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىدى ۋە ختاينىڭ ئۆزىنىمۇ قاتتىق ئەنسىزلىككە سالدى. ختاي دۆۋلەت باشلىقى جاڭ زېمىن، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ هۆكۈمەتكە ۋە دۆۋلەتنىڭ پۈتۈنلىكىگە ئەڭ بۈيۈك خەۋىپ تۇغدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، خوشنا تىبەتتىكى ۋەقەلەر تىنجىتىلغان بىرپەيتتە، شىنجاڭدىكى «دۈشمەن كۈچلەر» قازاقىستانغا ئوخشاش خوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدىن ياردەم ئالغان. بېيجىڭدىكى دۆۋلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ۋەكىلى، ئامېرىكىدىكى «س. ئى. ئا» رازۋېتكا باشقارمىسىنىڭ، «موسۇلمان بۆلگۈنچىلەلار» نى قوللاپ ـ قۇۋەتلىگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا، شىنجاڭ پارتكومىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ لېچۈەن ۋە ئۆلكىلىك هۆكۈمەت باشلىقى ئابلەت ئابدۇرىشىت، بۆلگۈنچىلەرگە قارشى هەرىكەتلەرنىڭ كۈچەيتىلگەنلىكىنى ئېيتقان ۋە مۇنداق دېگەن: «ئىسلامى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ۋە مۇستەقىللىقنى تەرغىپ قىلغۇچىلار بارغانسىرى ئاكتىپ هەرىكەت قوزغىغان كىشىلەر، بۇ 27 كىشىنىڭ قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، بۇت ـ قولىغا كىشەن سېلىنغان هالدا كوچىلاردا سازايى قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىشتى. گەرچە ئۇلارنى سازايى قىلغان ماشىنا هەربىلەر تەرىپىدىن قاتتىق مۇهاسىرە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ماشىنىغا ئەگەشكەن خالايىق ئۇلارنى، «ياشاپكەت»، «ئاللا ياردەم قىلسۇن»، «ئاللاهۇئەكبەر»، «هەقىقەت هامان پاش بولىدۇ» دەپ شوئار توۋلاپ ئۇزاتقان. ختاي ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ جامائەتكە قارىتىپ ئوق چىقىرىشى نەتىجىسىدە، يەنە ئۈچ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئون كىشى يارىدار قىلىنغان. ختاي هۆكۈمىتى بۇهەقتىكى رەسمى باياناتىدا، «ئەسكەرلەر ئۆزۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى» دەپ ئاقلىدى. 30 ـ ماي كۈنى ئۇيغۇرلاردىن يەنە 8 كىشى ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ «گۇناهى» ـ غولجىدىكى توپىلاڭلارغا قاتنىشىش ۋە ئۈرۈمچىدىكى بومبا پارتلىتىشتا رول ئوينىغانلىقىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، 1997 - يىلى 25 - فېۋرال كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۈچ جايدا بومبا پارتلىشى نەتىجىسىدە، 9 كىشى ئۆلگەن ۋە 74 كىشى يارىلانغان ئىدى. 22 - ئىيول كۈنى يەنە 9 ئۇيغۇر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، يەنە ئۈچ ئۇيغۇر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار ھازىرچە تېخى ئېتىلمىدى. بۇقاتاردا يەنە يەتتە كىشى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا، بىرى 18 يىللىق قاماق جازاسىغا، قالغان 9 كىشى 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

غولجىدىكى قالايمىقانچىلىقلار داۋامىدا، ئۇيغۇرلار بەلكىم ئۈچ ئېلىش مەقسىدىدە جىنايەت ئىشلىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى تەرەددۇتلەندۈرگەن كىشىلەر، بۇ27 كىشىنىڭ قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، بۇت - قولىغا كىشەن سېلىنغان ھالدا كوچىلاردا سازايى قىلىنغانلىقىنى بايان قىلىشتى. گەرچە ئۇلارنى سازايى قىلغان ماشىنا ھەربىلەر تەرىپىدىن قاتتىق مۇھاسىرە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ماشىنىغا ئەگەشكەن خالايىق ئۇلارنى، « ياشاپكەت » ، « ئاللا ياردەم قىلسۇن »، « ئاللاھۇئەكبەر »، « ھەقىقەت ھامان پاش بولىدۇ » دەپ شوئار توۋلاپ ئۇزاتقان. خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ جامائەتكە قارىتىپ ئوق چىقىرىشى نەتىجىسىدە، يەنە ئۈچ كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئون كىشى يارىدار قىلىنغان. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇھەقتىكى رەسمى باياناتىدا، « ئەسكەرلەر ئۆزۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى » دەپ ئاقلىدى. 30 - ماي كۈنى ئۇيغۇرلاردىن يەنە 8 كىشى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ «گۇناھى» - غولجىدىكى توپىلاڭلارغا قاتنىشىش ۋە ئۈرۈمچىدىكى بومبا پارتلىتىشتا رول ئوينىغانلىقىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، 1997 - يىلى 25 - فېۋرال كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۈچ جايدا بومبا پارتلىشى نەتىجىسىدە، 9 كىشى ئۆلگەن ۋە 74 كىشى يارىلانغان ئىدى. 22 - ئىيول كۈنى يەنە 9 ئۇيغۇر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى، يەنە ئۈچ ئۇيغۇر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلار ھازىرچە تېخى ئېتىلمىدى. بۇقاتاردا يەنە يەتتە كىشى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا، بىرى 18 يىللىق قاماق جازاسىغا، قالغان 9 كىشى 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

غولجىدىكى قالايمىقانچىلىقلار داۋامىدا، ئۇيغۇرلار بەلكىم ئۈچ ئېلىش مەقسىدىدە جىنايەت ئىشلىگەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى تەرەددۇتلەندۈرگەن مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلارنىڭ ئوخشاش جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلمىغانلىقىدۇر. ھازىرغا قەدەر خىتاي سوتلىرىدا 23 ئۇيغۇر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، 20 سى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە 44 ئۇيغۇر ئۇزۇن يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسان ھەقلىرىنى قوپال رەۋىشتە دەپسەندە قىلغان ئەسكەر ۋە ساقچىلارنىڭ بىرسىنىڭمۇ سوت مەھكىمىلىرىگە چىقىرىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

1996 - يىلى ئاپرېل ۋە ماي ئايلىرىدا ئۆلكىنىڭ 15 شەھرىدە ئۇيغۇرلار 45 قېتىم ئىسيان كۆتەرگەن ۋە ئاممىۋى نامايىش ئېلىپ بارغان، بۇ ھەرىكەتلەردە مىڭغا يېقىن كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. خىتاي ھاكىمىيىتى بۇ توپىلاڭلاردىن كېيىن، « ئوغرى، قاراقچى ۋە جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى » دېگەننى باھانە قىلىپ ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com



باشلاپ، يەرلىك خەلقنى كوللىكتىپ ھالدا تۇتقۇن قىلىشقا باشلىدى. خىتايلارنىڭ بۇ ھەرىكەتنى قوزغىشىدىكى مەقسىدى ـ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا قارشى كۈچىنى ئاجىزلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. 1996 ـ يىلى ئاپرېل ئېيى بىلەن 1997 ـ يىلى ئىيول ئايلىرى ئارىسىدا، ئۇيغۇرلاردىن 183 كىشىنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋەياكى تۈرمىدىن قېچىش جەريانىدا ئېتىلغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

## ھەربىي كۈچ يىغىلماقتا

خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا كەڭ كۆلەمدە ئىنقىلاپ يۈزبېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشماقتا. خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى تاۋسىجۇ ۋە ئۇنىڭ ئورۇنباسارى، ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلدى، شۇنىڭدەك، «خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 50 ـ 60000 قىسمى» نىڭ 5 ـ دېۋىزىيىسى ۋە كۆپ ساندىكى ساقچىلار بۇ ئۆلكىگە يوللاندى. بۇھەربىي كۈچ، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى» نىڭ يۈزمىڭ ئەسكىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى باستۇرماقچى. خىتاي رەھبەرلىرى، كەڭ كۆلەملىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە قايتىدىن تەربىيەلەش يوللىرى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا ئىجتىمائىي تېنچلىقنى قايتىدىن بەرپا قىلماقچى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى نامايىشلارنىڭ ئالدىنى قەتئىي ئالماقچى. رەسمىي خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى نازۇك رايونلارغا يوللانغان 17 مىڭ خىتاي كادىر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلغان 260 كىشى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

## مۇسۇلمانلارغا دىنى ئەركىنلىك بېرىلمەيدۇ

شەرقىي تۈركىستاندىكى كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكى، مىللەتچىلىك ۋە دىنني تۈسنى ئالغان ئەسەرلەرنىڭ نەشىر قىلىنىشىغا يول قويماسلىق ۋە دىني زاتلارنىڭ مەكتەپلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىنى توسۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى 1996 ـ يىلى 30 ـ ئاپرېل كۈنى بەرگەن خەۋىرىدە، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى» مەسئۇللىرىنىڭ بىرقېتىملىق يىغىنىدا، «بىزنىڭ ئاساسلىق ئەندىشىمىز، چەتئەللەردىكى مىللەتچى بۆلگۈنچى كۈچلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتقان تېرورىستلاردىن ئىبارەت، ئۇلارغا ئالاھىدە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك»، دېيىلگەن. شىنجاڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1997 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 6 ـ كۈنىگىچە ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىدا، بۇھەقتە تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاند! تېنچلىققا خەۋپ تۇغدۇرۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىلنىڭ قانۇنسىز دىنني پائالىيەتلەر ۋە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. شۇندىن كېيىن، مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلەردە تەكشۈرۈش ۋە جازالاشلار ئەۋج ئالدى، يېڭى سېلىنىۋاتقان مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرى توختۇتۇلدى. دىنني ئەسەرلەر ۋە چەتئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن، چېگرالاردا قاتتىق تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى.

1990 ـ يىلدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى، دىنني ئۆلىمالارغا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇلارنى قوللاپ ـ قۇۋەتلەشنى شەرت قىلغان ئىدى. غۇلجىدىكى ھادىسىلەردىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى تېخىمۇ قاتتىق چەكلەندى، جۈملىدىن، 133مەسجىد تاقىۋېتىلدى، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلانمىغان 105 مەسجىد چېقىۋېتىلدى، بۆلگۈنچىلەرگە ھېسداشلىق قىلغان، دەپ گۇمان قىلىنغان ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىدىن بوشىتىلدى ۋە 500 ئوقۇغۇچى مەكتەپتىن ھەيدەلدى. خىتاي ھاكىمىيىتى ئىسلام دىنىنى، ئاتىسىملاتسىيە سىياسىتىگە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ئاساسلىق ئامىل، دەپ قاراپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنني ئەركىنلىكىنى چەكلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

## خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققانى كۈرىشىنى جىنايەتكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشماقتا

شەسرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تېنىچلىقپەرۋەر، دېموكراتىيەنى قوللايدۇ ۋە ئۇلار ئۆزھوقوقلىرىنى تېنىچلىق يولى بىلەن قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇقىلىدۇ. بىراق، خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇلارنىڭ ھەققانى كۈرىشىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە « جىنايەت» دەپ جارسېلىشقا تىرىشماقتا. مەسلەن، شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھوقوقلىرىنى ياقىلاپ سۆزقىلغان بىر كىشىگە، « مىللەتچى»، «بۆلگۈنچى» دىگەن قالپاق كەيگۈزىلىدۇ، بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى قىلغان كىشى ئاسانلا سوت مەسىھكىمىسىنىڭ جاۋاپكارلىقىغا تارتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك خەلقنىڭ ئۆزھوقوقلىرىدىن سۆزئاچالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلق بۇ ئۆلكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتى دەپ قارىغىنى ئۈچۈن، ئۇلارھەممىسى بىرلىشىپ، ئۆلىرىنىڭ مىللى مەۋجۇتلىقىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن يوق قىلىنىۋاتقانلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكتە. ئۇلار دېموكراتىيىنى قوللايدۇ، شۇنىڭدەك، كىشىلىك ھوقوقنى ۋە بارچە مىللەتلەرنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقنى ھىمايە قىلىدۇ. ئەمما خىتاي ھاكىمىيتى بۇمىللەتلەرنى خىتايلاشتۇرماقچى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا تېنىچلىق ئۇسولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللى ھەرىكىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشماقتا، ئەمما ئۇلارنىڭ تېنىچلىق بىلەن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى بارغانسىرى ئۈمىتسىزلىك ئېلىپ كەلگەشكە، تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۇلغىيىشى تۇرغان گەپ، چۈنكى ئۈمىتسىزلەنگەن ئىنسان ھەرچارىگە باش ئۇرىدۇ، بومبا پارتىلىتىشلار ۋە ساقچى ـ ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، بېيجىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ قاتتىق چارە كۆرۈشگە باھانە تېپىپ بەردى، دىمەك، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ باھانە بىلەن يەنە تېخىمۇ كۆپ ئۇيغۇرلارنى جېمىقتۇرۇشى تۇرغان گەپ. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى، كۈچ ئىشلىتىش ۋە تېخىمۇ كۆپ تېرورىستىك ھەرىكەتلەربىلەن مەسلىنى ھەل قىلىشنىڭ زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى، بۇخىل ھەرىكەتلەرنىڭ تېخىمۇ كۆپلىگەن يەرلىك خەلقنىڭ كوللىكتىپ ھالدا قىرىلىپ كېتىشىگە يول ئاچىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.

## خىتايلاشتۇرۇش سىياستى ـ مىللى تەركىپنى قالايمىقانلاشتۇرماقتا

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتايلاشتۇرۇش

سىياستى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان سىستېمىلىق هالدا ئىشقا ئاشۇرىلىنىۋاتقىنى ئۈچۈن، بۇئۆلكىدىكى يەتتە مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرمىللىتى ئۆزىيۇرتىدا ئازسانلىق مىللەت هالىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى تىبەت خەلقى دۇچ كەلگەن ئەھۋاللارغا ئوخشاش. 1949 - يىلدىن ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، بۇسان 1973 - يىلى 38 پىرسەنتكە كۆپەيدى، هازىربولسا ئۇيغۇرلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 45 پىرسەنتىنى، خىتايلاربولسا (رەسمىي ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا كۆرە) 41 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، خىتاي كەلگۈنلىرى بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەتلەر كۈندىن - كۈنگە كۈچەيمەكتە، بۇنىڭ جاۋابكارى خىتاي هاكىمىيىتىدىن ئىبارەت، چۈنكى شەرقىي تۈركىستاندا بارلىق ئىش ئورۇنلىرىغا ئالدى بىلەن خىتايلار خىزمەتكە ئېلىنىدۇ، باشقۇرۇش ۋە ئاممىۋى خىزمەت ئورۇنلىرىدىكى بارلىق هوقۇق خىتايلارغا بېرىلىدۇ، ئۇيغۇرلارغا بولسا ئىككىنچى ۋە ئۈچۈنچى دەرىجىلىك ئىشلار قالىدۇ. شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى، يۈزمىڭلىغان ياللانما ئىشچىنىڭ دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن يېقىندا شىنجاڭغا بارىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. قىسقىسى، هۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن هەريىلى 300 مىڭغا يېقىن يېڭى خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا جايلاشماقتا. شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرئاستى بايلىقى كۆپ بولغىنى ۋە بۇئۆلكىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن موھىم بولغىنى ئۈچۈن، بېيجىڭ هۆكۈمىتى بۇئۆلكىنىڭ خىتايلاشتۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەرغىپ قىلماقتا.

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يوق قىلىنماقتا

خىتاي هاكىمىيىتى ئۇيغۇرمەدەنىيىتىنىڭ ياشناپ - گۈللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندا چەتئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان (ناخشا - ئۇسسۇل دېگەندەك) ۋە چەتئەلدىن خىتايغا پايدا ئېلىپ كېلىدىغان مەدەنىي خۇسۇسىيەتلەرنىلا تەرغىپ قىلىدۇ، خالاس. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومۇمىي نەشرىياتنىڭ پەقەت 16پىرسەنتىلا تۈركىي تىللاردا. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا، خىتاي هۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياستىگە زىت كىتاپ ۋە ئەسەرلەرنى يازغۇچىلار، «مىللەتچى ۋە بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلغۇچىلار» دەپ قارىلىنىپ، سوتنىڭ جاۋابكارلىقىغا تارتىلىدۇ، بۇنداق كىتاپلار مۇسادىرە قىلىنىدۇ ۋە ئۇنداق ئەسەرلەرنى نەشرقىلغان نەشرىيات ۋە زاۋۇتلار تاقىلىدۇ، مەكتەپلەردە ئۇيغۇرتىلى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخى توغرا ئوقۇتۇلمايدۇ.

خۇلاسە شۇكى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەۋجۇدىيىتىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە دىنىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش كۈرىشى بارغانسېرى قىيىنلاشماقتا ۋە بۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغان بىرمىللەتنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن قايسى هەرىكەتلەرگە باش ئۇرۇشنى هازىردىن پەرەزقىلىش مۇمكىن ئەمەس. ..

**دۇنيا «خەتەرئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى» خىتاي هۆكۈمىتىگە شۇتەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:**

**1. شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسى**

تۇتقۇنلار دەرھال ئازات قىلىنسۇن .

2. خىتاي ھۆكۈمىتى، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇقنى ھىمايە قىلغۇچى كۈرەشچىلەرنى ۋە دېموكراتىيە تەرەپدارلىرىنى كۈچ ئىشلىتىشكە قىستىمىسۇن، يەنى ئۇلارنى دۇنياغا «جىنايەتچى» دەپ جاكالاش ئۈچۈن نەيرەڭ ئىشلەتمىسۇن.

3. كوللېكتىپ تۇتقۇن قىلىش مەركەزلىرى تاقالسۇن.

4. ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدىغۇچى خەلقئارا تەشكىلات ۋە كىشىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ ئەھۋالنى ئۆزجايىدا تەكشۈرۈشە ئىمكان يارىتىپ بېرىلسۇن.

5. غۇلجىدىكى ئاممىۋى قىرغىنچىلىقنىڭ تەرەپسىزئورگانلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈشىگە رۇخسەت بېرىلسۇن ۋە بۇقانلىق ھادىسىلەرنىڭ پەيدابولۇشىغا سەۋەپچى بولغان ئەسكەر ۋە ساقچىلار سوتلانسۇن.

6. موسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىشى چەكلەنمىسۇن.

7. يېڭى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا يەرلەشتۈرۈلۈشى توختۇتۇلسۇن.

8. ئاپتونومىيە ھوقوقى ھەققى يوسۇندا ئەمەللەشتۈرۈلسۇن.

9. يەرلىك خەلق ئۆلكىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۆپرەك جەلىپ قىلىنسۇن.

ھۆرمەت بىلەن:

«خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى»

گۆتىنگەن ـ گېرمانىيە

1998 ـ يىل 28 ـ ئاۋغۇست

(مۇراجىئەتنى قەلەمگە ئالغۇچى: ئۇلرىخ دېلىيۇس)

(يۇقارقى مۇراجىئەتنى نېمىسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەرجان)

## گېرمانىيىدىكى ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى ياۋروپا ئەللىرىدە شەرقىي تۈركىستاننى تونۇتۇشتا موھىم رول ئويناپ كەلمەكتە

ئۆزخەۋىرىمىز: «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى تەركىۋىدىكى ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكى، گېرمانىيىدە 10 نەچچە يىللىق ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۆمەك ئەزالىرى يىللاردىن بۇيان تۈرلۈك ماددىي ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەرىپ ئەللىرىگە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە سەنئىتىنى تونۇتۇشتا ئىنتايىن موھىم رول ئويناماقتا. بۇسەنئەت ئۆمىكى گېرمانىيە ۋە گوللاندىيىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان، سەنئەت جەھەتتىن مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرى بولغان ياشلىرىمىزدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۆمەك ئەزالىرى ئىنتايىن قىيىن شارائىتلاردىمۇ يەنە خىزمىتىدىن ۋە ئائىلىسىدىن ۋاقىت ئاجرىتىپ، مول مەزمۇنغا ئىگە ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى تەييارلاپ چىقىپ ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەردە سەييارە ئويۇن قويۇپ، ياۋروپا خەلقىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە بولغان قىزىقىشىنى ۋە ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە تېگىشلىك رول ئويناپ كەلمەكتە. پەقەت 97 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ھازىرغا قەدەر بۇ سەنئەت ئۆمىكى تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ يېتەكلىشىدە شۋېتسارىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، گېرمانىيە قاتارلىق دۆۋلەتلەردە 12 قېتىم ئويۇن قويۇپ، بۇدۆۋلەت خەلقلىرىنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تۈنجى نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغۇلىيە - دېموكراتىك خىتاي بىرلەشمە يىغىنى» گېرمانىيىنىڭ مالىنتا رايونىدا مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلە كۆرىشىمىزدە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «شەرقىي تۈركىستان - تىبەت - ئىچكى موڭغۇلىيە - دېموكراتىك خىتاي تۆرت تەرەپ بىرلەشمە يىغىنى» 1997- يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە گېرمانىيىنىڭ هامبورگ ئەتراپىدىكى مالىنتا رايونىدا مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى. گېرمانىيىدىكى «خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى»، گېرمانىيە «گوستاف هاينىمام ئىلىم مەركىزى» ۋە گېرمانلاردىن تەشكىللەنگەن «تىبەتنى هىمايە قىلىش جەمئىيىتى» نىڭ ئورتاق تەشكىللىشى ۋە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن چاقىرىلغان بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق يىغىنغا، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالەتەن «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن ۋە باش كاتىپى ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى، سۈرگۈندىكى «تىبەت پارلامېنتى» نىڭ رەئىسى تېنىسىن نۇربۇئېمچى باشچىلىقىدىكى تىبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى، «ئىچكى موڭغۇلىستان ئىنسان هەقلىرى بىرلىكى» نىڭ رەئىسى تەمسىلتۇشوپسۇن باشچىلىقىدىكى ئىچكى موڭغۇلىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە چەتئەلدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «خىتاي دېموكراتىك مىللىي بىرلىك سېپى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇخەنتاۋ باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتى، ئۇندىن باشقا يەنە يىغىنغا بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، خىتاينى تەتقىق قىلغۇچى ياۋروپالىق پروفېسسور، دوكتۇر، ئالىم ۋە خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىدىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دېموكراتىك خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزتەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىدە پوزىتسىيىسى ئېنىق بولمىغىنى ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن بۇ نامنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگىنى ئۈچۈن، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى دېموكراتىك خىتايلار بىلەن هېچقانداق ئالاقە ياكى هەمكارلىقنى يولغا قويماي كەلگەن ئىدى، بولۇپمۇ ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي دېموكراتلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كوممۇنىست خىتايغا قارشى ئورتاق هەرىكەت ئېلىپ بېرىش هەققىدە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» گە كۆپ قېتىم تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇلار ئورتاق پائالىيەت جەريانىدا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى قوللانماسلىق، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن ۋە باش كاتىپى ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى، سۈرگۈندىكى «تىبەت پارلامېنتى

» نىڭ رەئىسى ئېنىسىن نۇربۇئېمچى باشچىلىقىدىكى تىبەت ۋەكىللەرئۆمىگى، «ئىچكى موڭغۇلىستان ئىنسان هەقلىرى بىرلىكى» نىڭ رەئىسى تەمسىلتۇشۇپسۇن باشچىلىقىدىكى ئىچكى موڭغۇلىستان ۋەكىللەرئۆمىگى ۋە چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «خىتاي دېموكراتىك مىللى بىرلىك سېپى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇخەنتاۋ باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللەرئۆمىگى قاتناشتى، ئۇندىن باشقا يەنە يىغىنغا بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، خىتايىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ياۋروپالىق فىراپپىسور، دوكتۇر، ئالىم ۋە خىتاي ئىشلىرى مۇتەخەسسىلىرىدىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق كىشى كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولىسا كېرەك، چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دېموكراتىك خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزتەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقوقىنى ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسىدە پوزىتسىيىسى ئېنىق بولمىغىنى ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دىگەن بۇنامنى تىلغا ئېلىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگىنى ئۈچۈن، 40 نەچچە يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى دېموكراتىك خىتايلاربىلەن هېچقانداق ئالاقە ياكى هەمكارلىقنى يولغا قويماي كەلگەن ئىدى، بولۇپمۇ ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي دېموكراتلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كوممۇنىست خىتايغا قارشى ئورتاق هەرىكەت ئېلىپ بېرىش هەققىدە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» گە كۆپ قېتىم تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ئۇلار ئورتاق پائالىيەت جەريانىدا «شەرقىي تۈركىستان» دىگەن نامنى قوللانماسلىق، ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقماسلىق، مۇستەقىللىقتىن سۆزئېتماسلىق هەققىدە شەرت قويغىنى ئۈچۈن، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ هەرىكەت ئېلىپ بېرىش تەكلىۋىنى ئىزچىل تۈردە رەت قىلىپ كەلگەن ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلاربىلەن ئىش بىرلىكى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى شەرتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقوقىنى ئېتىراپ قىلىش ئىكەنلىكىنى باشتىن - ئاخىرى تەكىتلەپ كەلگەن ئىدى. «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان تۈرلۈك خەلقئارالىق تەشكىلاتلاربىلەن بولغان ئالاقە ۋە هەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ياۋروپادا جانلىق شەكىلدە ئېلىپ بېرىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللايدىغان خەلقئارالىق تەشكىلات ۋە ئاممىۋى گۇرۇپپىلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، چەتئەللەردىكى دېموكراتىك خىتايلارنىڭ پوزىتسىيىسىدە ياخشىلىنىش بارلىققا كەلدى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ بېسىمى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزتەقدىرىنى بەلگىلەش (مىللى مۇستەقىللىق) هوقوقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقلىرىنى ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دىگەن بۇدۆۋلەت نامى بىلەن ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراققا هۆرمەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، مانا مۇشۇنداق بىرئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» بۇ قېتىمقى تۆت تەرەپ بىرلەشمە يىغىنىغا قاتنىشىشقا ماقۇل بولدى.

ئەڭ ئەهمىيەتلىك بولغىنى شۇبولدىكى، بۇقېتىمقى يىغىن جەريانىدا دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرى، مەيلى نۇتۇقلىرىدا ياكى يازما

www.uyghurkitap.com



هۆججەتلىرىدە بولسۇن، باشتىن - ئاخىرى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نامنى قوللاندى، شۇنداقلا، ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىز يىغىن زالىغا قويۇلدى، بۇ، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلە تارىخىمىزدا دېموكراتىك خىتايلارنىڭ تۇنجى قېتىم تەشكىلات سۈپىتىدە دۆلىتىمىزنىڭ نامىنى رەسمىي تىلغا ئېلىش بولۇپ، بۇنەتىجە - «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكىنىڭ، جۈملىدىن بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللار ھارماي - تالماي مۇجادىلە قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بۇقېتىمقى تۆت تەرەپ بىرلەشمە يىغىنىنىڭ ئاساسىي مەقسىدى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزمۇستەملىكىسى ئاستىدىكى خىتاي بولمىغان يەرلىك مىللەتلەرگە سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇم ۋە ئىسكەنجىللىرىنىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە پاش قىلىش، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ۋە ئىچكى موڭغۇلىستانىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىختىسادى، ئىجتىمائىي، دىنىي، پەن - مەدەنىيەت، مائارىپ، ئېكولوگىيە قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ساھەلەردە يولغا قويۇۋاتقان تۈرلۈك بېسىم ۋە زۇلۇم سىياستىنى دەلىل - ئىسپاتلىق ۋە سېستىمىلىق ھالدا دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرىگە ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ئۇختۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يۇقارقى تۆت تەرەپنىڭ بۇندىن كېيىن قايسى ساھەلەردە ۋە قايسى دائىرە ئىچىدە ھەمكارلىقنى يولغا قويالايدىغانلىقىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشتىن ئىبارەت.

تۆت كۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى يىغىن جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان ۋەكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن سۆزگە چىقىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نۆۋەتتە بۇ مىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىق سياستىنى ئەتراپلىق ۋە سېستىمىلىق ھالدا ئاڭلاتتى ھەمدە دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرىدىن، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ يەرلىك مىللەتلەرگە سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇم سىياسەتلىرىنى دېموكراتىيەنى ياقلايدىغان بارلىق خىتاي خەلقىغە لايىقىدا ئاڭلىتىشنى ھەمدە بۇئارقىلىق خىتاي خەلقىنىڭ خىتاي بولمىغان يەرلىك مىللەتلەرگە بولغان ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

يىغىندا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن سۆزقىلىپ، يىغىن ئەھلىگە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرىنىڭ ماھىيىتىنى تەپسىلىي ئاڭلىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: « 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ ئومۇمىي سانى 300 مىڭ بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي نوپوسىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، ھازىربولسا خىتايلارنىڭ نوپۇسى 40 پىرسەندىن كۆپىرەگىنى تەشكىل قىلىدۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىدى، بىزنى ئۆز ۋەتىنىمىزدە ئازسانلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش، ئۇندىن كېيىن، «دېموكراتىك ئۇسولدا سايلام قىلىمىز» دېگەننى باھانە قىلىپ، كۆپ سانىي ئىگىلەيدىغان خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئاۋازى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈ قول ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ».

يىغىندا يەنە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجان دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرىگە قارىتىپ سۆزقىلىپ مۇنداق دېدى: « ھازىرغا قەدەر تارىختا

ئۆتكەن ھەربىر خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئىزچىل تۈردە ئالداپ كەلدى، مەسىلەن كوممۇنىست خىتايمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا ئېلىشتىن بۇرۇن، «بىز ئۇيغۇرلارغا ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ھەققىنى بېرىمىز» دېگەن ئىدى، ئەمما ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرماي، بۇرۇنقى ھاكىمىيەتتىنمۇ كۆپرەك زۇلۇم سالدى، ئەگەر سىلەرمۇ، ئاۋالقى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاش بىر سىياسەت يۈرگۈزىمىز دەيدىغان بىر نىيەتتە بولىدىغان بولساڭلار، بىز ئۇيغۇرلار ئەمدى بۇ ئويۇنغا ھەرگىز كەلمەيمىز، چۈنكى ئۇيغۇرلار تارىختا بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەردىن ساۋاق ئېلىپ، تېخىمۇ ھۇشيارلاشتى، ئەگەر سىلەر سەممىي ھالدا ئىش ئېلىپ بارىمىز دېسەڭلار، بۇنى ئەمىلىيىتىڭلاردا كۆرسىتىشىڭلار كېرەك. ھازىرقى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا 200 مىليون خىتاي كۆچمىنى يۆتكەپ چىقىش پىلانى بار، ئەگەر سىلەر دېموكراتىك خىتايلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىقساڭلار، كۆچمەن يۆتكەش سىياسىتىنى يۈرگۈزمەيدىغانلىقىڭلارغا ۋەدە بېرەلەمسىلەر؟»..

ئەسقەرجان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ياۋروپا ئەللىرىگە خىتابەن مۇنداق دېدى: «ئۆتمۈشتىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر خىتايلارنىڭ غەرىپكە كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرغان ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەتتۇر، ناۋادا كوممۇنىست خىتاي ھازىرقىدىن تېخىمۇ كۈچىيىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىمپېرىيالىستىك ماھىيىتى بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيانى بېسىپ ئېلىپ، تېررىتورىيىسىنى ياۋروپا قىتئەسىگە قەدەر كېڭەيتىدۇ، بۇسەۋەپتىن ياۋروپا ئەللىرىمۇ ھۇشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، خىتاينىڭ بۇخىل ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارنى توسۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخى ۋەزىپىسىنى مەڭگۈ ئادا قىلىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشى كېرەك».

بۇقېتىمقى يىغىن جەريانىدا تۆت تەرەپ ۋەكىللىرى، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى 15 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى خىتاينىڭ ئومۇمىي سىياسى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرىگە قانداق بىر سىياسەتنى يۈرگۈزىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئانالىز قىلدى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە خىتايدىن قېچىپ چىققان سىياسى پانالىق تىلىگۈچىلەرنىڭ ياۋروپادىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى مۇھاكىمە قىلدى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىن جەريانىدا يەنە، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاندا بولۇۋاتقان بېسىم ۋە زۇلۇملار ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇلۇپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇمىللەتلەرگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان ھەرخىل پەرقلىق سىياسەتلىرىنىڭ ماھىيىتى ئىلمى يوسۇندا تەھلىل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستاندا خىتاي ئاساسى قانۇنىدا يەرلىك مىللەتلەرگە بېرىلگەن ھەق - ھوقۇقلارنىڭ ئەمىلىيەتتە قىلچە مەۋجۇت ئەمەسلىكى، خىتاي ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بۇرايونلاردا ھەققىي تۈردە يۈرگۈزۈلمەيۋاتقانلىقى ئەملى پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، دۇنيادىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بۇمىللەتلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى

uyghurkitap.com



قوغداشتا قانداق رول ئوينىشى كېرەك؟ ئامېرىكا، ياۋروپا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، دۇنيادىكى مەشھۇر ئىختىسادى گۇرۇھلار ۋە دۇنيا مەتبۇئاتلىرى خىتايغا قانداق تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك؟ ئۇلارنىڭ رولى ۋە تەسىرىدىن ئېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە يوللىرى قايسى؟ خىتايغا خوشنا ئەللەرگە چۈشىدىغان ۋەزىپىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خىتايغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى نىمىلەردىن ئىبارەت؟ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستانلىقلار چەتئەللەردە خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن قانداق ھەمكارلىقنى يولغا قويىدۇ؟ ھەمكارلىقنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى شەرتلىرى نىملەردىن ئىبارەت؟ ... دىگەنگە ئوخشاش بىرقاتار موھىم مەسىلىلەر ئەتراپلىق ۋە تەپسىلى مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىن جەريانىدا دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرى سۆزقىلىپ، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى..

بۇقېتىمى يىغىندا، تۆت تەرەپنىڭ ماقۇللىقى بىلەن تۆۋەندىكى موھىم قارارلار ئېلىندى:

1. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرىنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

2. خىتاي ئاساسى قانونىدا شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرىگە بېرىلگەن ھەق - ھوقوقلارنىڭ ھەقىقى يوسۇندا تولۇق ئەمەلىلەشتۈرۈلۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

3. كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ بۇمىللەتلەرنىڭ مەدىنىيىتىنى، دىنىنى، تىلىنى يوقۇتۇش ۋە ئۇلارنى كەمسىتىش، خارلاش، يوقۇتۇش قاتارلىق بېسىم سىياسەتلىرىنى توختۇتۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش.

4. خىتاي مىللىتى بىلەن بۇمىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ۋە زىدىيەتلەرنى ديالوگ ۋە تېنچلىق يوللىرى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش.

چەتئەللەردىكى خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتى، خىتاي مىللىتىنىڭ باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىشىنىڭ، خورلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خىتاي مىللىتى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ ھوقوقتا تەڭ باراۋەر بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەشۋىقات جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ.

بۇقېتىمقى يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، تۆت تەرەپ ۋەكىللىرى ھەريىلدا ئىككى قېتىم ئۇچرۇشۇپ، ئۆزئارا مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ تۇرۇشنى ۋە تۆت تەرەپنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىنى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ ساھىپخانلىقىدا 98 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە گېرمانىيىنىڭ ميونخىن شەھرىدە ئېچىشنى قارار قىلدى.

---

( بېشى 67 - بەتتە )

گۈزەل چوڭ ئائىلە. جۇڭگو سىزنى قارشى ئالىدۇ». دېگەنگە ئوخشاش نومۇرلارنى كۆرۈپ ئېخىمۇ مەمنۇن بولۇشتى.

شىنجاڭدا «بۈيۈك جۇڭگو» ئېمىسىدىكى ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ناخشىلارنى ھەر زامان ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

ئېمىچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەد

# « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈنى » دە خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆزخەۋەرىمىز:** 97 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومومى باياننامىسى» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 49 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ گېرمانىيىنىڭ مىيونخېن شەھرىدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ زورلاۋانلىقىغا قارشى كەڭ ـ كۆلەمدە نامايىش ئۆتكۈزدى.

بۇقېتىمقى نامايىشقا، شەرقىي تۈركىستانلىقلار، گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان بىرقىسىم تۈرك قېرىنداشلار ۋە بەزى چەتئەللىك دوستلاردىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا توپلانغان نامايىشچىلىرىمىز، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تاجاۋۇزچىلىقلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن لوزۇنكىلارنى، رەسىملىك تاختىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۈنلۈك شوئارتوۋلاپ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى ۋە نارازىلىقلىرىنى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە جانلىق شەكىلدە ئىزھارقىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەتراپتا تۇرۇپ نامايىشىمىزنى كۆزىتىۋاتقان چەتئەللىك ئاممىغا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرلۈك زۇلۇملىرى بايان قىلىنغان نىمىسچە، ئەنگىلىزچە ۋە تۈركچە تىللاردىكى تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپ بەردى.

نامايىش جەريانىدا «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەسقەر جان دۇنيا جامائەتچىلىكىگە خىتابەن سۆزقىلىپ مۇنداق دىدى: **«بۈگۈن ـ دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈندۈر ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك بىر كۈندە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھالا ئىنسان ھەق ـ ھوقوقلىرىدىن مەھرۇم ھالدا كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا پەرياد چېكىپ تۇرماقتا، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن قانخورلۇق ۋە قىيىن ـ قىستاقنىڭ ئەڭ ئەشەددىسىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزمەكتە ۋە خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى قانلىق باستۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ياۋۇزلۇقلىرىنى ئىشقا سالماقتا. بىز «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» بولۇش سۈپىتىمىزبىلەن، بۈگۈنكى ئەھمىيەتلىك كۈندە دۇنياغا شۇنى جاكالىماقچىمىزكى، ئاسارەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ۋەتىنىمىزشەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىققە چوقۇم ئېرىشىدۇ، چۈنكى زۇلۇم ھەرگىزمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس، غەلىبە ھامان خەلقىمىزگە مەنسۇپ بولىدۇ».**

نامايىش ئاخىرىدا «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقلىرى بايان قىلىنغان بىرپارچە نارازىلىق خېتىنى خىتاي كونسۇللىرىغا سۇندى، ئەمما خىتاي كونسۇللىرى نارازىلىق خېتىنى ئېلىشنى رەت قىلغىنى ئۈچۈن، نارازىلىق خېتى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ پوچتا ساندۇقىغا سېلىندى. بۇقېتىمقى نامايىش نىمىس خەلقىنىڭ، جۈملىدىن گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان بىرقىسىم چەتئەللىك دوستلارنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

# گېرمانىيىدە ئەيسا ئەفەندىم ياد ئېتىلدى

**ئۆزخەۋىرىمىز**: 97 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى، مىيونخېن شەھىرىدىكى مەركىزى خىزمەت بىناسىدا ئاتاقلىق مىللىي كۈرەشچىمىز ئەيسايۈسۈپ ئالپتېكىن ئەفەندىنىڭ ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مەخسۇس خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇقېتىمقى خاتىرىلەش پائالىيىتى جەريانىدا ئالدى بىلەن ئەيسائەفەندىمنىڭ 75 يىللىق شانلىق سىياسى ھاياتى ئەسلەپ ئۆتۈلدى ھەمدە ئەيسائەفەندىمنىڭ ئۆزىنىڭ بىرپۈتۈن ھاياتىنى ۋە بارلىقىنى ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ھەم خەلقىنىڭ ھۆرئازاتلىقىغا بېغىشلىغانلىقىدەك ئالىجاناپ خىسلىتىگە يۇقۇرى باھا بېرىلدى. خاتىرىلەش يىغىنىدا تەشكىلات ئەزالىرى ئارقا - ئارقىدىن پىكىربايان قىلىپ، ئەيسائەفەندىمنىڭ مىللىي كۈرەش روھىغا مەڭگۈۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقلىرىنى ئىزھارقىلىشتى.

# غولجا قىرغىنچىلىقىنىڭ بىرىيىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى كەڭ - كۆلەمدە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆزخەۋىرىمىز**: 98 - يىلى2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەركىزى گېرمانىيىدىكى «ياۋروپاشەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى، قانخورخىتاي باسمىچىلىرىنىڭ غولجىدا ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىقىنىڭ بىرىيىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، گېرمانىيىنىڭ مىيونخېن شەھىرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى قاتتىق نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. بۇقېتىمقى نارازىلىق نامايىشىغا مىيونخېن شەھرىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەۋاتقان چەتئەللىك دوستلاردىن بولۇپ 600گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

شۇكۈنى نامايىشچىلارقوشۇنىمىز ئالدى بىلەن مىيونخېن شەھەرمەركىزىدىكى دۇنياغا مەشھۇر نوفېمبۇرۇگ خان سارىينىڭ ئالدىغا جەم بولدى، ئارقىدىن نامايىشچىلىرىمىز رەتلىك تىزىلىپ، ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى جەۋلان قىلدۇرۇپ، ماشىنا ۋە موتوتسىكىلتلىق گېرمان ساقچىلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىدە تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىرىراقلىقتىكى خىتاي كولسۇلخانىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. كومموُنېست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غولجاخەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ۋەھشى قىرغىنچىلىقىغا غەزەپ - نەپرىتى قايناپ تاشقان نامايىشچىلىرىمىز، خىتايغا قارشى جاراڭلىق شوئارتوۋلاپ، ئەتراپىنى زىل - زىلىگە سېلىپ، مىڭلىغان چەتئەللىك ئاممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە ئالاھىدە جەلىپ قىلدى. نامايىشچىلىرىمىز يول بويى نېمىس خەلقىغە خىتاينىڭ غولجىدىكى ۋەھشى قىرغىنچىلىقى بايان قىلىنغان تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپ بەردى.

نامايىشچىلىرىمىز خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىغا توپلانغاندىن كېيىن، تەشكىلات رەھبەرلىرى نېمىسچە، تۈرۈكچە ۋە ئۇيغۇرچەتىللاردا مەخسۇس بايانات ئېلان قىلىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇندىن بىرىيل

بۇرۇن ئىلى خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ۋەھشى قىرغىنچىلىقىغا قارىتا قاتتىق نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنى خىتاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇخىل قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىگە قارىتا قاتتىق ئىنكاس قايتۇرۇشقا چاقىردى.

نامايىش جەريانىدا نارازىلىق ھەرىكىتىمىزنى قوللاش ئۈچۈن كەلگەن ۋە نامايىش سېپىمىزدىن يەر ئالغان «دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسى تېلمان زۇلوخ ئەپەندى سۆز قىلىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شىرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇم ۋە بېسىم سىياسەتلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ يېقىندىن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك ئىنكاس قايتۇرىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي داۋاسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى ئورنى ۋە تەسىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تېلمان ئەفەندى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، دۇنيا خەتەرئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۆزلىرىنىڭ موھىم خىزمەت كۈنتەرتىۋىگە كىرگۈزگەنلىكىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھۆر- ئازاتلىقى ئۈچۈن تەشكىلات سۈپىتىدە قولىدىن كېلىدىغان بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇقېتىمقى نامايىش باشتىن - ئاخىر ئىنتايىن جانلىق كەيپىياتتا ئۆتتى.

## گېرمانىيىدە سابىت داموللام، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق مەشھۇر ئىنقىلاپچىللىرىمىزنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆزخەۋىرىمىز:** مەركىزى گېرمانىيىنىڭ ميۇنخىن شەھىرىدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى، 1998 - يىلى 15 - ئىيون، 27 - ئاۋغۇست ۋە 17 - دېكابىر كۈنلىرى تەشكىلاتنىڭ يىغىن زالىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، 1933 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ باش مىنىستىرى، مەشھۇر ئىنقىلاپچىمىز سابىت داموللامنىڭ ۋاپاتىنىڭ 64 - يىللىقىنى، ئەينى زاماندىكى ئاتاقلىق مۇجاھىدىمىزۋە تارىخچىمىز مۇھەممەتئىمىن بۇغرائەفەندىنىڭ ۋاپاتىنىڭ 33 - يىللىقىنى ۋە1944 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە رەئىسى، ئۇلۇغ ئىنقىلاپچىمىز ئەخمەتجان قاسىمى ئەفەندىنىڭ ۋاپاتىنىڭ 49 - يىللىقىنى خاتىرىلىدى.

خاتىرىلەش يىغىنلىرىدا، يۇقارقى مىللىي ئۇستازلىرىمىزنىڭ ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن كۆرەش ئىچىدە ئۆتكەن شانلىق سىياسى ھاياتلىرى ئەسلەپ ئۆتۈلدى. خاتىرىلەش پائالىيىتى جەريانىدا «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ ئەزالىرى بەس - بەستە پىكىربايان قىلىشىپ، تارىخى تەجرىبىلەرنى ۋە ئاچچىق ساۋاقلارنى توغرا يەكۈنلەپ، بۈيۈك ئۇستازلىرىمىزنىڭ مىللىي ئىنقىلاپ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ لايىقىدا ئاڭلىتىشقا تىرىشىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

www.uyghurkitap.com



# شۋېتسارىيىدە «شەرقىي تۈركىستان ـ تىبەت ـ ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرى بىرلەشمە يىغىنى» مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆزخەۋىرىمىز:** 98 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە شۋېتسارىيىنىڭ زۈرىخ شەھىرىدە، «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرى ئىتتىپاقى» نىڭ بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىلدى. تىبەت تەرەپنىڭ ساھىپخانلىقىدا چاقىرىلغان بۇقېتىمقى يىغىنغا، شەرقىي تۈركىستان تەرەپتىن، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە پەخرى رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىن، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى، تىبەت تەرەپتىن، «شۋېتسارىيە تىبەت بىرلىكى» نىڭ رەئىسى تەنزىن نوربۇئېمچى، تىبەت ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى جىگمە رىنپۇر، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ شۋېتسارىيىدىكى ۋەكىلى نىگاۋاڭ باشچىلىقىدىكى تىبەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ھەمدە، «ئىچكى موڭغۇلىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسى تەمسىلتۇ باشچىلىقىدىكى ئىچكى موڭغۇلىستان ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە بەزى چەتئەللىك كۈزەتكۈچىلەر قاتناشتى.

بۇقېتىمقى بىرلەشمە يىغىندا نۇختۇلۇق ھالدا، خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ستراتېگىيىللىرى مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىن جەريانىدا تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان ۋەكىللىرى سۆزقىلىپ، چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ تىبەت ۋە موڭغۇلىستانلىقلارغا قارىغاندا تېخمۇزور تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ ۋەتەن ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ خىتايغاقارشى ھەرىكەتلىرىنىڭ ۋە كۈرەشلىرىنىڭ خىتايدىكى باشقا ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭكىگە قارىغاندا روشەن ھالدا كۈچلۈك ۋە جىددى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتى ھەمدە، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە خەلقئارا سىياسى سەھنىلەردە تېخىمۇ موھىم ئورۇنغا ۋە نوپۇزغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىن جەريانىدا ئۈچ تەرەپ ۋەكىللىرى، ئۈچتەرەپ خەلقلىرىنىڭ ھەققانى داۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە قايسى ئۇسۇللاربىلەن تېخىمۇ جانلىق شەكىلدە ئاڭلاتقىلى بولىدۇ؟ ئۆزلىرى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەللەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قانداق ستراتېگىيە بەلگىلەش كېرەك؟ ئۈچ تەرەپنىڭ ھەمكارلىقىنى قانداق قىلغاندا يەنىمۇ كۈچلەندۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىرئالماشتۇردى ۋە بەزى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش پىلانلىرىنى بەلگىلەپ چىقتى.

يىغىن ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى تەركىۋىدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بىرقىسىم ئارتىسلىرى، يىغىن ۋەكىللىرىگە ۋە يەرلىك ئاممىغا ئۇيغۇرخەلقىنىڭ جانلىق ۋە نەپىس ناخشا ـ ئۇسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ بېرىپ، يىغىن ئەھلىنىڭ ئۇيغۇرسەنئىتىگە بولغان ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى.

# ئىككىنچى نۆۋەتلىك تۈت تەرەپ ۋەكىللىرى يىغىنى ميونخېندا چاقىرىلدى

**ئۆزخەۋىرىمىز:** كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، 97 - يىلى 10 - ئايدا گېرمانىيىنىڭ مالبېنتا رايونىدا چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك «شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرى يىغىنى» دا، بۇ تۆت تەرەپنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك يىغىنىنى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ ساھىپخانلىقىدا، 98 - يىلى 4 - ئايدا ميونخېندا ئېچىش قارارلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇقارارغا ئاساسەن، 98 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە تۆت تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك يىغىنى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ ساھىپخانلىق قىلىشى بىلەن ميونخېن شەھرىدە مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلدى.

بۇقېتىمقى يىغىنغا، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىدىن سىرت يەنە، گېرمانىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئۇلى فىشېر، «دۇنيا خەتەرئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى» نىڭ مەسئۇللىرى، «گېرمانىيە تىبەتنى ھىمايەقىلىش تەشكىلاتى» نىڭ رەھبەرلىرى، ياۋروپالىق كۈزەتكۈچىلەر ۋە گېرمانىيە مۇخبىرلىرىدىن بولۇپ كۆپ ساندا نوپوزلۇق كىشىلەرقاتناشتى.

بۇقېتىمقى يىغىندا نۇختۇلۇق ھالدا، كوممۇنىست خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغولىستان خەلقلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان زۇلۇم ۋە بېسىملىرى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىندى.

1997 - يىلى ئىيولدا خىتايغا بېرىپ خىتايدىكى تۈرمىلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان گېرمانىيە پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئۇلى فىشېرئەپەندى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغولىستان خەلقلىرى ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان كىشىلىك ھوقوق تاجاۋۇزچىلىقلىرىنى تەنقىتلەپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: « **خىتاينىڭ تۈرمىلىرىگە ئوخشايدىغان تۈرمىنى دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە كۆرمىدىم، تۈرمىلەردىكى مەھبۇسلاربىزبىلەن سۆھبەتلىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كۆزىمىزگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى ۋە كۆزلىرىنى يەردىن ئالالمىدى، دېمەك، ئۇلارھەتتا بىزبار شارائىتتىمۇ يەنە بىرخىل يوشۇرۇن بېسىم ئىچىدە ئىدى** ».

ئۇلى فىشېرئەپەندى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغولىستان خەلقلىرىنىڭ تاشقى دۇنيادا تېخىمۇ زىچ ھەمكارلىششى كېرەكلىكىنى ۋە خەلقئارا يىغىنلاردا ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى لازىملىقىنى بىلدۈردى.

يىغىندا «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە پەخرى رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىن سۆزقىلىپ مۇنداق دېدى: « **ھازىر شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھايات - ماماتلىق كۈرەشى ئېلىپ بارماقتا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىردىن - بىر تەلىۋى - شەرتسىز مۇستەقىللىقتىن ئىبارەتتۇر، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ غايىسىغا يەتكەنگە قەدەر مىللىي كۈرەشلىرىنى قەتئى داۋاملاشتۇرىدۇ. شەخسەن**

www.uyghurkitap.com



**مەن ئارتۇق قان تۆكۈلمەي تىنچلىق ئۇسۇللىرى بىلەن بۇغايىمىزگە يېتىشنى ئۈمىت قىلىمەن، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ قانلىق ياكى تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىنىشى ـ تامامەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پوزىتسىيىسىگە باغلىق، مەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى خەلقئارا قانۇنلارغا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىت قىلىمەن، خىتاي ھۆكۈمىتى قىرغىنچىلىق سىياستى ئارقىلىق خەلقىمىزنى قانلىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا قىستىماسلىقى كېرەك».**

يىغىندا، «شۋېتسارىيە تىبەت بىرلىكى» نىڭ رەئىسى تەنزىن ئەپەندى سۆزقىلىپ، ھازىر تاشقى دۇنيادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تىبەتلىكلەرنىڭ دالاي لامانىڭ بېكىتكەن تاشقى سىياستى بويىچە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ھەقىقى بىرئاپتونومىينى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى ھەمدە: **«خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ بۇتەلىۋىمىزنى رەت قىلىپ كەلدى، چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ھەقىقى ئاپتونومىينى قولىمىزغا ئالغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا مىللىي مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىمىزدىن ئەنسىرىمەكتە»** دىدى.

چەتئەلدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان «خىتاي دېموكراتىك مىللىي بىرلىك سېپى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئەيلىڭ يىغىندا سۆزقىلىپ، ئۆزىنىڭ بىردېموكرات بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتايدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتى ئىچىدە بۇپىكرىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەمما بۇنىڭ ئاددى مەسىلە ئەمەسلىكىنى، چەتئەللەردىكى بەزى خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ دېموكراتىينى پەقەت خىتاي خەلقى ئۈچۈنلا چۈشىنىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزئارا دىيالوگ قۇرۇپ پىكىرلىشىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىريولىنى تېپىپ چىقىش كېرەكلىكىنى بايان قىلدى.

يىغىن جەريانىدا يەنە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان سۆزقىلىپ، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلىۋاتقان ۋەھشى سىياسەتنىڭ دۇنيانىڭ ھېچبىرىېرىدە كۆرۈلۈپ باقمىغانلىقىنى، دۇنيا مەدىنىيىتىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇيغۇرمىللىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن زوربەدەل تۆلەپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەپسۇسكى پۈتۈن ھۆردۇنيانىڭ بۇ پاجىئەلەرنى پەقەت كۆزىتىپ تۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەسقەرجان سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، كوممۇنىست خىتاينىڭ پەقەت شەرقىي تۈركىستاننىلائەمەس، كەلگۈسىدە بەلكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى يۇتىۋېلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، غەرىپ ئەللىرىنى بۇھەقتە ئاگاھلاندۇردى.

ئۈچ كۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى يىغىندا، 1999 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گىرمانىيىنىڭ پايتەختى بون شەھرىدە، تۆت تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن گىرمانىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى ئۆزئارا ئۇچرۇشۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈش قارارقىلىندى.

# شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى «گېرمانىيە ئىنسان ھەقلىرى بىرلىكى» يىغىنىدا...

**ئۆزخەۋىرىمىز:** 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، «دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومومى باياننامىسى» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 ـ يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، گېرمانىيىدىكى 50 خەلقئاراتەشكىلاتتىن ئۇيۇشقان «گېرمانىيە ئىنسان ھەقلىرى بىرلىكى» نىڭ تەشكىللىشى بىلەن گېرمانىيىنىڭ پايتەختى بوندا چاقىرىلغان چوڭ خەلقئارالىق يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە پەخرى رەئىسى ئەركىن ئالپتېكىن ۋە بىرلىك رەئىسى ئەسقەرجانلار، يىغىن جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى مۇزاكىرىگە قويدى.

بۇقېتىمقى يىغىنغا، بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتى كىشىلىك ھوقوق كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى فىراپېسور تېيوفان بوۋېن، گېرمانىيىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتىدا دائىمى تۇرۇشلۇق كىشىلىك ھوقوق كومىتېتىنىڭ رەئىسى گېرھات باۋم، گېرمانىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقوق كومىتېتىنىڭ رەئىسى دوكتور كىرىستىيان شۋارز شىلىڭ، گېرمانىيە تاشقى ئىقتىسادى ـ ھەمكارلىق مىنىستىرى كارىل دىتېۋ شپرانگىر... قاتارلىق موھىم سىياسى ئەربابلار، گېرمانىيە ۋە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ۋە ئالىم ـ فىراپېسورلاردىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىن جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىدىن ئەركىن ئالپتېكىن ۋە ئەسقەرجانلار ئارقا ـ ئارقىدىن سۆز ئېلىپ، يىغىن ئەھلىگە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

ئەركىن ئالپتېكىن ئۆز سۆزىدە، بەزى غەرب ئەللىرىگە خىتابەن مۇنداق دېدى: **«بەزى ياۋروپا ئەللىرى، خىتاي بىلەن بولغان سودا ئالاقىمىزغا تەسىرى يېتىپ قالمىسۇن، دەپ قاراپ، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يەرلىك مىللەتلەرگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى كۆرمەسلىككە سېلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە بۇ ئىككىيۈزلىمىلىك سىياسەت ئېلىپ بارغانلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇچاغدا، غەرب ئەللىرى ھەرزامان تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالامدۇ؟ بەزى غەرب ئەللىرىنىڭ بۇخىل سىياستى بىزئۇيغۇرلارنى رەنجىتىپ قويىدۇ».**

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەسقەرجانمۇ ئۆزسۆزىدە بەزى غەرب ئەللىرىگە خىتابەن مۇنداق دېدى: **«بەزى دۆۋلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىختسادى جەھەتتىكى مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئېغىرھالدا دەپسەندە قىلىنىشىغا كۆزيۇمۇۋاتىدۇ، سىلەرچە بۇتوغرىمۇ؟ مەسىلەن، ھازىر ياۋروپا بازارلىرىدا ئۇيغۇرلارتوقىغان گىلەمنىڭ تانىسى 9 ـ 10 مىڭ ماركىتىن سېتىلىۋاتىدۇ، ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلارنى ئىشلىتىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇلارغا ئايدا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 30 ـ 40 مارك ئىش ھەققى بېرىدۇ، ئىنسان ھەقلىرىنى ئېغىرھالدا سۇمۇرگەن مۇشۇنداق بىردۆلەت بىلەن سودا ـ**

www.uyghurkitap.com

**ئالاقە قىلىشقىلار توغرا بولارمۇ؟ »**.

شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنىڭ يۇقارقى سۆزلىرى، يىغىن ئەھلىنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىدى. يىغىن جەريانىدا بەزى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى سۆزقىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبېرىۋاتقان سىياسى ۋەقەلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

## شەرقىي تۈركىستان ھەيئىتى «ياۋروپا مىللىي كۆرۈش تەشكىلاتى» نىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى

**ئۆزخەۋرىمىز**: 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» تەشۋىقات بۆلۈمى مۇئاۋىن رەئىسى ئۆمەرجان شاھيارى قاتارلىق بىرھەيئەت گېرمانىيىنىڭ كۆللۈن شەھرىگە بېرىپ، ياۋروپادىكى تۈركلەردىن ئۇلۇشقان تەخمىنەن 30 مىڭ كىشلىك ئەزاسى بولغان «ياۋروپا مىللىي كۆرۈش تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسى ئەلى يۈكسەل ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومومى ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردى.

بۇقېتىمقى كۆرۈشۈشدە ئەلى يۈكسەل ئەپەندى سۆزقىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنتايىن زالىم بىرمۇستەملىكىچى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، زۇلۇمنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى، جانابى ئاللاھنىڭ ھەرزامان مەزلۇملارنىڭ يېنىدىن يەرئالىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بىرئىسلامى تەشكىلات بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققانى داۋاسىنى پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.

كۆرۈشۈش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ھەيئىتى ئەلى يۈكسەل ئەپەندىگە ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنى ۋە ئۇيغۇرچە قۇرئانى كېرىمنى ھەدىيە قىلدى.

كۆرۈشمە ئاخىرىدا ئەلى يۈكسەل ئەپەندى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» مەسئۇللىرى بىلەن «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى» مەسئۇللىرىنى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى گوللاندىيىنىڭ ئامېستېردام شەھرىدە ئۆتكۈزىلىدىغان «ياۋروپا مىللىي كۆرۈش تەشكىلاتى» نىڭ ئومومى قۇرۇلتىيىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى.

يۇقارقى تەكلىپكە ئاساسەن، 98 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان بىلەن «دۇنيا ئۇيغۇرياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ رەئىسى ئۆمەرقانات باشچىلىقىدىكى بىرشەرقىي تۈركىستان ھەيئىتى گوللاندىيىنىڭ ئامېستېردام شەھرىگە بېرىپ، «ياۋروپا مىللىي كۆرۈش تەشكىلاتى» نىڭ ئومومى يىغىنىغا قاتناشتى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئىسلام ئۆلكىللىرى ۋە موسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان بۇقېتىمقى 60 مىڭ كىشىلىك چوڭ قۇرۇلتايدا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئىسلام دۇنياسىغا ئاڭلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

# گىرمانىيىدىكى ئۇيغۇرلار دىنىي مەۋجۇتلۇقىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قوغداپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا

**ئۆزخەۋىرىمىز :** ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان گىرمانىيىدە ئىستىقامەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز، يىللاردىن بۇيان ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە لايىقىدا ئاڭلىتىش بىلەن بىرگە، ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامى كىملىكىنى ۋە موسۇلمانلىق خىسلىتىنى ياخشى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، مەركىزى گىرمانىيىدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى خېلى مۇكەممەل بىر دىنىي قوشۇنغا ئىگە بولۇپ، تەشكىلات ئەزالىرى ئىچىدە ئىسلام ئۆلكىللىرىدىكى داڭلىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە خېلى مۇكەممەل تەربىيە كۆرگەن ھەم شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەشھۇر دىنىي ئۆلىمالىرىمىزئاچقان قۇرئان كۇرۇسلىرى ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئۇزۇن يىللاردىنىي تەلىم ئېلىپ يېتىشكەن كۆپ ساندا ياش، ئىختىدارلىق دىنىي زاتلىرىمىزبار، مانا بۇقوشۇن، ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرقېرىنداشلىرىمىزنىڭ دىنىي مەۋجۇتلۇقىنى قوغداپ قېلىشتا پەۋقۇلئاددە موھىم رول ئويناپ كەلمەكتە.

بولۇپمۇ يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى مەخسۇس دىنىي پائالىيەت پۇروگرامىمىسى ھازىرلاپ چىقىپ، مۇبارەك رامازان، ھېيت - بايرام، مەۋلۇت كېچىسى، غارايىپ كېچىسى، مىراج كېچىسى، بارات كېچىسى، قەدىر كېچىسى... قاتارلىق مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزدىكى ئەھمىيەتلىك كۈنلەرنى تەشكىلات زالىدا بارلىق ئەزالارنىڭ ئىشتىراكىدا بىرتۇتاش ئۆتكۈزدى.

مەسىلەن، 98 - يىللىق مۇبارەك رامازان ئېيى تەشكىلاتنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن تەشكىلات زالىدا 30 كۈن ئۇدا كوللىكتىپ ئىپتار بىلەن ئۆتكۈزۈلدى، ھەر كۈنى بىرقېرىندىشىمىز تەشكىلات زالىدا مېيونخىندىكى بارلىق ئۇيغۇرقېرىنداشلىرىمىزغا ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى يېقىندىن قوللاۋاتقان بەزى تۈرك قېرىنداشلىرىمىزغا نىۋەت بىلەن ئىپتار بەردى. ھەر كۈنلۈك ئىپتار جەريانىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى شېھىتلىرىمىزئۈچۈن مەۋلۇت ۋە خەتنە - قۇرئان ئوقۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان ۋە تۈرلۈك خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە ئىلمىي سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلدى. ئۇندىن باشقا يەنە تەشكىلات رەھبەرلىكى ئەزالىرىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، تەشكىلاتنىڭ مېيونخىندىكى خىزمەت بىناسىدا بىر كىچىك مەسچىت تەسىس قىلدى، بۇنىڭ بىلەن، ھېيت - بايرام، جۈمە ۋە ئادەتتىكى كۈنلەردە تەشكىلات ئەزالىرە ئۆزلىرىنىڭ مەسچىتتە كوللىكتىپ نامازئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. ھەرقېتىملىق جۈمەدە ياش دىنىي زاتلىرىمىز تەشكىلات ئەزالىرىغا دىنىي ساۋات ۋە مەلۇمات بەردى.

يېقىندا بارلىق تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن تەشكىلات بىناسىدا مەخسۇس قۇرئان كۇرسى ئېچىلىپ، گىرمانىيىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە قۇرئان ۋە دىن دەرسى بېرىلىشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com



## شەرقىي تۈركىستان ھەيئىتى شۋېتسارىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «تىبەت كۈنى» پائالىيىتىگە قاتناشتى

**ئۆزخەۋىرىمىز:** 98 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھەيئىتى شۋېتسارىيىنىڭ زۈرىخ شەھىرىگە بېرىپ، «شۋېتسارىيە تىبەتلىكلەر بىرلىكى» تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «تىبەتلىكلەر كۈنى» پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇقېتىمقى پائالىيەتكە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان تىبەتنى ھىمايەقىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ بىرقىسىم يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە شۋېتسارىيىلىك يەرلىك خەلقتىن بولۇپ 6 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. زۈرىخ شەھىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى پائالىيەتتە، ئاساسەن تىبەت خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي سەنئەتلىرى باغچىغا يەرلەشتۈرۈلگەن ۋاقىتلىق چېدىرلاردا مەخسۇس قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كۆرگەزمە شەكلىدە يەرلىك خەلققە تونۇشتۇرۇلدى. بۇقېتىمقى پائالىيەتكە ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتناشقان شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى، تىبەتلىكلەرتەرىپىدىن ئۆزلىرىگە ئاجرىتىلغان مەخسۇس بۆلمىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىيچە كىيىم - كېچەك نۇسخىللىرىنى، مىللىي سازلىرىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى تونۇشتۇرۇلغان ئەنگلىزۋە نېمىس تىللىرىدىكى كىتاپ - ژورنال ھەم تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى قويۇپ، بىر كۈن داۋام قىلغان پۈتۈن پائالىيەت جەريانىدا شۋېتسارىيە خەلقىغە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەلۇمات بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چەتئەللىك ئامىمىنىڭ ۋە مۇخبىرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا ئەستايىدىل جاۋاپ بەردى. شەرقىي تۈركىستان ھەيئىتى بۇقېتىمقى ھەركىتى ئارقىلىق، كۆپلىگەن چەتئەللىك ئاممىنى ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشۈنۈش ۋە تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 49 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى كەڭ - كۆلەمدە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆزخەۋىرىمىز:** 1998 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مەركىزى گېرمانىيىدىكى ياۋروپاشەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 49 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، خىتاينىڭ گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا كەڭ كۆلەمدە نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

ميۇنخېن ساقچى ئىدارىسىنىڭ قانۇنى ئەستقى بىلەن، نامايىشتىن بۇرۇن ميۇنخېن شەھرىدىكى

دۇنياغا مەشھۇر نۇفېمبۇرگ خان سارىيىنىڭ ئالدىغا توپلانغان نامايىشچىلىرىمىز، رەتلىك سەپ تۈزۈپ، ئەتراپنى زىل - زىلىگە سالغان ھالدا جاراڭلىق شوئارتوۋلاپ، بىر - ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، گېرمانىيە ساقچىلىرى خىتاي كونسۇلخانىسىنى چەمبەرئاستىغا ئېلىپ، نامايىشچىلىرىمىزنى كونسۇلخانىنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشتۇرمىدى، شۇنداقتىمۇيەنە بەزى نامايىشچىلىرىمىزتەرىپىدىن خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ تام ۋە دەرىزىلىرىگە خام تۇخۇم ئېتىلدى. نامايىشچىلىرىمىزنىڭ ھەيۋىسىدىن قورۇققان خىتاي كونسۇللىرى ئىشىك - دەرىزىلىرىنى چىڭ تاقاپ، سىرتقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پۈتۈن نامايىش جەريانىدا ۋەتەنداشلىرىمىز نېمىسچە، خىتايچە، تۈرۈكچە ۋە ئۇيغۇرچە تىللاردا قىلچە توختىماي ھەيۋەتلىك شوئارتوۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە بولغان چەكسىزغەزەپ - نەپرىتىنى ئىزھارقىلىشتى.

نامايىش ئاخىرىدا «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» مەسئۇللىرى خىتايغا قارشى نارازىلىق خەتلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

## خىتايدا دېموكراتىك كۈچلەر «خىتاي دېموكراتىك پارتىيىسى» نى قۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتتى

ياۋروپادا چىقىۋاتقان «خىتاي سودا گېزىتى» نىڭ 98 - يىلى 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانىغا بېرىلگەن خەۋەرىگە ئاساسلانغاندا، 98 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر خىتايدىكى دېموكراتىك كۈچلەرتەشكىللىك ھالدا خىتاينىڭ جېجياڭ، شەندۇڭ، خۇبېي، لىيۇنىڭ، جىلىن، خېيلوڭجياڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەرگە ۋە شاڭخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە، «خىتاي دېموكراتىك پارتىيىسى» نى قۇرۇش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنغان. يەرلىك ھۆكۈمەتلەر دېموكراتىك خىتايلارنىڭ بۇئىلتىماسىنى تەستىقلاش ۋە تەستىقلىماسلىق ھەققىدە ئېنىق جاۋاپ بەرمىگەن ھەمدە ئالدى بىلەن ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ تۆۋەندىكى تۆت شەرتنى ھازىرلاشنى تەلەپ قىلغان، بۇ تۆت شەرت:

**1. 50 مىڭ يۈەنلىك خەلق پۇلىنى ئەنگە ئالدۇرۇش،**

**2. «خىتاي دېموكراتىك پارتىيىسى» نىڭ ئىش بېجىرىش ۋە پائالىيەت سورۇنى ھەققىدە ئىزاھات بېرىش،**

**3. پارتىينىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە باش كاتىۋى قاتارلىق ئاساسلىق خادىملارنىڭ تەرجىمەھالىنى مەلۇم قىلىش،**

**4. «خىتاي دېموكراتىك پارتىيىسى» نىڭ 50 نەپەرقۇرغۇچى ئەزاسىنىڭ تىزىملىكىنى مەلۇم قىلىش،**

خىتايدىكى دېموكراتىك زاتلارنىڭ بەس - بەستە دېموكراتىك پارتىيە قۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشى، 50 يىلدىن بۇيان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن باشقا ھەرقانداق پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىشنى قاتتىق چەكلەپ كەلگەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلىمىدا

uyghurkitap.com



ئېغىر ئىختىلاپ ۋە تالاش - تارتىش پەيدا قىلغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەئىسى جياڭ زېمىن بۇ مەسىلىنى سوغاققانلىق بىلەن ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنى، پارتىيە قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغۇچى دېموكراتىك زاتلارنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش باستۇرماسلىق، تۇتقۇن قىلماسلىق ۋە بۇئارقىلىق مەسىلىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىغا پەرۋاسىز قاراپ، تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى چىرايلىق شەكىلدە يوققا چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلغان. كوممۇنىست پارتىيە رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى يەنە بىر گۇرۇپ بولسا، بۇمەسىلىگە جىددىي قاراپ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە پارتىيە قۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلارنى دەرھال قوراللىق باستۇرۇپ، ھەممىسىنى تۇتۇپ تۈرمىلەرگە تاشلاپ، مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىش كېرەك، دەپ قارىماقتا. ئەمما كوممۇنىست خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جاڭ زېمىنىنىڭ تەكلىۋىنى مۇۋاپىق كۆرگەن ھەمدە، «ئەگەر دېموكراتلارنى باستۇرساق خەلقئارانىڭ بېسىمىغا ۋە تەنقىدىگە ئۇچرايمىز، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى، شەرت - شارائىتى يېتەرلىك ئەمەس، ھازىرتېخى پارتىيەقۇرۇش ھەققىدە مەخسۇس قانۇن يوق، دېگەندەك سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ تەستىقلىماسلىق كېرەك، ئەگەرئۇلار بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە ئۇچاغدا جازالاش كېرەك» دەپ قارىماقتا.

«خىتاي سودا گېزىتى» نىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيىتى، دېموكراتىك خىتايلارنىڭ كەڭ ئىشچىلار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىدىن ۋە بۇئارقىلىق كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئومومى يۈزلۈك بىر نارازىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى قىسقارتىش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن. جاڭ زېمىنىنىڭ مەسىلىنى سوغاققانلىق بىلەن ھەل قىلىش پىكرىگە كېلىشىدە، ئامېرىكىدا بىلىم ئېلىپ ھازىر جاڭ زېمىنىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان بىرتۈركۈم دېموكراتىك ئېقىمدىكى ياشلارنىڭ رولى چوڭ بولغان، بۇ ياش زىيالىلار جاڭ زېمىنگە، دۇنيادا دېموكراتىيىنىڭ بىرئومومى ئېقىمغا ئايلانغانلىقىنى، دېموكراتىك پارتىيىلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ مەيلى ھازىربولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن ھامان بىركۈنى ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى، شۇڭا مەسىلىلەرنى بۇرۇنقى قاتتىق ئۇسۇللاربىلەن ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان.

گەرچە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىدە دېموكراتىك خىتايلارغا نىسبەتەن بىرئاز يۇمشاما بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق رايونلاردا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە تېخىمۇ قاتتىق زوراۋانلىق سىياستى يۈرگۈزۈلمەكتە.



# ئىلى قوزغىلىڭىنىڭ بىر يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

مۇستافا نىجاتى ئۆزفاتۇرا (تۈركىيە)

شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى بۇندىن بىر يىل بۇرۇن، يەنى 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە چوڭ بىر قوزغىلاڭ قىلدى. بۇ، قوزغىلاڭ شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىنىڭ داۋامى ئىدى. خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرى ى سەۋەبچى بولغان بۇ قوزغىلاڭنى، بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە يەنە قانلىق بىر شەكىلدە باستۇردى.

ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە تاشقى دۇنيادىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي قوراللىق كۈچلىرى قوزغىلاڭ جەريانىدا 400 نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىقنى نەق مەيداندا شېھىت قىلغان، ئىنتايىن كۆپ كىشى يارىدار بولغان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە 2000 كىشى قولغا ئېلىنغان. ئۆلگەن 400 كىشىنىڭ 146 سى ھاۋانىڭ ئىنتايىن سوغۇق بولۇشى بىلەن بىرۋاقتتا خىتايلار تەرىپىدىن ئۈستىگە چېچىلغان كېسلاتالىق سۇ سەۋەبىدىن ئۈششۈپ ئۆلگەن. 90 نەپىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، 160 نەپىرى خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى، ئىلى ۋىلايىتى ۋە ئەتراپىدىكى پۈتۈن دوختۇرلارغا بىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قوزغىلاڭ جەريانىدا يارىدار بولغانلارنى داۋالاشنى مەنئى قىلىپ، ئۇلارنى داۋالىغانلارنى ئېغىر جازاغا تارتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ داۋالانماستىن ئۆلۈشىگە ۋە مېيىپ بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، 1997 - يىلى 12 - مارتتا قولغا ئېلىنغان دادىسىنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ، ئىلى ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كەتكىلى ئۇنىماي تۇرىۋالغان 8 ياشلىق فاتىمە ئىسىملىك بىر قىز بىلەن ئېرىنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغان گۈلزىرە ئىسىملىك بىر ئىككى قات ئايال خىتاي قوراللىق قىسىملىرى تەرىپىدىن نەق مەيداندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئىلى قوزغىلىڭىنى قانلىق بىر شەكىلدە باستۇرغاندىن كېيىن، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارشى ئېلىپ بارغان خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، قىيناش ۋە ئۆلۈم جازالىرىنى شىددەتلىك ھالدا داۋام قىلغان. 1997 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 1998 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولغان قىسقىغىنە بىر يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا يۈزمىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق قولغا ئېلىنىپ، ئېغىر قىيىن - قىستاققلارغا ئۇچرىغان. خەلقئارادا تونۇلغان س. ن. ن. (C . N . N) تېلېۋىزىيىسىنىڭ 1998 - يىلى 9 - يانۋاردىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىق خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئېتىپ تاشلانغان. خىتاي ھۆكۈمىتى ئاخىرقى 3 يىل ئىچىدە قولغا ئالغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ سانى بەش يۈززىمىڭ كىشىدىن ئاشقان. مۇشۇ كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدىن ئەڭ ئاز 1 دىن 3 كىچە ئائىلە ئەزاسى خىتايلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. خىتايلار مەۋجۇت تۈرمىلەرگە سىغدۇرالمىغان مەھبۇسلار ئۈچۈن يېڭى تۈرمىلەرنى ياساتقان. ھەتتا كونا زاۋۇتلارنى ۋە «قانۇنسىز» ياسالغان مەسچىتلەرنىمۇ تۈرمىگە ئۆزگەرتىپ، بۇ مەھبۇسلارنى سولىغان، مەھبۇسلارنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى قىزىتىلغان تۆمۈرنىڭ ئۈستىدە مېڭىشقا مەجبۇر قىلغان. بەدىنىگە قىززىق ياغ تۆككەن ۋە تېرىسىنى شىلىپ قىينىغان. «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى» (Amnesty International) نىڭ ئىسپاتىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلارنىڭ ھۆكۈم قىلىۋاتقان ئۆلۈم جازالىرىنىڭ كۆپى ناھەق ھۆكۈم (Extra judical exocution) قىلىنغان ئۆلۈم جازالىرىدۇر.

5 مىڭ يىللىق تارىخ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن ماختىنىۋاتقان خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارشى ئېلىپ بارغان بۇ زالىملىقى، سىياسىي بېسىمى، تەبئەتكە قىلغان بۇزغۇنچىلىقى ۋە ئىرقىي كەمسىتىش سىياسىتى، شەرقىي تۈركىستاننى پارتىلاش ئالدىدا تۇرغان بىر بومبىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

ھۆرمەتلىك ئەركىن ئالىپتېكىن ۋە باشقا شاھىتلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتايلارنىڭ زۇلۇم ۋە قىيناشلىرىغا چىدىماي، شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا تەشكىللىنىپ قوراللىنىشقا باشلىغان. خىتاي زالىملىرىغا قارشى ئۆزىنى قوغداش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن توزاق قۇرۇش، بومبىلاش ۋە تۇيۇقسىز زەربە بېرىشقا ئوخشاش ۋەقەلەر شەرقىي تۈركىستاندا كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. خىتاي بايرىقى كۆيدۈرۈلۈپ، ئورنىغا شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ئېسىلماقتا. دۆلەت، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان كۆپ ساندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق، خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىگە ئۇچۇق ئاشكارە قارشى چىقىپ، خىتايلاردىن، دېموكراتىيە، ھەقىقىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشقا باشلىغان. خەلق ئومۇمىي يۈزلۈك بىر قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىپ، ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە دورا توپلىماقتا. بۇ ئەھۋالغا قارىتا شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتاي كەلگۈندىلىرى ناھايىتى ئالاقزادە بولۇشقا باشلىغان. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي كەلگۈندىلىرى بېيجىڭدىكى مەركىزى ھۆكۈمەتكە يازغان بىر خېتىدە: «شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىياسەتنىڭ خىتايلارغا بولغان ئۆچمەنلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى، ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى رازى قىلىدىغان بىر سىياسەتنى يولغا قويمىسا، شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدا قانلىق بىر ئۇرۇشنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن»

# نېمىس ئادۋوكات گۆرىك ئالبېرت ئەفەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ھېس قىلغانلىرى:
# «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش ــ دۇنيا مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش دېمەكتۇر»

**تەھرىرئىلاۋىسى:** قەدىرلىك ۋەتەنداشلار، گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ياشاۋاتقان نېمىس ئادۋوكات گۆرىك ئەفەندى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا بولغان سەممىي ھېسداشلىقى، خالىس ياردىمى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەققانىي مىللىي كۈرىشىگە بولغان بىداكارلىقى بىلەن، ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئالاھىدە ھۆرمىتىگە ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن بىر كىشى. يېقىندا ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىرلىرىدىن پەرھات يورۇڭقاش، ئىليار ئۆمەر ۋە تۇرسۇن مۇھەممەتلەر گۆرىك ئەفەندىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە تەپسىلىي سۆھبەتلەشكەن ئىدى، تۆۋەندە بىز بۇ سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ ئەينەن تەپسىلاتىنى دىققىتىڭلارغا سۇنماقچىمىز):

**سوئال : گۆرىك ئەفەندى، سىز قىسقىغىنا بىرقانچە يىل ئىچىدە گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ يېقىن دوستىغا ئايلىنىپ قالدىڭىز ۋە ھەتتا ھازىر ئۆزىڭىزنى «مەن يېرىم ئۇيغۇر» دەپ تەكىتلەپ كېلىۋاتىسىز، بىز سىزدىن شۇنى سورىماقچىمىز، سىزدە ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن قىزىقىش تۇيغۇسى قاچان ۋە قانداق شەكىللەندى؟**

**جاۋاپ:** «سەممىيەت بىلەن ئېيتسام، مەن ئۇيغۇرلار بىلەن تېخى 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم، ئەپسۇسكى ئۇندىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنى ھېچ ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم، 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھازىرقى «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ رەئىسى ئۆمەر قانات ئەپەندى گېرمانىيىدە سىياسىي پاناھلىق تەلىۋى رەت قىلىنغان بىر ئۇيغۇر ياشنى ئادۋوكاتلىق ئىشخانامغا باشلاپ كىردى ھەمدە مېنى بۇ ياشنىڭ ئادۋوكاتلىقىغا تەكلىپ قىلدى، بۇ مېنىڭ ئۇيغۇرلارنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى، شۇ كۈنگىچە قەدەر مەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نەدە ياشايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم، بۇنداق بىر شارائىتتا ماڭا پۈتۈنلەي ناتونۇش بىر مىللەتتىن بولغان كىشىگە ئادۋوكاتلىق قىلىش مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن بىر ئىش ئىدى، ئەمما كۆڭلۈمدە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلدى، شۇڭا ھېچ ئىككىلەنمەيلا بۇ ياشنىڭ ئادۋوكاتلىقىنى قوبۇل قىلدىم. مەن ھېلىقى ئۇيغۇر ياش بىلەن سۆزلىشىش ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى سوت خاتىرىسىنى ئوقۇپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم، ئارقىدىن مەن تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ماتېرىيال توپلۇدۇم، قىرائەتخانىلارغا بېرىپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم ۋە بۇ جەرياندا مەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە يەرلەشكەن قەدىمىي تارىخقا ئىگە بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئارقىلىق دۇنيا مەدەنىيىتىگە شانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى بىلىپ يەتتىم، تارىخى كىتاپلارغا باققىنىمىزدا، بىزياۋروپالىقلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان بىلەن بولغان سودا ۋە مەدەنىيەت ئالاقىمىز، ئامېرىكا ۋە باشقا قىتئەلەر بىلەن بولغان ئالاقە تارىخىمىزدىن مۇئۇزۇن ئىكەن، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللارغا توغرا كېلىدىكەن. مانا مۇشۇنداق ئۇزاق تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە بىرمىللەت خىتاينىڭ مۇستەملىكە سىياستى ئاستىدا يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋېتىپتۇ، مەن بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ھېسداشلىقىم قوزغالدى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە باشلىدىم، شۇنداقلا كېيىن سىياسى پانالىق تەلەپ قىلىپ بىرقانچىلىغان ئۇيغۇرنىڭ ئادۋۇكاتلىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىپ، گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ئالاقەمنى كۈچەيتتىم ۋە ئۇلار بىلەن كەڭ دائىرىدە سۆھبەتلىشىش، سىردىشىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ پىكىرلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋە خارەكتېرىنى تەپسىلى ئۆگۈنۈشكە تىرىشتىم».

**سوئال: گۆرىك ئەفەندى، سىز ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن قانداق بىر تۇيغۇغا ياكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدىڭىز؟**

**جاۋاپ:** «مەن گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ئىدىم، بۇندىن بىر يىل بۇرۇن ئۆمەرقانات ئەفەندى بىلەن بىرگە تۈركىيە ۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئۇيەرلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن كەڭ دائىرىدە تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. شۇخۇلاسىگە كەلدىمكى، ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادا ئەڭ يېقىملىق، ئەڭ خۇشخۇي ۋە ئەڭ مېھماندوس بىرمىللەت ئىكەن، مىللى سەنئىتى ئىنتايىن كىلاسسىك ۋە پەۋقۇلئاددە ئۆزگىچە ئىكەن، دۇنيانىڭ قەيېرىدە ناخشا ـ ئۇسسول ۋە ساز ـ مۇزىكا بولسا، شۇيەردە ھوزۇرۇۋە خوشاللىق بولىدۇ، يامان خۇيلۇق، ناچار خىسلەتلىك ئىنسانلار ناخشا ئېيتىشنى بىلمەيدۇ، بۇ، بىرمىللەتنىڭ خاردىكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. يەنە شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ناھايىتى غورورلۇق بىرمىللەت ئىكەن، ئۇيغۇرلارئەنە شۇنداق غۇرورلۇق، خۇشخۇي، خۇشچاقچاق، سەممى، مېھماندوس بىرمىللەت بولغىنى ئۈچۈن، تارىختا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەربىلەن بىرگە باراۋەرياشىيالىغان ۋە ھازىرغىچە شۇنداق ياشاپ كەلمەكتە. بىرمىللەتنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ـ قىلالماسلىقى، شۇمىللەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە غورورىنى قوغداپ قېلىش ـ قالالماسلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى يىپەك يولىنىڭ كىلاسسىك مەدەنىيىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خارەكتېرىنى تاكى بۈگۈنگىچە قوغداپ قالالىغانلىقى، دېمەك ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلالايدىغان ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك بىرمىللەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**سوئال: گۆرىك ئەفەندى، سىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە يۈرگۈزىۋاتقان سىياسەتلىرىگە قانداق قارايسىز؟**

**جاۋاپ:** ئالدى بىلەن شۇنى ئەختىنى تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغان بىرتېرىتورىيە ئىكەنلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا

ياشاۋاتقانلىقى بىرھەقىقەت، بۇنى ھېچكىم ئىنكارقىلالمايدۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى، مېنىڭ زېمىنىم، دەۋاتىدۇ، نىمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ئىكەن، بۇزېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىللىرى بولغان ۋە دۇنيا مەدىنىيىتىگە بۈيۈك تۆھپىلەرنى قوشقان مۇشۇنداق بىرمىللەتنى قوغدىشى ۋە ئۇنىڭ مەدىنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك ئىدى، بۇتۇپراقتا ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا خۇددى خىتاي زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىللىق مۇئامىلە قىلىش، ئاسرىشى ۋە خۇددى خىتتاي مىللىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ سەرىپ قىلغىنىدەك، ئۇيغۇرمىللىتىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەڭ كۈچ سەرىپ قىلىشى كېرەك ئىدى، بۇبىردۆۋلەتچىلىك خىسلىتىدۇر. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرخەلقىنى ئاسسىمىلاتسيە قىلىپ يوقۇتۇشقا ۋە بۇمىللەتنىڭ شانلىق مەدىنىيىتىنى خاراپ قىلىشقا تىرىشتى، يەنە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ئۆگەي بالىغا قىلغان مۇئامىلىنى قىلدى، «مەن بۇمىللەتنىڭ ئاتىسى» دەپ تۇرۇپ، بۇمىللەتكە ئىگە چىقمىدى. بىردۆۋلەتكە ئىگە بولۇش دېمەك، ئۇيەردىكى خەلقنى ئېزىش، ئېكسپۇلاتاسيە قىلىش دىگەنلىك ئەمەس، شۇڭا خىتاينىڭ، بۇزېمىن مېنىڭ، دېيىشكە ئەسلا ھەققى يوق، خىتاي ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستانغا بولغان ھاكىمىيەتلىك سالاھىيىتىنى يوقۇتۇپ قويىدى، دۇنيا جامائەتچىلىكىمۇ بۇنۇختىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

**سوئال: گۆرىك ئەفەندى، سىز ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى مىللى ئىستقبالىغا قانداق قارايسىز؟**

**جاۋاپ:** «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنۋى كۈچىگە ۋە ئىرادىسىگە چەكسىز ئىشىنىمەن، شۇڭا، ئۇيغۇرلار ھامان بىركۈنى جەزمەن مۇستەقىللىققا ئېرىشىدۇ، دەپ قارايمەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قوزغۇلۇپ خىتايغا قارشى غەلىيان قىلىشىغا سەۋەپچى بولۇۋاتىدۇ، يەنە شۇنداقلا خىتاينىڭ زۇلمى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بىر- بىرى بىلەن تېخىمۇزىچ ئىتىپاقلىشىشىغا سەۋەپچى بولۇۋاتىدۇۋە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مىللى مۇستەقىلىقىقە ئېرىشىشىدە دۇنياجامائەتچىلىكىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئىنتايىن موھىم بىرئامىل، مەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھامان بىركۈنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ تولۇق ۋە ئۈنۈملۈك قوللىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. چۈنكى مېنىڭچە ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قېلىش - دۇنيا مەدىنىيىنىڭ بىرپارچىسىنى ساقلاپ قېلىش دېمەكتۇر، ئۇيغۇرمەدىنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشقا تۆھپە قوشقانلىق - ئەلۋەتتىكى دۇنيا مەدىنىيىتىنى قوغداپ قېلىشقا تۆھپە قوشقانلىقتۇر، شۇڭا مەن دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇتارىخى مەسئۇلىيىتىنى ھامان بىركۈنى تولۇق ھېس قىلىپ يېتىدىغانلىقىغا ۋە قەدىمى يىپەك يولىدىكى بۇمەدىنىيەتلىك مىللەتنى قوداپ قېلىش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىككە كېلىدىغانلىقىغا تەل - تۆكۈس ئىشىنىمەن. شۇنۇختىنى قايتا ئىزاھلاپ ئۆتمەكچىمەنكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكچىگە قارشى ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ مۇۋاپىقيەتلىك بولۇشى - ئالدى بىلەن ئۇنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ياخشى ئاڭلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەلۋەتتە ھازىر بۇھەقتە كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، ئەمما بىزبۇنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشىمىزلازىم».

www.uyghurkitap.com

**سوئال: ھۆرمەتلىك گۆرىك ئەفەندى، بىلىشىمىزچە سىز ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەقلىق داۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىش جەھەتلەردىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتىسىز، بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىڭىز ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتسىڭىز قانداق؟**

**جاۋاپ:** راستىمنى ئېيتسام ھازىر مەن بىر ئۇيغۇر سەۋداسى بولۇپ قالدىم، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزەمنى ھەرىيەردە «يېرىم ئۇيغۇر» دەپ تونۇتۇپ كېلىۋاتىمەن، مەن ئۆزەمگە ئىككى موھىم ۋەزىپە قويدۇم، بۇلارنىڭ بىرى، ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ ياخشى تەتقىق قىلىش، يەنە بىرى، ئۇيغۇرلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ياخشى ئاڭلىتىش، چۈنكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھاياتىمنىڭ ئەڭ موھىم تەركىۋى قىسمىغا ئايلاندى، ھازىرغىچە مەن گېرمانىيەدە ئادۋۇكاتلىق قىلغان ھېچبىر ئۇيغۇر سىياسىي پاناھلىق تىلەش داۋالىرىدا يېڭىلىپ باقمىدى، ئەلۋەتتە بۇ مېنىڭ ئۇيغۇرلارنى ياخشى تەتقىق قىلغانلىقىمدىن ۋە ئۇلارنى گېرمانىيە سوتچىلىرىغا ياخشى ئاڭلىتالىغانلىقىمدىن بولدى، ئۇندىن باشقا يەنە 98 - يىلى 3 - ئايدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى يىغىنىدا مۇزاكىرىگە قويۇشتا موھىم رول ئوينىدىم، بىرقانچە قېتىم گېرمانىيە تېلېۋىزىيەلىرىدە مەخسۇس سۆزقىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى ئاڭلاتتىم، خىتاي ماللىرىغا ئامبارگو قويۇش پائالىيىتىنى تەشكىللەشكە قاتناشتىم، گېرمانىيە پارلامېنت ئەزالىرىغا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇملىرىنى بايان قىلىپ ئالاھىدە مەكتۇپ يوللىدۇم، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق يىغىنلىرىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس سۆزقىلدىم .... ھازىرمۇ ھەم بۇ پائالىيەتلىرىمنى داۋام قىلدۇرۇۋاتىمەن».

(98 - يىل 11 - ئاي، گېرمانىيە - ميۇنخېن)

## خىتاي ھۆكۈمىتى تىبەتكە كىرىدىغان تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى رەسمى باشلىدى

كۆپچىلىككە مەلۇم بولسا كېرەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركۈملەپ كۆچمەن يۆتكەيدىغان ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىشتا قوللىنىدىغان ئاساسلىق قورالى - پويىزدىن ئىبارەتتۇر. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى يەرلىك مىللەتلەر ياشايدىغان بارلىق رايونلارغا تۆمۈريول تەسىس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تىبەتلىكلەرنىڭ قاتتىق تىركىشىشى ۋە قارشىلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە تاكى ھازىرغىچە تىبەتكە ئۆتىدىغان تۆمۈريول لىنىيىسىنى قۇرالمىغان ئىدى، ئەمما يېقىندا خىتاي ھۆكۈمىتى جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چىڭخەيدىن لاساغا ئۆتىدىغان تۆمۈريول لىنىيىسى قۇرۇلۇشىنى رەسمى باشلىدى.

خىتاي شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي تۆمۈريول باش ئىدارىسىنىڭ لاھىيىلىشى بىلەن، چىڭخەيدىن كۇئىنلۇن تاغلىرى ئارقىلىق لاساغا ئۆتىدىغان 1100 كىلومېتىرلىق تۆمۈريول قۇرۇلۇشىنى باشلىغان ھەمدە بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن 139 مىليارت يۈەن مەبلەغ سالغان.

# تەيۋەندە شىڭشىسەي ئۈستىدىن يېزىلغان ئەرز شىكايىتى ۋە شىڭشىسەينىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ يازغان خېتىنىڭ ئەينەن تەپسىلاتى

ئەبەيدۇللا ئاراتۇرۇك (تۈركىيە)

**تەھرىردىن:** ئەبەيدۇللا ئاراتۇرك ئەپەندى 1918 - يىلى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ئاراتۇرك ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ ئاراتۇرك ناھىيىسىدە، كېيىن قومۇل، ئۈرۈمچىدە دىنى، پەننى بىلىم ئالغان. ئەبەيدۇللا ئەپەندى 1940 - يىللاردا ئاراتۇرك ناھىيىلىك ئۇيغۇرئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى، مىللەت ۋەكىلى، ئاراتۇرك ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋە گومىنداڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئەبەيدۇللا ئەپەندى 1950 - يىلى قومۇل ناھىيىسىنىڭ ئاراتۇرك ناھىيىسىدە خەلقنى قوزغاپ، خىتاي كوممۇنىستتىك ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ چىققان ۋە قوزغىلاڭغا بىۋاستە رەھبەرلىك قىلغان، بۇقېتىمقى قوزغىلاڭ خىتاي ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەبەيدۇللا ئەپەندى ئوسمان باتۇر، ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى جانىمقان، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى يولۋاسخان قاتارلىقلاربىلەن بىرگە گەنسۇ، چىڭخەي ۋە تىبەت يولىنى بويلاپ چەتئەلگە قاچماقچى بولغان، بەختكە قارشى يولدا ئوسمان باتۇر، جانىمقان قاتارلىق بىرتۈركۈم قوزغىلاڭچىلار كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان، ئەبەيدۇللا ئەپەندى يولۋاسخان بىلەن بىرگە كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، چەكسىز كەتكەن دەشتى - باياۋانلارنى كېزىپ، مىڭ تەستە تىبەتكە قېچىپ بارغان ۋە تىبەتتە دالاي لاما بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇلار تىبەت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن تىبەت ئارقىلىق ھىندىستان كونتۇرۇللىقىدىكى كەشمىرگە قېچىپ بارغان. كېيىن ئۇلار تەيۋەن ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن مالايشىيا ۋە سىنگاپور ئارقىلىق تەيۋەنگە يېتىپ بارغان، ئەبەيدۇللا ئەپەندى تەيۋەندە گومىنداڭ مىللەت ۋەكىلى بولغان ۋە 1977 - يىلى تەيۋەن ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تۈركىيىگە كېلىپ يەرلەشكەن، ھازىر ئۇ تۈركىيە گەرەژدانى.

تۆۋەندە دىققىتىڭلارغا سۇنماقچى بولغىنىمىز، ئەبەيدۇللا ئەپەندى باشچىلىقىدىكى بىرقانچە مىللەت ۋەكىلىنىڭ، 1954 - يىلى 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تەيۋەندە چاقىرىلغان گومىنداڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا قانخور جاللات شىڭشىسەي ئۈستىدىن قۇرۇلتايغا بەرگەن ئەرزشىكايىتى ۋە شىڭشىسەينىڭ بۇ ئەرز شىكايەتكە قارشى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى 10 يىللىق مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاقلاپ قۇرۇلتايغا سۇنغان مەكتۇبىنىڭ ئەينەن نۇسخىسىدىن ئىبارەتتۇر، بۇ ئىككى مەكتۇپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخى ۋەزىيىتىنى چۈشۈنۈشتە پەۋقۇلئاددە موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەسكەرتىش: (ئەبەيدۇللا ئەپەندى ئەينى چاغدا گومىنداڭنىڭ مىللەت ۋەكىلى بولغىنى ئۈچۈن، شىڭشىسەي ئۈستىدىن بەرگەن ئەرزنامىنى گومىنداڭنىڭ نۇختىنەزىرى بويىچە يېزىپ چىققان. تەھرىردىن )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئەبەيدۇللا ئەپەندىنىڭ شىڭشىسەي ھەققىدە تەيۋەندىكى گومىنداڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا سۇنغان ئەرىزتەكلىۋى :

## « 432 - نومۇرلۇق تەكلىپ لاھىيىسى »

( گومىنداڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا قۇرۇلتاي ئورگىنى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلدى )

مىللەت ۋەكىلى ئەبەيدۇللا قاتارلىق 114 كىشىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دۆلەت خائىنى، مىللى ساتقىن، روس بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، كوممۇنىستلارنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرى شىڭشىسەينى جازالاش، ئۇنىڭ موھىم جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇش، قانۇنغا ئاساسەن دىلو تۇرغۇزۇش توغرىسىدىكى تەكلىپى:

شىڭشىسەينىڭ مىنگونىڭ 22 - يىلى يەرلىك ئۆزگۆرۈشتىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت ھوقوقىنى قولىغا كىرگۈزىۋېلىپ، روسلاربىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، مىللى مەنپەئەتنى سېتىپ، خەلقنى زەھەرلەپ، شىنجاڭدا 10نەچچەيىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدىكى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان جىنايەتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلىدۇ، شىڭشىسەي تەيۋەنگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئورۇسلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، دۆلەتنى قارىلىدى، ئۇنىڭ نىسبەتەن چوڭراق جىنايەتلىرى تۆۋەندىكىدەك 6 تۈرلۈك:

### 1. مۇستەقىل كىنەزلىك تىكلەپ، مەركەزبىلەن قارشىلاشقان:

شىڭشىسەي شىنجاڭدا ھوقوق ئىگەللىگەندىن كېيىن، فېيوداللىق قاراش بىلەن قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، قومۇل، شىڭشىڭشا قاتارلىق موھىم يول تۈگۈنلىرىنى توسۇپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەربىلەن شىنجاڭنىڭ ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆزىنى دانا داھى ئېلان قىلىپ، 10 يىلغا قەدەرمەركەزنىڭ نۇرىنى شىنجاڭغا چۈشۈرمىدى.

### 2. مىللى مەنپەئەتنى سېتىپ، روسلاربىلەن تىل بىرىكتۈرگەن:

شىڭشىسەي مىنگونىڭ 22 - يىلى ئۆرۈمچىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا ، سوۋېتنىڭ ئۆرۈمچىدىكى ئەلچىخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، روسلارنىڭ كوممۇنىزىمنى تەشۋىق قىلىشىغا يول ئېچىپ بەردى. ھەربى تاشيول ياساش، ھەرقايسى جايلاردا كان ئىزدەش، « روس - شىنجاڭ سودا شىركىتى » ئېچىش، قوشۇن تۇرغۇزۇش قاتارلىق باھانىلاربىلەن سوۋېتتىن پىدائىي قىسىم تەلەپ قىلىپ، ئورۇشقا تەييارلىق قىلدى. مىنگونىڭ 24 - يىلى سوۋېتتىن ئىختىسادى مەنپەئەتنى ساتقان بەش مىليون رۇبلىلىق قەرىزپۇل ئالدى، مىنگونىڭ 26 - يىلى ياپونغا قارشى ئورۇش مەزگىلىدە پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، 6 بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈپ چىقىپ، كوممۇنىزىمنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلدى، سوۋېتنىڭ ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىللەنگەن قوشۇنلىرىنى 8 - پولىك نامىدا شىنجاڭغا ئېلىپ كىرىپ، قومۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، « شىنجاڭنى قوغداش » نامىدا روس ئىمپىريالىستلىرىنىڭ

كۆچى بىلەن مەركەزنىڭ غەرىپتىكى تەسىرىنى توسىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى دۆلەت مۇداپىيسىگە جىددىي كېرەكلىك بولغان موھىم رودىلارنى روسىيىگە ساتتى، روسلار بىلەن شەخسىي كان ئېچىش توختىمى تۈزۈپ، روسلارنىڭ خالىغانچە كان ئېچىشىغا يول قويدى، ئايرۇپىلان ياساش زاۋۇتى لاھىيىلەپ، ئۇستۇن شەرت بىلەن جۇڭگودا كۆرۈلمىگەن تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

### 3. ستالىنغا باش ئۇرۇپ، كوممۇنىست باندىتلار بىلەن ھەمكارلاشتى:

مىنگونىڭ 27 - يىلى شىڭشىسەي روسلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئائىلىسى بىلەن موسكۋاغا بېرىپ ستالىن بىلەن كۆرۈشۈپ، كوممۇنىست پارتىيىگە ئەزابولۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ قايتىپ كېلىشى بىلەن، شىنجاڭدا سوۋېت ئىشپىيونلىرى يېغىپ كەتتى، بىرمۇنچە ئاممۋى تەشكىلاتلار سوۋېتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى، بارلىق مەمۇرى بۇيرۇقلار موسكۋانىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولدى، ئۇنىدىن باشقا شىڭشىسەي سوۋېتقا باش ئۇرۇش مەقسىدىدە، «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش جەمىيىتى» تەشكىللەپ، «6 بۈيۈك سىياسەت» ناملىق كىتاپ يېزىپ چىقتى، ئۇ كىتاۋىدا كوممۇنىستلارنىڭ نەزىرىيىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، خەلقنى زەھەرلىدى.

شىڭشىسەي ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر زاتلارنى بىگۇناھ تۇتۇپ - سولاپ، ئېتىپ ئۆلتۈردى، مەركەزقىسمىلىرىنىڭ قورشاۋىدىن قېچىپ چىقىپ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن كوممۇنىستلار بىلەن دەسلەپتە ياپونغا قارشى بىرلىكسەپ قۇردى، روسلارنىڭ ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىپ زورتۇر كۆمدە قورال، ئاشلىق، كىيىم، يوتقان - كۆرپىلەرنى كوممۇنىستلارغا يوللاپ بەردى، كوممۇنىست باندىتلارنىڭ خورىگىنى ئاشۇرۇۋەتتى ۋە بۇگۇنكى ئاقىۋەتلەرگە سەۋەپچى بولدى.

### 4. ئىختىدارلىقلارنى چەتكە قېقىپ، بىگۇناھلارنى ئۆلتۈردى:

شىڭشىسەي تۇغما ۋەھشى بولۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش جەڭچىلىرىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاپ، قەدەممۇ - قەدەم زىيانكەشلىك قىلدى، شىنجاڭغا كەلگەن ئۇرۇش قەھرىمانلىرىنىڭ ھەممىسىگە تۆھمەت چاپلاپ يوق قىلىپ بولدى، ياشلىرىمۇ قالمىدى، روسلارنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى چارىللىرىنى دوراپ، يەرلىك مۇتىۋەرلەرگە تۆھمەت چاپلاپ، ئۇلانىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى ۋە ئۇلارنى ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرىۋەتتى. مىنگونىڭ 26 - يىلى كوممۇنىستلار بىلەن گومىنداڭ ھەمكارلاشقاندا كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەرمىللەت، ھەرساھە كىشىلىرىنى قامىدى، ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، شىڭشىسەي تەرىپىدىن ئىلگىرى - كېيىن تۇتۇلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەننىڭ سانى 100مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

### 5. تۇراقسىز، ئۆز گۆرۈشچان:

شىڭشىسەي مىنگونىڭ 22 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھوقوقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئەمىلىيىتە روسلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ قالدى. مىنگونىڭ 30 - يىلى روسىيە - گېرمانىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدە، روسلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچۇراشقا باشلىغاندا، شىڭشىسەي

ئۆزىنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە يەنە گومىنداڭغا باش ئۇردى، گومىنداڭنىڭ كەڭچىلىك سىياسىتى ئۇنى كەچۈردى، كۈتۈلمىگەندە مىنگونىڭ 33 - يىلى ستالىنگرات ئۇرۇشىدا روسلار غەلىبە قىلىشقا باشلىغان، گومىنداڭ ئارمىيىسى گۈيياڭ، ۋۇشەنلەرنى ئارقا - ئارقىدىن كوممۇنىستلارغا تارتقۇزۇپ قويغاندا، شىڭشىسەي روسلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، يەنە قايتا تەييارلىق قىلىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەت خادىملىرىدىن خۇاڭرۇجى، دۇڭ شىچۈەن، لىن جىيۈن، جاڭ چىجى، دىڭ ۋاسى قاتارلىق 32 نەپەر ھەردەرىجىلىك كادىرلارنى قولغا ئالدى، ئۇلارنى قانۇنسىزھالدا ئۇرۇپ ھاقارەتلىدى ۋە كوللىكتىپ ھالدا قىرغۇەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن روسلاردىن مۇكاپات ئېلىپ، يەنە روسلارغا باش ئۇرۇپ مۇكاپات ئالماقچى بولدى.

## 6. روسلاربىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھۆكۈمەتكە تۆھمەت قىلغان:

شىڭشىسەي مىنگونىڭ 41 - يىلى 10 - ئايدا تەيبېيدىكى كەچلىك گېزىتكە ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى 10 يىللىق كەچۈرمىشلىرىم» ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا ئاغزىغا كەلگەنچە جۆيلۈپ، ئۆزىنى ئاقلاپ، ئاخىرىدا روسلارنىڭ دۈمبىقىنى چالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئاقتاشلىق كىتاۋىدا ئەيىبلىگەن ستالىننى ئۇ ئاقلاپ چىقتى، ئومومى يۈزلۈك كۆزەتكەندە، شىڭشىسەينىڭ سەپسەتىلىرى روسلارنى ئاقلاپلا قالماستىن، ئەملىيەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، كوممۇنىزىمغا قارشى ۋە روسلارغا قارشى سىياسەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، جامائەت پىكرىنى ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىك پىكرىنى قالايمىقان قىلدى.

ئاخىرىدا بىز قۇرۇلتايدىن دۆلەت قانۇنىنى قوغداش يۈزىسىدىن شىڭشىسەينىڭ دۆلەتكە خائىنلىق قىلغان جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى قانۇن بويىچە جازالىشنى تەلەپ قىلىمىز.

تەكلىپ سۇنغۇچىلار:

ئەبەيدۇللا ئاراتۈرك، لىن جىيۈن، تۇڭ شىچۈەن، لى زۇڭخۇاڭ، سەي جۇڭئا (موڭغۇل)، ماشاۋۋۇ (تۇڭگان)، جاۋلۇڭ، خەن شۇشياڭ، پەن كې، جۇۋىنمىڭ (تۇڭگان)، جاڭ داپىڭ (تۇڭگان)، بى زىخۇي (موڭغۇل) قاتارلىق 114 كىشى.

---

يۇقىرىدا دىققەتكىلارغا سۇنغىنىمىز ئەبەيدۇللا ئەپەندىنىڭ گومىنداڭنىڭ 113 نەپەر مىللەت ۋەكىلىنىڭ قوللاپ ئىمزائىپتىشى بىلەن گومىنداڭنىڭ قۇرۇلتىيىغا سۇنغان ئەرىزشىكايىتىدىن ئىبارەت. بۇئەرىزتە كىلمۇى قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، شىڭشىسەيمۇ ئۆزىنى ئاقلاپ قۇرۇلتايغا بىر رەددىيە خېتى يېزىپ چىقىپ، قۇرۇلتايدا ئوتتۇرىغا قويغان، ئۇ قۇرۇلتاي ئورگىنىغا رەددىيە خېتىنى سۇنۇشتىن بۇرۇن، ئاۋال ئەبەيدۇللا ئەفەندىگە بىرپارچە شەخسى مەكتۇپ يازغان، بۇمەكتۇپنىڭ ئەينەن تەپسىلاتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### «مىللەت ۋەكىلى ئەبەيدۇللا ئەپەندىگە يېزىلغان مەكتۇپ»:

«بۇنۆۋەتلىك دۆلەت قۇرۇلتىيىدا يۈز - ئابرويلۇق كىشىلەر توپلۇشۇپ، ئۇمىتۋار كەيپىياتتا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشتى، مەن ئۆزۈمدىن بېرى يىراق - يېقىنغا چىقماي،

ھېچكىمگە ئارىلاشماي، سىرت بىلەن ئالاقىلاشماي، لوجالوڭ ئەپەندى بىلەن قىلىشقان مۇنازىرىمىزنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم، شىنجاڭدا بۇرۇن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان 2 ـ 3 ئادەم كېيىن نەچچە قېتىم ئەرىز قىلىپ ماڭا ھۇجۇم قىلغان ئىدى، مەن ھەقىقەتنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۆزەمنى ئاقلايمەن، مۇجمەل يەرلىرى كۆپ بولغان ئەبەيدۇللا ئەپەندىنىڭ 432 ـ نومۇرلۇق تەكلىۋى رىياللىققا ئۇيغۇن ئەمەس بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ توغرا قاراشقا كېلىشى ئۈچۈن ئالتە نۇختىلۇق ئاقلاش پىكرىمنى يازدىم، مەرھەمەت قىلىڭلار.

مەن دۆلەتكە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمىدىم، سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسى چىن كۆڭلۈمدىن چىققان ھەقىقى مەسىلىلەر، كۆپچىلىكنىڭ توغرا مۇلاھىزىسىنى كۈتۈپ:

شىڭ شىسەي

3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

سىجاۋچۇ، تەيبېي شەھەرلىك زىنئەي يولى 2 ـ قىسىم 85 ـ ئۆي »

---

شىڭشىسەينىڭ ئەبەيدۇللا ئەپەندىنىڭ ئەرىزشىكايىتىگە قارشى قۇرۇلتايغا يازغان رەددىيە خېتىنىڭ ئەينەن تەپسىلاتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

**رەددىيە**

**بىرىنچى،** ئاتالمىش مۇستەقىل كېنەزلىك تىكلەپ مەركەزبىلەن قارشىلاشقان » دىگەن سۆزنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان تەسىرلىك سۆزلەربىلەن تۆھمەت قىلىنغان، تەكشۈرۈشۈم تۆۋەندىكىچە: مىنگونىڭ 22 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى ئىنقىلاپتا جىن دۇبەننىڭ بۇيرۇقى بويىچە نەنسەندىكى باندىتلارنى تازىلاشقا ئەۋەتىلدىم، 12 ـ ئاپرىل ئۆزگۈرۈشىدىن كېيىن، ئۆلكىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن كومۇتېت قۇرۇلۇپ، ليۇۋېنلۇڭ ۋاقىتلىق ئۆلكە رەئىسى بولدى، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىدىن جىڭ رۇچىڭ ھەربى كومۇتېت باشلىقى بولدى، كېيىن ئۇلار دۇبەنلىك ئۆزۈمنى ئېلان قىلىپ، جاڭ پېيۋەننى دۇبەنلىككە كۆرسەتتى، باشقىلار قوشۇلمىدى ۋە مېنى دۇبەنلىككە كۆرسەتتى، دىمەك، دۇبەنلىككە باشقىلارنىڭ سايلاپ تەستىقلىشى بىلەن چىقتىم.

« قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلىدى » دىگىنى يالغان، بۇيىلدا تۆگە كارۋىنى، ئايرۇپىلان، ماشىنىلار داۋاملىق قاتناپ تۇردى، مال توشۇلۇپ تۇردى، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدىمۇ تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى شىنجاڭغا كەلدى، پىچان، قومۇل، يۈمىنگۈەن يولى قاتناش ئېلىپ باردى، لېكىن، بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كىرىپ ـ چىقىش كېنىشكىسىنى يولغا قويغان ئىدۇق، خۇددى ھازىر تەيۋەندىكىگە ئوخشاش 12 يىل ئىچىدە زادىلا مەركەزگە قارشى ئىش ئېلىپ بېرىلمىدى.

« داناداھى » مەسىلىسى تېخىمۇ تۆھمەت، چۈنكى بۇسۆزلەر پەقەت باشقىلارتەرىپىدىن ئېيتىلغان سۆزلەر، دىمەك، يۇقۇرىدىكىلەر يالغاندۇر.

**ئىككىنچى،** ئاتالمىش « مىللىي مەنپەئەتنى سېتىپ، روسلاربىلەن تىل بىرىكتۈرگەن » دىگەن سۆزلەرمۇ ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەر.

« 12 ـ ئاپرىل » ئۆزگۈرىشىدىن ئىلگىرى، شىمالى شىنجاڭ راستىنلا روسلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلگەن ئىدى، ماجۇڭيىڭ ئۇرۇمچىنى

قورشىۋالغاندىن كېيىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى قوشۇن كىرگۈزۈپ ئۆزتەسىرىنى قوغدىماقچى بولدى، مەن ئۇلاربىلەن بىرلىشىپ ماجۇڭيىڭغا ئوت ئاچتىم، سەۋەبى، سوۋېت ئەسكەرلىرى ئەنگلىيە تەسىرىدىكى جەنۇبى شىنجاڭ ۋە ياپونىنىڭ ئومۇمي لېنىيىسگە قارشى ئوت ئېچىپ، ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى يوق قىلغاندىن كېيىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە ۋەدە بەرگەن ئىدى، دىمەك، دۈشمەن كۈچى بىلەن دۈشمەننى يوق قىلىش مەقسىتىدە بۇ ئۇرۇش يولىنى تاللىغان ئىدىم. بەش مىليون رۇبلىلىق قەرز پۇل مەسلىسىدە، شىنجاڭنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن « قالاق مىللەتلەرگە ياردەم بېرىش » دىگەن نىقاپ ئاستىدا بېرىلگەن ئىدى، بۇنىڭدا ھېچقانداق ئالدىنقى شەرت قويۇلمىغان ئىدى. ئەگەر مەن روسلاربىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بولسام، روس ئارمىيىسى مىنگونىڭ 31 - يىلى قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كېتەرمىدى؟ ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ماسلىشىش، ئارقاسەپ تەمىناتىنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە « 6 بۈيۈك سىياسەت » ئوتتۇرىغا قويۇلدى، خەلققە كەڭچىلىك قىلىندى، سوۋېت بىلەن ئەسلىدىكى سودا كېلىشىملىرى ئىجرا قىلىندى، شىنجاڭدا 80 پىرسەنتدىن ئارتۇق خەلق دىنغا ئېتىقات قىلىدۇ، كوممۇنىزىمدىن قورقىدۇ، شۇڭا بۇيەردە كوممۇنىزىم تەشۋىق قىلىنسا فاشىسلارنىڭ غالچىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

روسلارنىڭ 8 - پولكىنى قومۇلدا تۇرغۇزغىنى راس، بۇنىڭدا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنىڭ ئارمىيىسى ۋە ياپونلارنىڭ تەھدىتى نەزەردە تۇتۇلغان ئىدى، ئىچكى قىسىمدىكى توپىلاڭلارنى باستۇرۇشتا روس ئارمىيىسى ئىشلىتىلمىدى، ئۇلار ئاللىقاچان چېكىنىپ كەتكەن ئىدى.

روسلاربىلەن كان ئېچىش توختىمى ھەققىدە مەۋجۇت، مەن جاڭ جېشىغا مەلۇم قىلغاندا، ئۆزخاتالىقىمنى تەكشۈرۈپ كەڭچىلىككە ئېرىشىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ، ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى جىددىي ئىدى. ئۈرۈمچى تۇدۇڭخابادىكى ئايروپىلان زاۋۇتى بولسا مەركەزبىلەن سوۋېتنىڭ بىرلىكتە تۈزگەن توختىمىغا ئاساسەن قۇرۇلغان ئىدى، ئۇنى مەن قۇرمىدىم.

**ئۈچىنچى**، ئاتالمىش « ستالىنغا باش ئۇرۇپ، كوممۇنىست باندىتلاربىلەن ھەمكارلاشقان » دىگەن سۆز مېنى ھاقارەتلىگەنلىك. مېنىڭ موسكۋادا كېسەل داۋالاتقىنىم راست، مەن مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسگە كىرمەكچى بولغان ئىدىم، موسكۋادا ستالىن ماڭا ئاۋال سوۋېت كومپارتىيىسگە كىرىپ، كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسگە ئالماشتۇرۇشنى مەسلىھەت قىلدى، بۇمۇ راست، لېكىن، 6 بۈيۈك سىياسەت ھېچقاچان كوممۇنىزىمنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئېلان قىلىنغان. مىنگونىڭ 26- يىلى شىنجاڭدا قولغا ئېلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر ھېچقاچان ۋەتەنپەرۋەرلەر بولماستىن، بەلكى ياپونغا قارشى بىرلىكسەپكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئۇنسۇرلاردۇر.

**تۆتىنچى**، ئاتالمىش « ئىختىدارلىقلارنى چەتكە قېقىپ، بىگۇناھلارنى ئۆلتۈرگەن » دىگەن سۆز ھەققىدە، بۇمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان تۆھمەتلەردىن ئىبارەت. ئەينى چاغدا شەرقى - شىمال قىسىملىرىدىن سۇيىقەست پىلانلىغانلار ۋە يەرلىك ئاھالىلەردىن توپىلاڭ قىلماقچى بولغانلار

شىنجاڭنىڭ سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ، جىنايىتى ئېنىق، پاكىتلىق بولغاندىن كېيىن، مەركەزگە يوللاپ تەستىق ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇلار تامامەن قانۇن بويىچە بىرتەرەپ قىلىنغان. مىنگونىڭ 26 ـ يىلدىكى سۈيقەستلىك توپىلاڭدا قولغا ئېلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ سانى 435 نەپەر بولۇپ، ئاساسىي جىنايەتچىلەر 33 نەپەر، مىنگونىڭ 29 ـ يىلى سوۋېت قۇترىتاقان توپىلاڭ ئەنزىسىدە قولغا ئېلىنغان جىنايەتچىلەر59 نەپەر. يەنە مىنگونىڭ 31 ـ يىلى سوۋېت قۇترىتاقان چوڭ توپىلاڭدا قولغا ئېلىنغان جىنايەتچىلەر 656 نەپەر بولۇپ، ئاساسىي جىنايەتچىلەر80 نەپەر. مىنگونىڭ 33 ـ يىلدىكى چوڭ توپىلاڭ ئەنزىسىدە قولغا ئېلىنغانلار جەمئىي 220 نەپەر بولۇپ، بۇ دىلو ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا مەن شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ كەتتىم. تۆت قېتىملىق دىلودا ئۆلتۈرۈلگەنلەر جەمئىي 180 نەپەر، شۇڭا، 200 مىڭ نەپەر دېگىنى ناھايىتى چوڭ يالغانچىلىق بولۇپ، دىمەككى، ئەبەيدۇللا بىلەن لىن جيۇن يالغانچىلارنىڭ بوۋىسىدۇر. كوممۇنىستلاردىن قولغا ئېلىنغان ماۋزېمىن قاتارلىق 300گە يېقىن ئادەم يوقارقى ساننىڭ ئىچىدە ھىساپلاندى.

**بەشىنچى**، ئاتالمىش «تۇراقسىز، ئۆزگۈرۈشچان» دېگەن سۆز ھەققىدە، مېنىڭ سوۋېت بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىم، شىنجاڭدىكى قالاق، نامرات خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ۋە تۇپراق پۈتۈنلىكىنى قوغداش بولۇپ، سوۋېت بىلەن ھەمكارلىشىش ـ ماھىيەتتە ئۇنىڭ تاجاۋۇزىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى، چۈنكى، سوۋېت بىلەن جۇڭگونىڭ جاھانگىرلىككە، فاشىزىمغا قارشى بىرلىكسەپى مەۋجۇت ئىدى، لىن جيۇن قاتارلىق مەركەزدىن كەلگەن 32 نەپەر كىشى سوۋېت بىلەن ھەققى تىل بىرىكتۈرۈپ، سىياسى ئۆزگۈرۈش قىلماقچى بولۇپ قولغا ئېلىنغانلار، ئۇلار ۋەتەنساتقۇچلار ئىدى، ئۇلارنىڭ جىنايى پاكىتى ئېنىق، ئۆزلىرى ئىقرار قىلغان، مەركەز تەستىقلىغان.

**ئالتىنچى**، ئاتالمىش «روسلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ھۆكۈمەتكە تۆھمەت قىلغان» دېگەن سۆز ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەنلىك بولۇپ، مېنىڭ «شىنجاڭدىكى 10 يىللىق كەچۈرمىشىم» دېگەن كىتاۋىم تەپسىدە ئىككى يېرىم ئايغىچە گېزىتتە داۋاملىق ئېلان قىلىندى، دۇنيادا كوممۇنىستلارغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان تەيۋەندە ئېلان قىلىنغان بىرئەسەردە، «سوۋېت بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، ھۆكۈمەتكە تۆھمەت قىلغان» دېگەن مەزمۇنلارنى ئېلان قىلىش مۇمكىنمۇ؟ گەرچى ئەينى چاغدا جىنايىتى بارلار ئۆزلىرىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، كەچىلىك گېزىتكە نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، سوۋېت كوممۇنىزمىغا قارشى بۇ ئەسىرىم كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى.

خۇلاسەم شۇكى، يۇقارقى 6 مەسىلىنىڭ ھەربىرىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بىردىن كىچىك خۇلاسە چىقىدۇ، ئومۇمىي خۇلاسە چىقارمىغاندا، كۆكۈيچىلىكنىڭ ۋاختىنى ئىسراپ قىلغان بولۇپ قالىمەن، شۇڭا، ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىت قىلىش نۇختىسىدىن قارىغاندا، مېنىڭ نىمە كەمچىلىكىم بار؟ مېنىڭ شىنجاڭنى 10 يىل تۇتۇپ تۇرغانلىقىم كەمچىلىك ھىساپلىنامدۇ؟ «شىنجاڭدىكى 10 يىللىق ھاياتىم» دېگەن كىتاۋىم بالدۇرراق نەشىر قىلىنغان بولسا، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭنى چۈشەنمىگەنلەر بالدۇرراق چۈشەنچىگە ئىگە بولاتتى.

مەن شىنجاڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغان 12 يىل ئىچىدە، شىنجاڭدىكى 4 مىليون ھەرمىللەت

خەلقى ۋە ئەمەلدارلار، ھەرساھە زاتلىرى دۆلەتكە ۋاپادار بولۇپ، سادىقلىق كۆرسەتتى، سوۋېت كۈچلىرى سۈيقەست پىلانلاپ شىنجاڭنى تارتىۋالماقچى بولغاندا، 20 مىڭغا يېتەمەيدىغان ئەسكىرىم بىلەن مەركەزدىن يىراقتىكى ئىختىسادى ۋە مەدەنىيىتى قالاق، مىللىي تەركىپ مۇرەككەپ بولغان، زېمىنى دۆلەتنىڭ ئالتىدىن بىرقىسمىنى ئىگەللەيدىغان بۈيۈك زېمىنغا ئىگە شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى قىلىپ ساقلاپ قالدىم. قان ـ تەربىلەن، كۆزيېشى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن 12 يىللىق ئېچىنىشلىق، قورقۇنۇشلۇق، دەھشەتلىك كۆرەش تارىخىغا ئىگە خەلق بۇنى چۈشىنەلەيدۇ، ئەگەر مىللەت بالدۇرراق شىنجاڭنىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى تارىخى ئەھۋالىنى بىلگەن بولسا، بۇخىل قىممەتلىك ۋاقىتنى ئىسراپ قىلدىغان، باشقىدىن ماڭا مۇناسىۋەتلىك مەسىلەرنى مۇزاكىرە قىلمىغان، مېنىڭ 15 مىڭ خەتلىك كىتاۋىمنى ئوقۇمىغان بولاتتى، شۇڭا مەن خاتاقىلغانلىقىمنى ئېتراپ قىلىمەن. ئۇندىن باشقا مەن يەنە ھېس قىلدىمكى، مېنى ئەڭ ئېچىندۇرغىنى ـ مېنىڭ ۋە ئەركىن جۇڭگونىڭ دۈشمەنلىرى بولغان مالىنكوف، مولونوۋ، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي قاتارلىق سوۋېت كوممۇنىستلىرى مېنىڭ ئۈستۈمدىن كۈلدۇ، خوش بولدۇ. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ماڭا زەربەبېرىپ ئۆچ ئېلىۋاتقانلىقىنى سۆزلىشىۋاتىدۇ، مېنىڭ سوۋېت ئارمىيىسىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ چېكىنىش يولىنى توسقانلىقىمدىن ھېساپ ئېلىۋاتىدۇ، ماۋزېدۇڭنىڭ ئىنىسى ماۋزېمىننى ئۆلتۈرگەنلىكىمدىن ھېساپ ئېلىۋاتىدۇ.

**قوشۇمچە:**

(1) ئۆتكەنكى شىنجاڭدىكى جاھانگىرلىككە، سوۋېتكە قارشى سىياسەت توغرىمۇ ـ خاتامۇ، مەن شىنجاڭنى باشقۇرغان ۋاقتىمدا 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئېلان قىلغان ئىدىم ۋە ئىجرا قىلغان ئىدىم، بۇ مەركەزنىڭ سىياستىگە خىلاپ بولۇپ بولۇش ئۇيىاقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە شىنجاڭنىڭ ئوبيكتىپ ئەمەلىيتى ۋە سوبيكتىپ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن ئىدى. يەنەبىرتەرەپتىن، شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى ۋە ئاۋالقى جۇڭگو ـ مۇستەملىكە ۋە فيودال مىللىتارىسلارنىڭ ئېزىشىدىكى جۇڭگو ئىدى. جۇڭگوخەلق ئىنقىلاۋىنىڭ ۋەزىپىسى ـ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ۋە ياراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. جاھانگىرلىككە قارشى ستراتىگىيە ـ جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش، ئورتاق كۆرەش قىلىش بولۇپ، جۇڭگو گومىنداڭ 2 ـ قېتىملىق ۋەكىللەرقۇرۇلتىيى ئاخباراتىدا، «جاھانگىرلىككەقارشى شۇئار ـ بىزنىڭ بىرىنچى خىزمىتىمىز» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يەنەبىرتەرەپتىن، شىنجاڭ جاھانگىرلارنىڭ تالاش ـ تارتىشى ئىچىدە ئىختىسادى مەدەنىيىتى قالاق، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ئىچىدە ئىدى، ھەرمىللەت خەلقى مىللىتارىس فئودال بەگلەرنىڭ ئېكسپۇلاتاتسىيىسىدە ئېزىلىۋاتقان ئىدى، قاتناش قۇلايسىز، ئەسكىرى ئاز، يۆتكەش تەس، مەركەزدىن يىراق يەرئىدى، سىرتتىن ياردەم ئېلىشقا تايىنىۋاتقان يەرئىدى.

4 ـ مايدىن كېيىن ئىچكى قالايمىقانچىلىق مەۋجۇت ئىدى، چېگرا ۋەزىيىتى مۇرەككەپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈنلىكىنى قوغداش، ئۆچ تەرەپتىن كېلىدىغان تاجاۋۇزدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق تاشقى سىياسەتنى تۈزۈش ئېھتىياجى بارئىدى. مەن چوڭقۇر ئويلىنىپ تەھلىل قىلغاندىن كېيىن، 8 ماددىلىق چاقىرىق ئېلان قىلدىم، بۇئارقىلىق

هەرمىللەت خەلقىنىڭ بىرلىكى، ئىتپاقلىقى قولغا كەلتۈرۈلۈپ، چەتنىڭ ئارىلىشىشىدىن ئايرىلدۇق، ئۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ سانى 10 مىڭغا بارمايتتى، ئۈچتە رەپنىڭ تاجاۋۇزكورچىگە تاقابىل تۇرالمايتتۇق، شۇڭا، تاشقى سىياسەتنى ئۆزھالىمىزغا قاراپ ئىش كۆرۈشتەك ئالاھىدە سىياسەت قوللانغان ئىدىم، تاجاۋۇزچىلارنى ئۆزىنى ئۆزىگە قارشى قويۇش ئارقىلىق، ھەممىسىنى تارمارقىلىش ستراتېگىيىسى قوللىنىلغان ئىدى، نەتىجىدە، جەنۇپتىن كەلگەن تاجاۋۇزكوچى بىلەن شەرىقتىن كەلگەن تاجاۋۇزكوچىنى تارمارقىلغان ئىدۇق، بۇتەدبىر، ماجۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدا « موسۇلمان دۆلىتى » قۇرۇش پىلانىنى، خوجانىياز، سابىت داموللىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نى تارمارقىلدى، شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا غەرپتىن كەلگەن بىرلا كۈچ قالدى، بۇ كۈچنىڭ ئاساسى - ئالتايدىكى ئۆزگەرتىلگەن قىسىم بىلەن (قىزىل ئارمىيە 8 - پولكى ) ماجۇڭيىڭنى قوغلاش باھانىسىدا قومۇلغا ئورۇنلىشۇالغان ئىككىنچى ماجۇڭيىڭ ئىدى. بۇلارگەرچە ئىچكى ئۇرۇشقا ئارىلاشمىغان، قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەربىي ستراتېگىيە جەھەتتە شىنجاڭنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنى كونترول قىلىش رولىنى ئوينىغان ئىدى، شۇ چاغدا دۇبەن ئىشخانىسى سوۋېتنىڭ شىنجاڭغا قول ئۇزارتىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق ستراتېگىيە ئىشلىتىشكە مەجبۇر ئىدى. مەركەزنىڭ، شۇنىڭدەك، سۇنجۇڭسەننىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئىككى بۈيۈك ۋەزىپىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، دۇنيادىكى باراۋەرمىللەتلەربىلەن بىرلىشىش شوئارىغا ئۇيغۇن ھالدا 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئېلان قىلدىم.

4 - مايدىن كېيىن، ئۆلكە ئۆزھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلىي سىياسىتىنى، ئىچكى - تاشقى ستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىقتى، ماۋجۇشاڭ جاڭشىنى قالايمىقان قىلىۋەتكەن، ئوتتۇراتۈزلەڭلىكنىڭ ئادەم ياردىمى يېتىشەلمىگەن، شىنجاڭدا ئادەم يېتىشەلمىگەن بىرپەيتتە، قىزىل ئىمپېرىيالىستلارغا تاقابىل تۇرۇشتا 10 يىل تىركىشىپ مەركەزنى غەمدىن خالاس قىلغان ئەنەشۇ مېنىڭ 6 بۈيۈك سىياستىم ئەمەسمۇ ؟

سۇنجۇڭسەن ئەپەندى ئەينى چاغدا سوۋېت بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىزىم بىلەن ھەمكارلىشىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، كېيىن جاڭ جېشى تەيۋەندە « كوممۇنىزىمغا قارشى، سوۋېتكە قارشى » سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇ ئىككى سىياسەت گەرچە قارىمۇ - قارشى بولسىمۇ، لېكىن، ھەرئىككىسى ئۆزۋاقتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئەتراپلىق تۈزۈلگەن سىياسەت ئىدى، مەن 20 يىل ئىلگىرى، 1933 - يىلى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت بىلەن يېقىن ئۆتۈش سىياستىنى، 10 يىل ئىلگىرى ، يەنى 1940- يىلى سوۋېتكە، كوممۇنىزىمغا قارشى سىياسەت يۈرگۈزدۈم. بەش يىل ئىلگىرى، 1948 - يىلى ئەركىن جۇڭگونىڭ مەركىزى تەيۋەندە كوممۇنىزىمغا، سوۋېتكە قارشى سىياسەتنى ئىجراقىلدىم، بۇمۇ يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش تۈزۈلگەن سىياسەتلەرئىدى، ھەممىسى ئەينى چاغدا ئۆزرولىنى كۆرسەتكەن ئىدى. دېمەك مېنىڭ يۇقۇرىقى سىياسەتلىرىم ئەينى چاغدا ئىجراقىلىنغان بولۇپ، ھېچقاچان تەيۋەنگە كەلگەندىن كېيىن تۈزۈلگەن سىياسەتلەر ئەمەس، شۇڭلاشقا شىنجاڭنى ساق - سالامەت ساقلاپ قېلىپ مەركەزگە تاپشۇرۇپ بەردىم، مەركەز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزئاۋارىچىلىقى بىلەن شىنجاڭغا كۆز تاشلىيالمىغان چاغدا، مەن سوۋېتكە يېقىنلىشىش ئۇسۇلى بىلەن سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرىدىن شىنجاڭنى ساقلاپ قالغانلىقىم ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى.

(2) ئىلگىرىكى ماركسىزىمغا ئىشىنىپ، كوممۇنىستلارغا قاتناشقانلارنىڭ يەنە ئۇلارغا قارشى تۇرۇش ھەققى يوقمۇ؟ ئەركىن دۇنيادا، تەيۋەندە بۇرۇن ماركسىزىمغا قارشى بولغان، كېيىن دۇنيا قارىشى ئۆزگىرىپ كوممۇنىزىمغا قارشى كۈرەش قىلغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ، بۇخىل ئىدىيىۋى ئۆزگىرىش ياسىغان كىشىلەر غەربتە ۋە ئەركىن جۇڭگودا خېلى مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىمەكتە، مەدەنىيەت ساھەسىدە، ماركسىزىم، ستالىنىزىمنى تەنقىت قىلىش كۈرىشىدە ئۇلار ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ خىزمەت قىلماقتا، ئەركىن دۇنيادىكى، تەيۋەندىكى ماركسىزىمدىن ۋاز كېچىپ ئۆزمەيدانىنى قوغدىغان كىشىلەر توغرا پوزىتسىيىگە ۋە مۇئامىلىگە ئۇچرىدى، يەنى ھەممىسى كوممۇنىزىمغا قارشى كىشىلەردۇر، بۇلارنى پەرىق قىلىش كېرەك. سىياسى نەزىرىيە ۋە پارتىيە - گۇروھلار كۈرىشىدە بۇخىل ئادەملەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىنمىسا چوڭ خاتالىقلار يۈزبېرىدۇ.

ھازىرقى دۇنيا - ئەركىن، دېموكراتىك دۇنيا بىلەن تۆمۈرپەردىلىك تاجاۋۇزچىلار دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش دەۋرىدۇر، تۆمۈرپەردە تاجاۋۇزچىلىق بولۇپ، ئەركىن دۇنيادىكى كىشىلەرنى تۆمۈر پەردىگە سولاپ ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئەركىن، دېموكراتىك دۇنيا بولسا خەلقنى تۆمۈرپەردىدىن قۇتقۇزۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھازىر ئەركىن دۇنيا تەشۋىقاتىدا - ئامېرىكا ئاۋازىدا، تۆمۈر قەپەز ئىچىدىكى خەلقلەرنى قەپەزنى سۇندۇرۇپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە، شەرقىي ياۋروپا تۆمۈرقەپەزدىن قېچىپ چىققانلار توختىمىدى، پەقەت 1952 - يىلى 100 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شەرقىي گېرمانىيىدىن قېچىپ چىققان ئىدى، يېقىندا جۇڭگو تۆمۈر قەپىزىدىن 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قېچىپ چىقتى، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى كوممۇنىستلاربولۇپ، ئۇلار ئەركىن دۇنيانىڭ قارشى ئېلىشىغا، قوللىشىغا ۋە مېھرىبانلىقىغا ئېرىشتى، ئەگەر ئامېرىكىلىق بىر كىشى تۆمۈر قەپەزدىن چىققانلارنىڭ ئاۋالقى ئىشلىرىنى تەنقىت قىلىمەن دىسە، ئامېرىكىنىڭ كوممۇنىزىمغا قارشى سىياسىتىدە چوڭ خاتالىقلارنى سادىرقىلغان بولاتتى، چۈنكى، ئىدىيىۋى جەھەتتە ئۆزگىرىش قىلغان كىشىلەر تۆمۈر قەپەزدە يولۋاس، كالا بولۇشنى خالىمىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەركىن دۇنيانىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ يېڭى كۈچ قوشقانلاردۇر».

---

ھۆرمەتلىك كىتاپخانلار، دىمەك شىڭشىسەينىڭ يۇقۇرىدا ئۆزىنى ئاقلاپ يازغا مەكتۇبىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە پۈتمەس - تۈگىمەس بالايى - ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن قانخورجاللات شىڭشىسەي، قىلچە نومۇس قىلماي ئاپئاق كىشى بولۇۋالغان ھەمدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە زور بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىڭشىسەي بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي جەريانىدا گومىنداڭنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن قانۇنى جاۋاپكارلىقتا تارتىلىشتىن قۇرتۇلۇپ قالغان.

قۇرۇلتاي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، موڭغۇلىستان، نىڭشا ۋە

( داۋامى 73 - بەتتە )

# چەتئەللەردىكى خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرى بېيجىڭ ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 99 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خىتاي ئىچىدە يەنە بىرقېتىم زور دېموكراتىك ھەرىكەت قوزغاشقا تەييارلىق قىلماقتا

(خىتايچە «ياۋروپا» گېزىتىنىڭ 98 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى ساندا بېسىلغان خەۋەرنىڭ تەپسىلاتى)

(تەيۋەن مەركىزى ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى نىيۇروكتىن بەرگەن تېلېگراممىسى):

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1989 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بېيجىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا تىنچلىق نامايىشى ئۆتكۈزگەن ئوقۇغۇچى ۋە شەھەرئاھالىلىرىنى قانلىق باستۇرغانلىقىنىڭ 10يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي دېموكراتىك زاتلىرى پۈتۈن يەرشارى مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىش مەقسىدىدە، «4 ـ ئىيون» ۋەقەسىنىڭ 10 ـ يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە تەييارلىق قىلىش كومىتېتى قۇردى. بۇ تەييارلىق كومىتېتىنىڭ ئاللاقىلاشقۇچىسى تاك بىچياۋ مۇنداق دېدى: « تەييارلىق كومىتېتىمىز ھەرخىل ئىجتىمائى كۈچلەرنى ئومومى يۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، كېلەريىلى 4 ـ ئىيوندا خىتاي چوڭ قۇرۇلتۇقىنىمۇ ئۆزئىچىگە ئالغان پۈتۈن يەرشارى مىقياسىدا خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ، 4 ـ ئىيوندا قۇربان بولغان قېرىنداشلىرىمىزنى ياد ئېتىمىز ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىدىن « 4 ـ ئىيون » ۋەقەسىگە قايتىدىن باھابېرىپ ئاقلاپ چىقىشنى، قىرغىنچىلىققا قاتناشقانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشنى ۋە يىللاردىن بۇيان كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كېلىۋاتقان دېموكراتىك زاتلارغا بولغان زىيانكەشلىكنى توختۇتۇشنى تەلەپ قىلىمىز ».

تاك بىچياۋ يەنە، ھازىر خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەشھۇر شەخسلەر، ئالىم ۋە مۇتەخەسسلەر، غەرىپ ئەللىرىنىڭ موھىم سىياسى ئەربابلىرى ۋە ئوقۇمۇشلۇق زاتلىرىدىن بولۇپ 100گە يېقىن كىشىنى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلغانلىقىنى، تيەنئەنمېن ۋەقەسىگە قاتناشقان ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى تۇتۇش بۇيرىقى چۈشۈرگەن 21 ئوقۇغۇچىلار رەھبىرى ئىچىدە ئىسمى 1 ـ ئورۇندا يەرئالغان ۋاڭ دەننىڭ بۇ تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىقىغا سايلانغانلىقىنى بايان قىلدى.

« 4 ـ ئىيون» ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمونى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ: پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا مىليون كىشىلىك ئىمزا توپلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىدىن «4 ـ ئىيون» ۋەقەسىنى ئاقلىشىنى ۋە قىرغىنچىلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ كەڭ كۆلەمدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىش، دۇنيانىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇش، پۈتۈن دۇنيادىكى خىتاي ئەلچىخانىللىرى ئالدىدا .

( داۋامى 70 ـ بەتتە )

## « تيەنئەنمېن ئەۋلاتلىرى ئالاقىلىشىش جەمئىيىتى» قۇرۇلدى

ياۋروپا «ختاي سودىگەرلىرى گېزىتى» نىڭ بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، 98 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، 89 - يىلدىكى بېيجىڭ ۋەقەسىگە قاتنىشىپ چەتئەللەرگە قېچىپ چىققان ئوقۇغۇچىلار دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئامېرىكىنىڭ كولۇمبىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدە 3 كۈن داۋام قىلغان بىرىغىن ئۆتكۈزۈپ، ختايدىكى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنى قايتىدىن ئومۇمى يۈزلۈك قوزغاش مەقسىدىدە، «تيەنئەنمېن ئەۋلاتلىرى ئالاقىلىشىش جەمئىيىتى» نى قۇرغان، بۇجەمىيەتنى قۇرۇش تەكلىۋىنى ئەينى چاغدىكى ئوقۇغۇچىلارھەرىكىتىنىڭ داھىسى ۋاڭدەن ئوتتۇرىغا قويغان.

## ختاي مەركىزى ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى «بىڭتۈەن» نى دۆلەتكە بىۋاستە قاراشلىق شىركەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى

ياۋروپادىكى «ختاي سودىگەرلىرى» گېزىتىنىڭ بۇيىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شەرقىي تۈركىستاندىكى فاشىست قوشۇن «بىڭتۈەن» نىڭ مۇئاۋىن سىياسى كومىسسەرى ۋاڭ گۈيجېن، ختاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ «بىڭتۈەن» نى كارخانا تۈسىنى ئالغان «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش گورۇھى» قىلىپ ئۆزگەرتىشنى رەسمى تەستىقلىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇگېزىتتە «بىڭتۈەن» ھەققىدە ئىزاھات بېرىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «**شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئەينى چاغدا شىنجاڭغا كىرگەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەرىپىدىن چېگرانى قوغداش مەقسىدىدە قۇرۇلغان بولۇپ، «بىڭتۈەن» مەمۇرى جەھەتتىن مىنىستىردەرىجىلىك ئورگان، «بىڭتۈەن» قارمىقىدىكى 14 دىۋىزىيەدە 2 مىليون 300 مىڭ نوپۇس باربولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ سانى 900 مىڭ نەپەر، مۇقىم مەبلىغى 700 مىليارت يۈەن ، دېمەك ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ سودا شىركىتىدىن ئىبارەت**».

يۇقارقى خەۋەرگە ئاساسلانغاندا كوممۇنىست ختاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بايلىقىنى تالان - تاراژقىلىش ئۈچۈن يېڭى بىر سىياسى نەيرەڭنى ئويلاپ چىققان، يەنى، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ 3 تەن بىرقىسمىغا يېقىن زېمىننى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئاساسلىق سۇمەنبەسىنى، ئەڭ مۇنبەت تېرىلغۇيېرىنى، ئاساسلىق ئورمان ، كان بۆلگىللىرىنى زورلۇق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالغان بۇغايەت زور زاپاس ئەسكىرى كۈچىنى بىرلا قارار بىلەن دۆلەتكە بىۋاستە قاراشلىق شىركەتكە ئايلاندۇرۇۋالغان.

# مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزدە ئىسلامنىڭ رولى

**ئابدۇجېلىل ئەمەت** (قارىم)

خەلقىمىز مۇبارەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغىلى مىڭيىلدىن ئاشتى، مانابۇ ئۇزاق تارىخى جەرياندا موسۇلمانلىق تۇيغۇسى خەلقىمىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا سىڭىپ كىرىپ، ئىسلام - خەلقىمىز ئەسلا ۋاز كېچەلمەيدىغان ئەڭ موھىم ئامىلغا ئايلاندى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆتمۈشتە سانسىزقېتىم مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ ئىستىلاسىغا، تالان - تاراجىغا دۇچاربولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇتۇپراقتا يىلتىزتارتقان دىنىي مەۋجۇتلۇق مىللىي مەۋجۇتلۇقنى مۇستەھكەم قوغداپ كەلدى. ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگىچە بولغان بارلىق مۇستەملىكىچى كۈچلەرنىڭ ئورتاق بىرمەقسىدى بارئىدى، ئۇبولسىمۇ - سەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلىشقا ۋە بۇ زېمىننىڭ ئىگىللىرىنى تەل - تۆكۈس ئاسسىملىياتسىيە قىلىپ يوقۇتۇشقا ئەڭ زور توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان دىنىي مەۋجۇتلۇقنى يوقۇتۇش ئىدى، ئەمما خەلقىمىز مۇبارەك قۇرانى كەرىمدە بۇيرۇلغان ئېتىقات ۋە پىرىنسىپلارغا تايىنىپ ئومومى يۈزلۈك جىھات ئېلىپ بېرىپ، مىللىي مەۋجۇتلىقىنى تاكى بۈگۈنگە قەدەر بىرپۈتۈن ھالدا ساقلاپ كەلدى، چۈنكى مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزدا ئادالەتسىزلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، ئابرويپەرەسلىك، مەنسەپپەرەسلىك، كەيپى - ساپا ... قاتارلىق تۈرلۈك چىرىك ئادەتلەرقاتتىق چەكلەنگەن، سەممىيەتلىك، بىرلىك - باراۋەرلىك، خالىس نىيەتلىك، تەقۋادارلىق ۋە ساداقەتمەنلىك... قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە گۈزەل خىسلەتلەر بۇيرۇلغان. شۇنداقلا، ھەربىرئىشنى ئاللارىزاسى ئۈچۈن قىلىش، خەلقىمىزنىڭ ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان داھىلىرىمىزنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىش بۇيرۇلغان، خەلقىمىز ئىسلامدا كۆرسىتىلگەن مانابۇ گۈزەل خىسلەتلەرگە ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىپ، ئۇزۇن يىللىق تارىخى كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە دىنىي ئېتىقادىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم كۈچەيتىش ئارقىلىق خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمىدىن قۇرتۇلغىلى بولىدىغانلىقىغا شەكسىزھالدا ئىشەندى. مانا بۇھەقىقەتنى دۈشمىنىمىزبولغان خىتاي مۇستەملىكىچىللىرىمۇ ياخشى بىلىپ يەتكىنى ئۈچۈن، نۆۋەتتە خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاتىنى يوقۇتۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ موھىم ۋەزىپىسى دەپ قارىماقتا ۋە دىنىي ساھەگە قاراتقان زىيانكەشلىكنى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتۇرماقتا

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومومى ۋەزىيىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ دىنىي ساھەگە سېلىۋاتقان زىيانكەشلىكنى ئاساسەن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

**بىرىنچىدىن، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمتى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى قەدەمباسقۇچلۇق ھالدا پەيدىن - پەي يوقۇتۇشقا تىرىشتى. بۇنىڭ ئاساسلىق**

www.uyghurkitap.com



ئىپادىلىلىرى شۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى يېڭى مەسچىت سېلىشنى چەكلەش، كونا مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇشنى توسۇش، دىنىي مەكتەپلەرنى ۋە قۇرئان كۇرۇسلىرىنى زورلۇق بىلەن تاقىۋېتىش، ئىسلام دىنى جەمىيەتلىرى ۋە ئىدارىلىرىنى سىياسى ئورگانغا ئايلاندۇرۇۋېلىش، ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەتئەللەردىن ئىسلامى پىكىر - ئېقىملارنىڭ ۋە دىنىي كىتاپلارنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى قاتتىق چەكلەش... قاتارلىق ۋاستىلارنى يولغا قويۇپ، خەلقىمىزنىڭ دىنىي سەۋىيىسىنى ئاجىزلىتىشقا ۋە دىنىي تۇيغۇسىنى زەئىپلىتىشكە ئۇرۇندى. بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا «دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى» نى يولغا قويغاندىن بېرى، شەرقىي تۈركىستاندا ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چوڭ - كىچىك 10 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت ۋە تارىخى تۈسكە ئىگە ئىبادەت ۋە زىيارەت يەرلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ، نورمالنى دىنىي پائالىيەتلەر قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىدى، ھەرقايىسى مەسچىتلەرگە ھۆكۈمەتنىڭ مەخسۇس ئىختىسادى مۇپەتتىشلىرى يەرلەشتۈرۈلۈپ، جامائەت تەرىپىدىن مەسچىتلەرگە ئىئانە قىلىنغان تۈرلۈك ياردەملەر بىۋاستە ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇئارقىلىق ھۆكۈمەت مەسچىتلەرنىڭ خەيرى - ساخاۋەت پائالىيەتلىرىنى ۋە مەسچىت رېمونت قىلىش، كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشلىرىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئېخىمۇ يىرگىنىشلىك يېرى شۇكى، ھېيت - بايرام ۋە جۈمە نامازلىرىدا ھەرقايىسى مەسچىتلەر خىتاينىڭ جاسوس ۋە پايلاقچىلىرى تەرىپىدىن مەخسۇس كۆزىتىلدى، ئىمام - خاتىپلىرىمىزنىڭ جامائەتكە دىنىي مەزمۇنلاردا ۋەز - نەسىھەت قىلىشى قاتتىق چەكلەندى.

**ئىككىنچىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەقىقى دىنىي ئۆلىمالىرىمىزغا ۋە دىنىي زاتلىرىمىزغا تۈرلۈك تۆھمەتلەر بىلەن زىيانكەشلىك قىلىپ، ھۆكۈمەتكە سادىق چالا موللىلارنى ۋە غالچىلارنى يۆلەپ چىقىپ، مۇقەددەس ئىسلام دىنىنى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەملىكىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا تىرىشتى.** خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىرى ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي ھاكىمىيىتىگە ئەڭ زور خەۋپنىڭ دىنىي زاتلىرىمىزدىن كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكىنى ئۈچۈن، خەلقىمىزنى ھەقىقى دىنىي ساۋاتلاردىن مەھرۇم قالدۇرۇش ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلىرىمىزنى كوممۇنىستىك ئىدىلوگىيە بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلارنى پۈتۈنلەي دىنسىز ۋە ئىمانسىز قالدۇرۇش مەقسىدىدە، خەلقىمىزگە توغرا دىنىي بىلىملەرنى بېرىپ كېلىۋاتقان ئۆلىمالىرىمىزنى، «پانئىسلامىزىمچى»، «ئەكسىلئىنقىلاپچىلار» دېگەندەك تۈرلۈك - تۈمەن بەدناملارنى چاپلاپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تۈرمىلەرگە تاشلىدى ياكى مەسچىتلەردىن ھەيدەپ چىقاردى، بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە بۇخىل زىيانكەشلىك ئەڭ يۇقىرى چېكىگە يەتتى، بۇجەرياندا سانسىزلىغان دىنىي زاتلىرىمىز خىتاينىڭ دەھشەتلىك زىندانلىرىدا شېھىت بولدى. خىتاي ھۆكۈمىتى دىنىمىزنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىمانىنى بۇلغاش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە سادىق موللىلارنى ۋە قاراقوساق غالچىلارنى ھەرقايىسى مەسچىتلەرگە ئىمام - مۇئەززىن قىلىپ تەيىنلەپ، بۇئىنسانلارنىڭ كانىيى ئارقىلىق

خەلقىمىزگە كومپارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ۋە كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيىنى تەشۋىق قىلدى، ا هازىرمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئىمام ـ مۇئەززىنلار جامائەتكە دىنىي ساۋات بەرمەي، ئەكسىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» نى، «ئارمىيە ـ خەلق ئىتتىپاقلىقى» نى، «پىلانلىق تۇغۇت» نى ۋە كومپارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلدىغان، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىشنى تەرغىپ قىلىدىغان ئېچىنىشلىق ۋەزىيەت ئومومىي يۈزلۈك شەكىللەندى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، «دىنىي ئىشلار ئىدارىسى» ۋە «ئىسلام جەمئىيىتى» نىڭ نامى ئاستىدا ھەرخىل سىياسىي كۇرۇسلارنى تەشكىللەپ، ئىمام ـ مۇئەززىنلارنى ۋە دىنىي زاتلارنى مەجبۇرى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ مېڭىسىگە ماركسىزىملىق مىللەت نەزىرىيىسىنى، كوممۇنىستىك ئاڭ ۋە ئىدىئولوگىيىنى سىڭدۈرۈشكە ھەم ئۇلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق جامائىتىمىزنى زەھەرلەشكە تىرىشتى. مەسىلەن، 80 ـ يىللاردا دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۈرۈمچىدە «ئىسلام ئىنستىتوتى» قۇرۇلغان ئىدى، ئەسلىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن بۇ مەكتەپتە ئىمام ـ مۇئەززىنلىرىمىزغا يۇكسەك سەۋىيىدە دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ كۆزىنى بوياپ، گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىپ، ئىمام ـ مۇئەززىنلىرىمىزغا مەخسۇس سىياسىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ يولغا سېلىپ، ئىسلام ئىنستىتوتىنى ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە مەكتىپىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. گەرچە خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدا، ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە دىن بىلەن سىياسەتنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرماسلىق، دەپ ناھايىتى ئېنىق تەكتلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرى تۈزگەن ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ ھالدا، «دىنىي سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش» دېگەن شوئارنى ئاشكارە ھالدا كۆتۈرۈپ چىقىپ، دىنىي ساھەنى پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكە سىياستىنى تەشۋىق قىلىدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغان سىياسىي ساھەگە ئايلاندۇرۇۋېلىشقا تىرىشتى.

**ئۈچىنچىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنىي ساھە بىلەن پەننىي ساھە ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ ـ قارشىلىق ۋە زىددىيەت پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى.** بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى شۇكى، بىرتەرەپتىن، خىتاي ھۆكۈمىتى مىللىي زىيالىيلىرىمىزغا كوممۇنىستىك ئاڭنى مەجبۇرى سىڭدۈرۈش، ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بېرىشىنى ۋە دىنىي ساۋات ئېلىشىنى قاتتىق چەكلەش، خىتاينىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە ئەنئەنىلىرىنى ئۇلارغا زورلاپ تېڭىش، خىتايچە موھىتقا ماسلىشىپ ياشاشقا قىستاش... قاتارلىق فاشىستىك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي تۇيغۇللىرىنى ۋە دىنىي مەۋجۇتلىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا ياكى زەيىپلىتىشكە ئۇرۇنسا، يەنەبىرتەرەپتىن، زىيالىيلىرىمىزغا دىنىي ساھەدىكىلەرنى، بولۇپمۇ دىنىي زاتلىرىمىزنى «قالاق ئىنسانلار، خۇراپىلار، كونىلىقنى تەرغىپ قىلغۇچىلار» دەپ تەشۋىق قىلىپ، دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە ۋە زەئىپلىتىشكە تىرىشتى، گەرچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى زىيالىيلىرىمىز خىتاينىڭ رەزىل مەقسىدىنى ۋە ئەپتى ـ بەشىرىسىنى تونۇپ يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ئازساندىكى زىيالىلىرىمىز، بولۇپمۇ بىرقىسىم ياشلىرىمىز خىتاينىڭ بۇخىل تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ كەتتى ياكى كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيىنىڭ زەھەرلىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، دىنني ساھەدىكىلەرگە باشقىچە قارايدىغان، يەنى دىنني زاتلىرىمىزنى مەنسىتمەيدىغان، ھەتتا ئۇلارغا نەپرەتلىك قارايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. خىتاي ھۆكۈمىتى يەنە زىيالىلىرىمىز ئىچىدىكى بۇخىل ئازساندىكى ئىنسانلارنىڭ كوممۇنىستىك دۇنيا قارىشىنى رادىيو- تېلېۋىزىيە قاتارلىق تۈرلۈك تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ، خۇددى بارلىق زىيالىلىرىمىزنى دىنسىزدەك، خىتايلىشىپ كەتكەندەك قىلىپ كۆرسىتىپ، دىنني ساھەنىڭ زىيالىلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغىماقچى بولدى، ھەقىقەتەنمۇ خىتاينىڭ بۇخىل نەيرىڭى ئانچە - مۇنچە ئۈنۈم بەردى ۋە دىنني ساھەدىكى بىرقىسىم ئازساندىكى ئىنسانلار مىللىتىمىزنىڭ بايلىقى بولغان زىيالىلىرىمىزغا باشقىچە قارايدىغان، ھەتتا زىيالىلىرىمىزنى كاپىرلار، كوممۇنىستلاردەپ قارايدىغان ناچار خاھىش بارلىققا كەلدى.

قىسقىسى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ دىنني ساھەيىمىزگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى ۋە زىيانكەشلىكلىرىنى ئېيتىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس، نۆۋەتتە ئىسلامىيەتكە قىلىنغان ئەڭ ئېغىرھاقارەت ۋە دۈشمەنلىك شەرقىي تۈركىستاندا داۋام قىلماقتا.

گەرچە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىمانىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىنسانلىق ئالىمىدىكى ئەڭ رەزىل ۋاستىلارنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، ئەمما موسۇلمانلىق ئەقىدىللىرىگە ساداقەتمەن خەلقىمىز، خىتاي مۇستەملىكىچىللىرىنىڭ زۇلمىغا ھېچبىرزامان تىزپۈكمىدى، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە دىنني مەۋجۇتلىقىنى ۋە موسۇلمانلىق شان - شەرىپىنى قوغداپ كەلدى. سانى ئىنتايىن چەكلىك بولغان دىنني ئۆلىمالىرىمىز ۋە زاتلىرىمىز گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ۋە تالاي قېتىملاپ تۈرمىلەرگە تاشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار خەلقىمىزگە، بولۇپمۇ ياش ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قەلبىگە مۇبارەك ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى ۋە مەرىپەتلىرىنى سىڭدۈرۈشنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى خىتاي تېرورى قاپلىغان ئىنتايىن خەتەرلىك موھىت ئىچىدىمۇ، دىنني زاتلىرىمىز ھاياتىنىڭ خېيىم - خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، مەخپىي قۇران كۇرۇسلىرىنى ۋە دىنني مەدرىسلەرنى ئېچىپ، دىنني جەھەتتە خېلى مۇكەممەل يېتىشكەن زور بىرتۈركۈم ياش تالىپلارنى تەربىيىلەپ چىقتى، شۇنداقلا ھەرخىل سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ خەلقىمىزگە ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىرىنى توغرا ۋە لايىقىدا ئاڭلىتىپ، خەلقىمىزنىڭ دىنني مەۋجۇتلىقىنى قوغداشقا تىرىشتى. بولۇپمۇ ئەڭ موھىمى شۇ بولدىكى، كەڭ دىنني زاتلىرىمىز تارىخى ساۋاقلار ئارقىلىق، دىنني مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى، شۇڭا ئۇلار تالىپ يېتىشتۈرگەندە ۋە خەلقىمىزگە ۋەز - نەسىھەت قىلغاندا بۇنۇختىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، بۇئارقىلىق ئۇلار دىنني ساھەدە ھېچقانداق كۈچ يىمىرەلمەيدىغان زوربىرتۈركۈم ياش مۇجاھىتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن بۇيان خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە

قارشى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى دىنىي ساھەيىمىزدە ئىنتايىن گەۋدىلىك ۋە جىددى بولدى، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا دىنىي ساھەيىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي كۆرىشىمىز، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئومومى مۇجادىلىمىزگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ھالغا كەلدى. مەسىلەن، 80 ـ يىلدىن بۇيان يۈزبەرگەن قاغىلىق ئىنقىلاۋى، قەشقەرئىنقىلاۋى، بارىن ئىنقىلاۋى، خوتەن ئىنقىلاۋى، ئۈرۈمچى «19 ـ ماي ئىنقىلاۋى» ۋە ئۆتكەن يىلى يۈزبەرگەن ئىلى ئىنقىلاۋى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاساسەن دىنىي ساھەيىمىزدىكىلەر تەشكىللىدى ۋە قوزغىدى، دىنىي شوئار ئىلاھى شوئار بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ چاقىرىق كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى ۋە بۇ كۈرەشلەرنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە خەلقئارا تەسرى ئىنتايىن زوربولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك بولغان ياشلىرىمىزنىڭ قەلبىدە، «ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى بولىمىز» دەيدىغان ئىشەنچ بولغىنى ئۈچۈن، ھەرقېتىملىق مىللىي كۈرەشلىرىمىزدە ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن ئىسسىق قېنىنى ۋە جېنىنى ئايىمايدىغان كۆپلىگەن باتۇر ئوغلانلىرىمىز كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

گەرچە نۆۋەتتە مىللىي مۇجادىلىمىزنىڭ ئاساسى قوشۇنىغا دىنىي ساھەيىمىزدىكىلەر يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھېچ بىرزامان نوقۇل ھالدا «پۈتۈن كاپىرلارغا قارشى قازات» ئېلىپ بارغىنى يوق، ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇۋاتقىنى خەلقىمىزگە چىدىغۇسىزھالدا زۇلۇم سېلىۋاتقان مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتى، ئۇلارنىڭ بىردىن ـ بىرمەقسىدى ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھۆرلۈككە ۋە تەل ـ تۆكۈس ئازاتلىققا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەمما، مەككارخىتاي ھاكىمىيىتى دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئومومى باياننامىسىدە كۆرسىتىلگەن ئىنسانى ھەق ـ ھوقوقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنى تاشقى دۇنياغا، «پانئىسلامىزىمچىلار»، «رادىكال ئىسلامچىلار»، «فوندامىنتالىستلار» دەپ تەشۋىق قىلماقتا ۋە «بۇلارنىڭ كۈرىشى مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئەمەس، بەلكى موسۇلمان بولمىغان بارلىق مىللەتلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئومومى يۈزلۈك غازات غوزغاشتىن ئىبارەت» دەپ قارىلىماقتا. ئەمىلىيەت شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، خەلقىمىز ھېچبىرزامان بىگۇنا كىشىلەرگە قارشى رادىكال ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ئەمەس، ئادەتتىكى خىتاي خەلقىغە قارىتا جىھات ئۇرۇشى قوزغىغىنىمۇيوق، ئەگەر ئۇلار شۇنداق قىلىشنى خالىغان بولسا ئىدى، شەرقىي تۈركىستاندا ھەركۈنى مىڭلاپ خىتاي پۇخراسى ئۆلگەن بولاتتى، مۇجاھىتلىرىمىزئۈچۈن بۇ ئىنتايىن ئاسان بىرىيول ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي كۈرەشلىرىمىزنى «تېرورىستىك ھەرىكەت» دەپ ئەيىپلىشىنىڭ ھېچقانداق تارىخى ۋە رىيال ئاساسى يوق، خالاس. خۇددى پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاندا ئەسلى تېرورىستلىقنى خىتاي ھاكىمىيىتى يۈرگۈزمەكتە ۋە قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىمۇ بولمىغان بىگۇنا خەلقىمىزنى يۈزلەپ، مىڭلاپ قىرىپ تۈگەتمەكتە. گەرچە خەلقىمىز خېلى ئۇزۇن بىرمەزگىل ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانى ھەق ـ ھوقوقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن تېنچلىق ئۇسولى بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئەمما مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىمىزنىڭ ھەققانى تەلەپلىرىگە ھېچبىرزامان قۇلاق سالمىدى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەكسىچە خەلقىمىزنىڭ تىنچلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرىگە تانكا ۋە مىلتىق - زەمبىرەكلەر بىلەن جاۋاپ قايتۇردى، خوتەن ۋەقەسى ۋە ئىلى ۋەقەسى بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدىن ئىبارەت، شۇڭا خەلقىمىزنىڭ قوراللىق كۆرەش ئېلىپ بېرىشىغا تامامەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېكىدىن ئاشقان تېرورىستىك ھەرىكەتلىرى سەۋەپچى بولدى، خەلقىمىز ھېچ بىر زامان تېرورىستلىق قىلغىنى يوق، بەلكى ئۆزتۇپرىقىدا ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قوغداش ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرەش ئېلىپ بارماقتا، بۇخىل كۆرەشنىڭ خەلقئارالىق قائىدە - قانۇنلارغا خىلاپ كېلىدىغان ھېچبىر يېرى يوق.

مىللىي مۇجادىلىمىزدە دۇنياغا ئۆرنەك قىلىپ كۆرسۈتىشكە مۇناسىپ يېرى شۇكى، گەرچە نۆۋەتتە مۇستەملىكىگە قارشى كۆرىشىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەممە ساھەگە يېيىلغان بولسىمۇ، ئەمما دىنىي ساھە بىلەن باشقا ساھەلەر ئوتتۇرىسىدا ھېچقاچان ئىختىلاپ ياكى زىددىيەت يۈزبەرمىدى، ئىسلامى ھەرىكەتلەربىلەن مىللىي ھەرىكەتلەر خۇددى گۆش بىلەن قاندەك ئۇيۇشتى، ھەممىسىنىڭ ئورتاق شوئارى ۋە مەقسىدى - مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش بولدى.

ئاخىرىدا شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمەنكى، دىنىي زاتلىرىمىز ۋە زىيالىلىرىمىز مىللىتىمىزنىڭ ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ زوربايلىقى، شىكۈندىقلا خەلقىمىزنىڭ ئاساسى، ئۇلار كەلگۈسىدە مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان موھىم قوشۇن. ۋەتىنىمىز مۇستەملىكىگە دۇچاربولغاندىن بۇيان، دىنىي زاتلىرىمىز بىلەن زىيالىلىرىمىزنىڭ تەقدىرى ئوخشاش بولۇپ كەلدى، بولۇپمۇ كوممۇنىست خىتاي دەۋرىدە ھەرقېتىم سىياسى داۋالغۇچ يۈزبەرگەندە، ئالدى بىلەن دىـ زاتلىرىمىز ۋە زىيالىلىرىمىز خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە دۇچاربولدى، بولۇپمۇ «مەدىنىيەت زورئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە، ئاساسلىق دىنىي زاتلىرىمىز ۋە زىيالىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا شېھىت بولدى، چۈنكى، دۇنيا تارىخىدا ھەرقانداق بىر مۇستەملىكىچى كۈچ باشقا بىرمىللەتنى ماناپول ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشتا ئالدى بىلەن شۇمىللەتنىڭ بايلىقى بولغان دىنىي ئۆلىمالارنى ۋە ئىلىم ئىگىللىرىنى يوقۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنى تامامەن نادان قالدۇرۇپ ئىدارەقىلىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ كەلگەن ئىدى. شۇڭا، دىنىي زاتلىرىمىزنى ۋە زىيالىلىرىمىزنى قەدىرلەش ۋە ئۇلارنى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداش - بارلىق خەلقىمىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئەلۋەتتە شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، 40 نەچچە يىللىق كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىدىن بۇيان، زىيالىلىرىمىز، بولۇپمۇ ياش زىيالىلىرىمىز كوممۇنىستىك ئاڭ ۋە ئىدىئولوگىيىنىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى، خېلى كۆپلىگەن زىيالىلىرىمىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلىشى ۋە ياشىغان موھىتىنىڭ ئىمكانسىزلىقى تۈپەيلىدىن، دىنىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشتىن مەھرۇم قالدى، بولۇپمۇ زىيالىلىرىمىز ئاساسەن خىتايلار مەركەزلەشكەن رايونلاردا ياشاشقا مەجبۇرقىلىنغاشقا، قىسمەن ھالدا خىتايچە ئەنئەنىنىڭ تەسىرىگە دۇچاربولدى، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، دىنىي ساھەدىكىلەرمۇ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئەۋلاتلىرىنى پەننىي جەھەتتىن تەربىيىلەشكىمۇ تازا ئەھمىيەت بېرىپ كېتەلمىدى.

دىن بىلەن پەن خۇددى ئادەمنىڭ بىرپۈتۈن

ۋۇجۇدىغا ئوخشاش بىر - بىرىگە مەھكەم ئۇيۇشۇپ كەتكەن، دىن - پەننىڭ ئاساسى. قۇرئانى كەرىمدە ئاللاتائاللا مۇھەممەت ئەلەيكىسسالامغا، «ئەي مۇھەممەت، سەن كەلگۈسىدە پۈتۈن يەرشارىدىكى ئىنسانلارنىڭ رەھبىرى، يېتەكچىسى، يولباشچىسى ۋە يۈكسەك پەيغەمبىرى بولماقچىسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن سېنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن» دەپ بۇيرىغان: ئەگەربىز دىنني مەۋجۇتلىقىمىزبىلەن مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆزىمىزنى دىنني ۋە پەنني جەھەتتە مۇكەممەل يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە خېلى كۆپلىگەن كىشىللىرىمىزنىڭ كاللىسىدا، «بىز ئۇيغۇربولغىنىمىزئۈچۈن ئەلۋەتتە موسۇلمانمىز» دەيدىغان قاراش مەۋجۇت، ئەمما بىز موسۇلمانلىقىمىزنى شەكىلدە ئەمەس، بەلكى ئەملىيەتتە تولۇق كۆرسۈتىشىمىز كېرەك، يەنى، ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى، ئەقىدىللىرىنى ۋە پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى ئەتراپلىق ئۆگۈنۈپ، ئۆزىمىزنى ئىسمى - جىسمىغا مۇناسىپ ھەقىقى موسۇلمان قىلىپ يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك، بولۇپمۇ كەلگۈسىدە دۆۋلەتنى ئىدارەقىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان زىيالىلىرىمىز بۇ نۇختىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، دىنني بىلىمنى ۋە تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈپ، بۇئارقىلىق ئۆزلىرىنى كوممۇنىستتىك ئاڭ ۋە ئىدىيولوگىيىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ قېلىشى كېرەك. بىزنى خىتاي ئاتىسىملاتسىيىسىدىن قوغداپ قالىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل - ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت، ئەگەربىز مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنى قوغداپ قالىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئىمانىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىشىمىزۋە بۇئارقىلىق دىنني مەۋجۇتلىقىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەم قوغدىشىمىز لازىم.

1998 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

(گىرمانىيە - مىيونخىن)

## خىتايدا دېموكراتىك زاتلار يەنە تۈرمىلەرگە تاشلاندى

ياۋروپادىكى «خىتاي سودىگەرلىرى گېزىتى» نىڭ 98 - يىل 10 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان خەۋەرنىڭ مەزمونىغا ئاساسلانغاندا، بۇيىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن ئېتىۋارەن خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى بېيجىن، جىلىن، شەندۇڭ، ئەنخۇي قاتارلىق جايلاردا دېموكراتىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان زوربىرتۈركۈم خىتاي دېموكراتلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىلەرگە تاشلىغان، ھەرقايسى ئۆلكىلەردە بۇخىل تۇتقۇن قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خىتاينىڭ 23 ئۆلكىسىدىكى 179 نەپەر مەشھۇرزاتلار جاڭ زېمىن بىلەن جۇرۇڭجىگە ئوچۇق خەت يېزىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى ئېغىرھالدا دەپسەندە قىلغان بۇخىل قىلمىشىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن.

# ۋەتەندە ئاشكارىلانمىغان بىر خائىنلىق خېتىنىڭ سىرى

**باتۇر راشىدىن**

ۋەتەن ساتقۇچىلۇق بىلەن خەلقىمىزنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان يۇقۇرى دەرىجىلىك مىللىي مۇناپىقلارنىڭ بىرى — قىيۇم تۇردىنىڭ 1991 - يىلى 10 - دېكابىردا «باش شۇجى جاڭزېمىنگە» دەپ ئاتالغان «قەتئىي مەخپىي» ساتقۇنلۇق خېتى مىيۇنخېندا چىقىدىغان «تامچە» ژورنىلىنىڭ 1997 - يىللىق بىرىنچى سانىغا بېسىلىپ ئاشكارىلانغان.

مۇستەملىكىچىلەر بىلەن يېتىشتۇرگەن مىللىي مانقۇرت يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولمىش قىيۇم تۇردى كەسپى مىللىي مۇناپىقلىق بەدىلىگە 1989 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا خوجايىنلىرى تەرىپىدىن بۇ بىرلەشمىنىڭ رەئىسلىك مەنسىپى بىلەن مۇكاپاتلانغان ئىدى. دەل مۇشۇ بىرمەزگىلدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار ئىتتىپاقى 4 - نۆۋەتلىك قۇرولتىيىدا بۇ ئۇرۇننىڭمۇ رەئىسلىكىگە كۆرسەتكەندە ۋەكىللەرنىڭ 70 پىرسەنتى قارشى ئاۋاز بەرگەنلىكتىن ئۆتەلمەي قېلىپ، لەت بولۇشقانلىقى مەلۇم. ئاچچىقى كەلگەن خوجايىنلار بۇ ئۇرۇننى 5 - قۇرولتايغىچە (1996 - يىلغىچە) بوش قالدۇرغان.

مىللىي خائىن قەيۇم تۇردى بۇ مەخپىي خېتىنى ئۇرۇمچىدە يۇقۇرى ئەمەلدارلار ئىچىدە كەڭ مۇھاكىمە قىلىشنى رەئىس جاڭزېمىندىن ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنداق قىلىنمىغان. نېمىشكە؟ تەبىئىكى، بۇ سادىق يالاقچىنىڭ خەلق ئىچىدە تېخىمۇ كۆچلۈك كىرەك نەپرەتكە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنىڭ زىيان تارتىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشنى ئەۋزەل كۆرگەن بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ چاققىچە خەتنى ئاشكارىلىسا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىنى يەرلىك مىللىي خائىنلارغا تايىنىپ ساقلاۋاتقانلىقىدەك نەپرەتلىك مىللىي سىياسەتنىڭ مېزى كۆرۈنۈپ قالىدىغانلىقى ئېنىق.

بۇ مەخپىي خائىنلىق خەت بىز ئۈچۈن مىللىي مۇناپىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەن پىسخولوگىيىسىنىڭ قانچىلىك خەتايىلىشىپ كەتكەنلىكىنى قەيۇم تۇردى مىسالىدا چۈشۈنىشىمىزگە ۋە ھەمدە ئۇلارنى ئەيپلىشىمىزگە نەق پاكىت بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇ سېسىق خەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن ماھىيىتىنى تۆۋەندىكى يەتتە مەسىلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلماقچىمىز.

1 - خەتتە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ خەتايىنىڭ ئىشەنچىسىگە بىمالال ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تامامەن خەتايلاشقانلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. بۇنىڭ ئالامەتلىرى تۆۋەندىكىچە ئىزھار قىلىنغان: «مەن رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 6200 ئەزاسى ۋە يۈزدىن ئارتۇق يۇقۇرى دەرىجىلىك ئۇنۋانىغا ئىگە زىيالىلىرى بار. بۇلار كومپارتىيەنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ۋە دۆلەت بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئوخشاش زور مەسىلىلەردە سىناقتىن ئۆتكەن، ھەل قىلغۇچى پەيتلەردە پارتىيە بىلەن بولغان بىردەكلىكنى ساقلىيالايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە

بىر قوللۇق تەربىيىلىگەن. ئۇلارغا قەتئىي ئىشىنىش كېرەك.

مانا بۇ مەلۇماتتا ئۆزلىرىنىڭ خائىنلىقتا يېتىلىپ چىقىش جەريانى بىلەن سۆيەت دەرىجىسىنى ئۆزلىرى چۈشەندۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

خىتايلاشقان بۇ ساتقۇنلار كاللىسىنىڭ خىتاي تەرغىباتى بىلەن قانچىلىك زەھەرلەنگەنلىكىنى بۇ خەتتە مۇنداق ئىقرار قىلغان: «شىنجاڭ ئەزەلدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى ئېلىمىزنىڭ مەركىزى ھاكىمىيىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرىشىدا بولۇپ كەلگەن.» مانا بۇ جۈملە خىتايلارنىڭ تېخى يېقىندىلا ئويدۇرۇپ چىقارغان توھمەتلىرى بولۇپ، بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار راستىنلا شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ چۈشەنگەن ۋە بۇ خىتايچە توھمەتنى تۇتقا قىلغان خائىنلار بولسا ئۆز مىللىتىگە قارشى تۇرۇپ خوجايىنلىرىغا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق يۇقۇرىغا ئۆرلەشنىڭ مەنبۇيي قورالى قىلىپ ئىشلەتقان. بۇلار يەنە «ۋەتەن بىرلىكى» دىگەن مەستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە ئويغۇن تۇقۇپ چىققان: «خىتاينى ھەممە مىللەت بىرگە قۇرغان» دېگەن ئالدامچى تەشۋىقاتقا گۆل بولۇپ، كۆڭلىنى خوش قىلىپ يۈرگەن. جۈملىدىن خەتتە بۇ سەپسەتە مۇنداق تەرىپلەنگەن: «ئۇيغۇر خەلقى ئۇلۇق خەنزۇ خەلقى بىلەن بىرلىكتە بۈيۈك جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. مانا بۇ ئويدۇرمىغا مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ئىشەنگەنلىكىنىڭ ئۆزى — ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن تامامەن خىتايلاشقانلىقىنى، ھەتتا ئۆزىنى «جۇڭخۇا مىللىتى» (يەنى خىتاي) دەپ تونۇيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق بۇ مىللىي مۇناپىقلارنىڭ مۇشۇ قەدەر ھاماقەت، كولدۇر ئىكەنلىكىگە ئەشۇ ئويدۇرمىنى ئۇيلاپ چىقارغان خىتاينىڭ ئۆزى كۆلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

خىتاي باسقۇنچىلىقىنىڭ: «جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك دۆلەت»، «جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ھەممە مىللەتلەر ياراتقان» دېگەن ئېزىتقۇ تېزىسى ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىنى ئۇيغۇرلارغا «تىنچ»، «مەدەنى» يۇسۇندا قوبۇل قىلدورۇشتىن ئىبارەت ۋاقىتلىق ھىلىگەرلىكى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېلىشىمىز كېرەك. شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، قەدىمقى شەرقىي ھونلار، تۈرۈكلەر، مۇڭغۇللار، مانجۇرلار، تاڭغۇتلار، سېرىق ئۇيغۇرلار گەرچە خىتاينى بىر مەزگىل ئىدارە قىلغان ۋە مەدەنىيەت تارقاتقان بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى خىتايلىشىپ ئىزناسىمۇ قالمىدى. ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ: «بىز جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بىللە بەرپا قىلىۋاتىمىز» دەپ ئاخماقلىق قىلىپ خىتايغا تەدرىجى سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىدىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. ئوتكەن ئەسىرلەردە باشقىلار زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ ھاكىمىيەت قۇرغان زوراۋان مىللەتلەر ھازىر شۇ سابىق مۇستەملىكىلىرىنى ئۆز يېرى قىلىپ ئالالمىغاندەك خىتاينىڭ «ئورتاق ۋەتەن» ھىلىسى ئاستىدىكى يەر داۋاسىنى ئۇيغۇرلارمۇ ھېچ ئىناۋەتكە ئالمايدۇ. مەيلى ئۇيغۇرلار ئىچكى خىتايغا مەدەنى تەسىر كۆرسەتسۇن، مەيلى خىتايلار شەرقىي تۈركستاندا ھاكىمىيەت قۇرغان بولسۇن، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بۇ ئىككى ئېتنىك مىللەتنى قۇشۇۋېتىشكە زادىلا بولمايدۇ. ھەم بىر مەملىكەتمۇ بولالمايدۇ.

خەتتە يەنە بىر تۈركۈم مىللىي مۇناپىقلارنىڭ خوجايىنلىرىغا ئۆزلىرىگە ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى دەلىللەش يۈزىسىدىن مۇنداق مەلۇمات كەلتۈرگەن: «مەن ئىشىنىمەنكى ئۇلار

www.uyghurkitap.com

(خىتايلاشقان مىللىي كادىرلارنى دېمەكچى) بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇرەككەپ خەلقئارالىق كۆرەشلەردە تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشالايدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدۇ.» مانا بۇنى خائىنلىقنىڭ ئۆز خوجايىنلىرىغا بەرگەن تىل خېتى دېيىشكە بولىدۇ. دېمەك، بۇ مىللىي مۇناپىقلار شۇنچىلىك بىچارە ھاماقەتلەردىن بولغانكى، ئۇنىڭ خوجايىنلىرى شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈ يۇتۇپ ئېلىش ئۈچۈنلا ئەتەيىن «ۋەتەن بىرلىكى تارىخى» نى يالغاندىن توقۇپ چىققان بولسا، بۇ يالغاننى قەيۇم تۇردى قاتارلىق كولدۇرلار «چىن ھەقىقەت» دەپ ئىشەنگەن. ئۆتمۈشتىكى ۋەتەن ساتقۇنلىرى خىتاي مىللىتىدىن قورقۇپ خائىنلىقنى كەسىپ قىلىشقان بولسا، ھازىرقى ۋەتەن ساتقۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئېيتقاندەك خىتاينىڭ «قول بالىسى» ھالىتىدىكى خائىنلار دەرىجىسىگە يەتكەن.

2 - خىتايلاشقان بۇ مىللىي مۇناپىقلار مەنچىڭ خانلىرىنىڭ تۇرپان - لۈكچۈن ۋاڭلىرىغا ئىشەنچ قىلغانلىقلىرىغا ئوخشاش ھازىرقى بېيجىن ھاكىم مۇتلەقلىرىنىڭمۇ ئۆزلىرىگە تولۇق ئىشەنچ قىلىپ، ئالىي ھوقۇق تاپشۇرۇشلىرىنى ئۇلاردىن ئۆتۈنگەن. بۇ ساتقۇنلۇقنىڭ دەلىللىرى خەتتە تۆۋەندىكىچە ئىزھار ئېتىلگەن: «شىنجاڭدا ھەقىقىي كوممۇنىزم ئېتىقادى بولغان، سوتسىيالىزمنىڭ چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن ئاڭلىق كۆرەش قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدىكى قۇدرەتلىك رولىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆزىنىڭ بىر جۇڭگولۇق بولغانلىقىدىن زور ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدىغان كادىرلار ئاز ئەمەس.» مەن يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تۆۋەتتىكى بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۆرەشتە ئۆز مەيدانىنى (خىتاي پەرەسلىكىنى) شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە بىزگە ئوخشاش توغرا سۆز قىلىشقا (ساتقۇنلۇق قىلىشقا) جۈرئەت قىلالايدىغان يازغۇچىلار، تارىختىن ئاز - تولا خەۋىرى بار («شىنجاڭ ئەزەلدىن خىتاي زېمىنى» دەپ قارايدىغان دېمەكچى) ئوتتۇرا ياش ۋە ياش زىيالىلار بىلەن ۋاقىت چىقىرىپ دوست بولۇپ، سىردىشىپ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.» لېكىن ھازىرقى كوممۇنىست خىتاي مەنچىڭ سۇلالىرىدىن مىڭ ھەسسە ئېشىپ چۈشكەن ئەشەددىي مۇتەھەملەر بولغاچقا مانجۇرلاردەك شەرقىي تۈركىستاننى قورچاق مىللىي ئەمەلدارلار ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئەمەس، بەلكى بىۋاستە خىتاي ئەمەلدارلىرى ئارقىلىق ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئىدارە قىلىۋاتقانلىقىنى، بۇ تۈزۈمدىن ھېچقانداق چېكىنمەيدىغانلىقىنى بۇ ئاخماق مۇناپىق تېخى چۈشۈنۈپ يەتمىگەن. ئەسلىدە ساتقۇنلار مۇشۇنداق ھاڭۋاختىلىق بىلەن يېتىلگەن ھاماقەتلەردىن بولغاچقا خىتايلارنىڭ ئۇلارنى تاللاپ ئېلىشى تەبىئىي ئىدى.

شۇنى چۈشۈنۈپ قويۇش كېرەككى، ھازىرقى خىتايلار ۋەتىنىمىزنى بىر تۈركۈم خىتايلاشقان مەلئۇنلار ۋاستىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى خىتايلاشتۇرۇش ئارقىلىقلا ئارام ئېلىشنى ئويلاۋاتقاندەك تۇرىدۇ. ئازچىلىق خىتايلارغا يۆلىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالارمىدى.

خەتتە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپلار بىلەن مىللىي قەھرىمانلارنى قارىلاپ مەلۇمات بەرگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: «مەن شۇنداق دەپ قارايمەنكى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى

زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك سىياسىي تۈس ئالغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي بولگۈنچىلىك مەسىلىسىدۇر. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق تەشەببۇسلاربىلەن ئوتتۇرىغا چىققان كۆرەشلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن سۈرۈشتە قىلغاندا تارىخى نوقتىي نەزەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردۇر.»

بۇ مۇناپىق مىللەتنىڭ (ئۇيغۇرنىڭ ) مەۋجۇتلىقىنى ۋە بۇ مىللەتنىڭ خىتايلار ئىدارە قىلىشقا زادى كۆنمەيدىغانلىقىنى ھەم كۆنۈشكە مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېچ ئويلاپ يەتمىگەن. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ بىر مىللەت پەرزەندى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان بىر مەخلۇق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى بىر مىللەت دەپ تونىغاندا ئىدى، ئۆز مىللىتىنىڭ «بولگۈنچىلىك» قىلىشىنىڭ ھەققانىيلىقىنى بىلگەن بولاتتى ھەمدە ۋەتىنىمىزدىكى خىتايلار ھاكىمىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەكلىپىنى جاڭ زېمىنگە بېرىش كاللىسىغا يەتكەن بولاتتى.

خەتتە ئۇ يەنە مۇنداق مەلۇمات بىلەن خوجايىنلىرىنى تەمىنلىگەن: «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن بىر قىسىم زىيالىيلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدىكى بەزىبىر مۇھىم ۋەقەلەر بىلەن شەخسلەرگە قارىتا تونۇشى بىردەك بولمىغانلىقىدىن پايدىلانغان بىر قىسىم پانتۈركىزىم ۋە مىللىي بولگۈنچى ئۇنسۇرلار پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ يۇشۇرۇن ياكى ئاشكارا يوللار ئارقىلىق ھەرخىل پىتنە - پاسات تارقاتماقتا ھەتتا خېلە كۆرىنەرلىك دەرىجىدە بازار تاپماقتا.»

ئۇيغۇرلارنى «جۇڭخۇا مىللىتى» دەپ (خىتاي) چۈشەنگەن بۇ مىللىي خىتاي بۇ مىللەتنىڭ تۈركىي خەلقلەر بىلەن يېقىنلىشىشىنى خوجايىنلىرى كەبى «پانتۈركىزىم» بىلەن ئەيىپلىشى تەبىئى ھادىسە. مەلۇمكى قەيۇم تۇردىنىڭ خوجايىنلىرى (خىتايلار) ئۇيغۇرلارنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى دەپ ئاتاش زاماندىن تارتىپ ئېتىراپ قىلىۋاتقاندا، بۇ مۇناپىقنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئالاقىلىرىنى «پانتۈركىزىمنىڭ بازار تېپىشىغا» تەقلىت قىلىشى — ئۆتۈپ كەتكەن پىتنىخورلۇق ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ ئۆزى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ «دۈشمەن» نى مانا مۇشۇنداق يالغاندىن ياساپ چىقىش ئەنئەنىسىنىڭ مىللىي مۇناپىقلارغا يۇقۇملانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ يەنە خوجايىنلىرىنى تۆۋەندىكى ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلىگەن: «ھازىر ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى بىرقىسىم كىشىلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن مىللىي بۆلگۈنچىلەردىن تېخىچە ئالاقىسىنى ئۈزگىنى يوق. بۇنى ئازدەپ تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، گېرمانىيەدىكى مىللىي بۆگۈنچى تەشكىلاتلار بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ كەلمەكتە. ئۇلار پۇرسەت تاپسىلا ئەشۇ تەشكىلاتلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. پۇرسەت تاپالمىسا ياكى باللىرىنى ئەۋەتىپ مۇناسىۋىتىنى داۋام قىلىۋاتىدۇ. يەنە بەزىلەر چەتئەللەردىكى ژورناللاردا ئۆزىنىڭ ساختا ۋە پەدەزلەنگەن ئىدىيە - پىكىرلىرىنى ئېلان قىلماقتا.»

ئەگەر پۈتۈن خىتاي ئىقتىسادىي ئىسلاھات، ئىشىكنى تاشقىرىغا قارىتا ئېچىۋېتىش — يېڭى ئىقتىسادىي سىياستىنى يۈرگۈزمىگەن بولسا ئىدى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن غەربىي تۈركىستانغا چىقىپ تۇققان يوقلاش ۋە تىجارەت قىلىش بابىدا ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەن بولاتتى. ئەگەر خىتاي پايدىسىغا غەربىي تۈركىستانغا چىقىش ئىقتىسادىي سىياستى ئۈنۈملۈك نەتىجە بېرىۋاتقان ئىكەن ھەرگىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ سودا - تىجارەت بىلەن غەربكە

www.uyghurkitap.com



چىقىشقا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ، دېگەن سۆز. بۇنىڭغا چىدىمىغان مىللىي مۇناپىقلار : «جەتتەل ئاغدۇرمىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا سۇقۇنۇپ كىرىشى» دېگەن سىياسىي ۋەسۋەسە بىلەن بېيجىڭنى چۆچۈتۈش، جەتتەللەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغان ئۇيغۇرلارنى «جەتكە باغلانغان» قىلىپ كۆرسىتىش ـــ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك يېڭى خىزمىتى بولۇپ قالغان. تاشقىرىغا چىقىشتىن خوجايىنلىرى قورقىمىغان ئەھۋالدا بۇ سادىق مالايلىرىنىڭ قورقۇپ كېتىشى ئەسلىدە مالايلىقنى «ئىجادىي بېيتىش» يۈزىسىدىن تۇقۇلۇۋاتقان ئەپسانىلىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

خائىنلارنى ئىشلىتىۋاتقان خوجايىنلارنىڭ ئۆزلىرى خائىننىڭ ئۆز مىللىتىنى ساتقانلىقىدىن نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىنى قېيىم تۇردى بىلمىسە كېرەك! چۈنكى ئۇ مۇنداق سېزىمدىن مەھرۇم بولغان ھاياسىز ئادەم ئىكەنلىكى بۇ خېتىدىن دەلىللەندى. ئەگەر قەيۇمنىڭ خوجايىنلىرى ئۇنىڭ دېگىنىچە ئىشلەيدىغان بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ تېخىمۇ چىگىشلىنىدىغانلىقىنى، مىللىي زىددىيەتنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىدىغانلىقىنى ئەشۇ خوجايىنلار ھېس قىلماي قالارمۇ؟ ئەينە شۇ خوجايىنلار قەيۇمدەك بىرقاچە ساتقۇنلارنى ئەمەس، مىليۇنلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىستىقلالىيەت تەلەپلىرى، مىللەتچىلىك ھېسياتلىرىنى ھېساپقا ئېلىپ ئىشلەشكە مەجبۇر. چۈنكى ئۇلار پۈتۈن بىر ئۇيغۇر مىللىتىنى يوقىتالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ مىللەتنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق غايىلىرى بىلەن مىللىي ھېسياتلىرىنىمۇ يوقىتالمايدۇ. شۇڭا خوجايىنلار : «مىللىي بولگۈنچىلىك ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.» دېگەن خۇلاسىگە كېلىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

ئەگەر قەيۇم تۇردى مەلۇماتىغا ۋە ئۇنىڭ خاھىشىغا تايىنىپ خوجايىنلار چېگىرىنى تاقىۋەتكەن تەقدىردىمۇ «مىللىي بولگۈنچىلىك» نىڭ يوقالمايدىغانلىقىغا خوجايىنلارنىڭ ئىشەنمەسلىگى مومكىن ئەمەس. شۇڭا مىللىي خائىنلار ئۆز خەلقىدىن ئاجراپ قالغانلار بولماستىن، ئەينى زاماندا ئۆز خوجايىنلىرى بىلەنمۇ «بىردەك» غەرەزدە بولالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئېلىشلىرى كېرەك. مىللىي خائىنلار بىلىپ قويۇشلىرى كېرەككى، ئۇلارنىڭ خائىنلىق بىلەن ئۆز خەلقى نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇلارنى خوجايىنلىرى يۇقىرىغا ئۆرلىتەلمەيدۇ. خىتايلار قانچىلىك زالىملاشمىسۇن بەرىبىر ئۇيغۇرلار ياخشى كۆرىدىغان زىيالىلارنى يۆلەشكە ۋە ئۇلار بىلەن كېلىشىپ ئىشلەشكە مەجبۇر ھەم شۇنداق بولمايمۇ ئۇلار شىنجاڭغا سىغالمايدۇ. بۇ ھالنى ئوتتۇز ۋە قىرىغىنچى يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپلىرى، يېزا ۋە ناھىيىلىك خەلق سايلاملىرى ئىسپاتلاپ كەلدى.

بۇ خەتتە يەنە، «مىللىي بولگۈنچىلەر» بىلەن بىرقىسىم خىتاي دېموكراتلىرىنىڭ چېتىلىشلىرى بارلىقى ھەققىدە خوجايىنلىرىغا تۆۋەندىكىچە مەلىيمات بەرگەن: «بىرقىسىم بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشى ئېغىر بولغان خەنزۇ كادىرلار پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىش ئۈچۈن مىللىي بولگۈنچىلەر بىلەن قارا قويۇق بىرلەشكەن كەبى بىرقىسىم مىللىي بولگۈنچى ئۇنسۇرلارمۇ ماركسىزمغا سادىق (خىتايغا سادىق) مىللىي كادىرلارنى سىقىپ چىقىرىش ئۈچۈن بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش خاھىشى ئېغىر خەنزۇ كادىرلار بىلەنمۇ بىرلەشمەكتە. بۇ بىرخىل

پىكىرداشلىقا ئېگە بىرخىل يېڭى مەسىلە، شۇڭا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.» بۇ يەردە بۇ مىللىي خائىن شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي هاكىمىيىتىنىڭ ئۆزى باغلانغان سولچى دېكتاتۇر خىتايلار ئىلكىدىن رادىكال دېموكرات خىتايلار ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىپ ئۆزلىرىنىڭ چېقىندى بولۇشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىمۇ ئاشكارىلانغان. مىللىي خائىنلارنىڭ كۈنى مانا مۇشۇنداق — خوجايىنلىرىنىڭ ئالمىشىپ كېتىشىدىن قورقۇپ ياشاش بىلەن خارەكتېرلىنىدۇ.

4 - خەتتە مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ئىككى تىپقا بۆلۈنىدىغانلىقى ئەكس ئېتىلگەن. مىللىي ساتقۇنلارنى يىغىپ كەلگەندە ئىككى خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. يەنى، بىرىنچى خىلدىكىلەر ئاساسەن كونا مىللىي مۇناپىقلار بولۇپ، بۇلار گەرچە: «خىتاي مېنىڭ ۋەتىنىم»، «شىنجاڭ خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دەپ چۈشەنسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ تېخى مىللىي هېسياتى يوقالمىغان، مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي ئەنئەنىلەرنى قوغداش تەرەپدارى بولغان، مىللىي تارىخنى خىتاي تارىخىدىن بۆلۈپ قارايدىغان قارايدىغان پارتىيىلىك زىيالىلار تىپىغا مەنسۇپ كىشىلەردۇر. ئىككىنچى خىلدىكىلەر تامامەن خىتايلاشقان، خىتاي مىجەز ئۇيغۇر — خىتاي زىيالىلىرى بولۇپ، قەيۇم تۇردى ئېيتقاندەك ئۇلار: «پارتىيە بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغۇچى، ئازاتلىقتىن (1950 - يىلدىن) كېيىن پارتىيە بىر قوللۇق تەربىيىلىگەن، ئەمگەكچى ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، خىتايغا ئىشەنچلىك، پارتىيىلىك» مىللىي مۇناپىقلاردۇر. بۇ ئىككى گورۇھ ئارىسىدا مىللىي ئىنقىلاۋى تارىخلىرىمىزنى «مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ تارىخى» دەپ قاراش بىلەن «بۆلگۈنچىلىك تارىخى» دەپ قاراش، «مىللىي رايون (يەرلىك) ئالاھىدىلىكى» دەپ قاراش بىلەن «خىتاينىڭ بىرتۇتاشلىقى» دەپ قاراش، «ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش» دېگەن بىلەن «بىرتۇتاش باشقۇرۇش» دەپ قاراش، «مىللىيلاشتۇرۇش» دەپ قاراش بىلەن «جۇڭگولاشتۇرۇش» دەپ قاراش كەبى مەسىلىلەردە كەسكىن قارمۇ - قارشىلىق مەۋجۇت. شۇڭا بۇ ئىككى گورۇھنىڭ ئۆز ئارا مەنسەپ تالىشىش يۈزىسىدىن خوجايىنلىرىغا بىر - بىرىنى تىنماي چېقىپ تۇرۇشلىرىنى ئوڭ ۋە سول ھەرىكەتلەردە ئىككى تەرەپ بولۇپ بىر - بىرىنى پاش قىلىش ۋە كۆرەش ئاستىغا ئېلىپ تۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ ئېلىشقان. مىللىي مۇناپىقلار ئىچىدىكى بۇخىل گورۇھۋازلىق ئەينى قەيۇم تۇردى مەزكۇر خېتىدە گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىگەن. ئۇھال تۆۋەندىكىچە: «ئەگەر ۋاڭ ئىنماۋ كونا يېڭى شەرقىي تۈركىستانچى پارتىيىلەرنى ئەكسىلئىنقىلاۋىي مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەشكىلاتلىرى، دېگەن بولسا سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانلىرى» كىتابىدا خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىنى (1945 - يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان) ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق سىياسىي پارتىيە دەپتۇ، بۇ گۇڭگسەنداڭ بىلەن بىردەك بولمىغانلىق ئەمەسمۇ ؟ » دەپ چاققان.

ساتقۇنلۇقنىڭ بۇ يەردىكى پەرقى نېمە؟ ئەگەر سەيپىدىن ئەزىزى خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىنى گومىنداڭ خىتايلىرىغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، خىتاي كومپارتىيىسى بىلەن ئالاقە ئورناتقان ئىنقىلاۋىي پارتىيە دېگەن بولسا (ئۆمۈر داستانلىرى 2 . 178 - بەت) ۋاڭ ئىنماۋ: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەت، خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى بۆلگۈنچىلىك پروگرامما دېگەن. ھەقىقەتنى

www.uyghurkitap.com



ئېيتقاندا خەلق ئىنقىلاۋىي پارتىيىسىنىڭ نىشانى شەرقىي تۈركىستاندىكى گومىنداڭ پارتىيىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك خىتاي (قىزىللار) ھاكىمىيىتى بىلەن بىرلىششتىن ئىبارەت بولغان بولسا، بۇ نىشان ھازىرقى خىتاي سىياسەتچىلىرىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئېيتقاندا بەربىر «بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەت» ھېساپلانماقتا. قەيۇم بولسا مانا مۇشۇ يېڭى خىتايلار بىلەن بىر مەيداندا ئىكەنلىكىنى بۇ خەتتە ئاشكارىلىغان. بۇ ئەھۋال 1950 ـ يىلدىكى گومىنداڭچى مىللىي مۇناپىقلار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاپچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرىغا ئوخشايدۇ. شۇ مەزگىلدە كونا مىللىي ساتقۇنلار : «بىز ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن گومىنداڭ تەرەپتە بولدۇق، ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەر (شەرقىي تۈركىستانچىلار) ۋەتەن بىرلىكىگە قارشى چىقتى» دەپ ئۆزلىرىنى جازادىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقان ئىدى. ھازىر بولسا بۇ مىللىي مۇناپىقلار «ۋەتەن بىرلىكى» دەستىكى يېڭى خائىنلار ئۈچۈن يەنىلا ئارقا تېرەك بولۇپ قالماقتا. بىراق خوجايىنلار بۇ يېڭى يالاقچىنى دەپ كونا يالاقچىنى قۇربان قىلىشقا بارمىسا كېرەك. جاڭكەيشى: «شىڭنىڭ شىجاڭنى جۇڭگو قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىشى ئۇنىڭ ھەممە جىنايەتلىرىنى يۇيۇپ تاشلىدى» دېگىنىگە ئوخشاش ماۋزېدۇڭمۇ سەيپىدىن ئەزىزىنى : «سەيپىدىن ياخشى يولداش، شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا ئۇنىڭغا تايىنىشقا بولىدۇ.» دېگەن ئىدى. بۇ ئارىدا شۇنى ئېيتىش كېرەككى، 1944 ـ يىلقى مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقنى نىشان قىلغانلىقى، دۆلەت نامىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتالغانلىقى، دۆلەت بەلگىسىنىڭ ئاي ـ يۇلتۇز بولغانلىقى ھازىرقى خىتاي تارىخىغا «بۆلگۈنچى ھەرىكەت» دەپ يېزىلسا تېخىمۇ ياخشى، چۈنكى ئۇ مۇندىن كېيىنكى مىللىي مۇستەقىللىقنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولۇپ قالىدۇ.

كونا ۋە يېڭى مۇناپىقلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ئەيىپلەپ تۇرۇش ھازىرقى خوجايىنلار ئۈچۈنمۇ «ئۆزئارا تالاشتۇرۇپ قويۇپ ئىدارە قىلىش» مۇستەملىكىچىلىك نەيرەڭلىرى ئۈچۈن بىردەك خىزمەت قىلىشى سۆزسىز. شۇڭا خوجايىنلار بۇ ئىككى گورۇھنىڭ بىر ـ بىرىنى چېقىشىنى بولۇشىچە قويۇپ بېرىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا قومۇرۇشتىن زادىلا چېكىنمەيدىغانلىقى ئېنىق. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، بۇ يېڭى يالاقچىلار كونا يالاقچىلارنى قانداقلارچە ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىسۇن؟!

5 ـ بۇ مىللىي مۇناپىقلىق خەتتە ئۇچىغا چىققان تارىخنى سېتىشنى قوللىنىپ «بۆلگۈنچىلىككە» دائىر مەلۇماتلار بىلەن خوجايىنلىرىنى تەمىنلىگەن. ئۇلار تۆۋەندىكىچە: «نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى ناھايىتى ياخشى دېگەن بىلەن تېخى بايقالمىغان يوشۇرۇن جاراھەتلەر ئاز ئەمەس. بەلكى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.» ، «بىرقىسىم زىيالىلاردا ... ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بىرقانچە تارىخى مەسىلىلەرگە قارىتا ناھىيىتى مۇجمەل قاراشتا بولماقتا. بۇ بىرخىل خەتەرلىك كېسەلدۇر.» ، «سەيپىدىن ئەزىزى ئۆمۈر داستانلىرى كىتابىدا خوجانىيازنى ماختاپ ماجۇڭيىڭنى يامانلىشى ـ ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا كۆز قارىشى مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى، ئىدىلوگىيە مەسىلىسى بولۇپ، ئىدىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىدى»، «ئۇچۇق ئېيتىشقا بولۇدىكى 30 ـ 40 ـ يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى — ئۇيغۇرلارنىڭ

ئىككى مىڭ يىلدىن بېرىقى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىدىكى ئورنى، رولى ۋە تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ياكى ئىنكار قىلىشقا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئەلبەتتە، بۇ مەسىلىدە ئەنگىلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، پانئىسلامىزىم، پانتۈركىزىم بۇزغۇنچىلىق ۋە قۇتراتقۇلۇق قىلدى. بۇنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ1. ئۆتمۈشتە ئىسلا بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، بۇ تۇغ ئاستىغا لەشكەر بىلەن ئاخۇن، تالىپلار ۋە زىيالىلار قاتلىمىدىكى پانتۈركىزمچى ئۇنسۇرلارنى توپلىغان بولسا، ھازىرقى دىنىي ، مىللىي بۆلگۈنچى قارا كۆلەڭگە ئۆز تەركىبىنى چوڭ ئۇيغۇرچىلىق، چوڭ قازاقچىلىق ۋە مىللەت ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان ئىدىيە ئەسەبىلىكىدىكى ياش زىيالىلاردىن قايتا تەشكىل تاپتى. ئۇلار ھازىر: «قانۇنىي ۋاستىلەر ئارقىلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلماقتا.»

مەلۇمكى، ھازىر خىتاي يالانما تارىخچىلىرى تارىخ ئۆيدۇرۇش سۈيقەستى بىلەن شۇغۇللىنىپ، شەرقىي تۈركىستانغا بالايى ئاپەتنى ئېلىپ كەلگەن جاۋخۇي، فۇدە، ياڭزىڭشىڭ، جىڭ شورىن، ماجۇڭيىڭ، شىڭشىسەي قاتارلىق جاللاتلارنى «ۋەتەن بىرلىكىگە تۆھپە قوشقان زاتلار » دەپ ماختاپ، مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىي قەھرىمانلىرىنى قارىلاپ يازماقتا. چۈنكى، ھازىر كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى تارىخقا سىنىپىي تەھلىل بىلەن قاراش دېگەنلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، گومىنداڭ خىتايلىرىنىڭ « ۋەتەن ئەلا ، مىللەت ئەلا» دېگەن چوڭ دۆلەتچىلىك بىلەن خەنشۇۋىنىزىملىق مەيدانىغا قايتىپ كېلىشتى، ئەندى، مانا مۇشۇ شۇئار ئاستىدا ئېلىپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپلىرىنى بولسا «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» ، «جاھانگىرلارنىڭ قۇترۇتىشى» دېگەن خىتايچە سەپسەتەلەر بىلەن ئەيىپلەشمەكتە. قەيۇم تۇردى بولسا مانا مۇشۇ مىللىي دۈشمەنلىرىمىزنىڭ دۇمباقچىسى بولۇۋېلىپ، خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىم مۇتلەق جاللاتلىرىنى «ۋەتەن بىرلىكىنىڭ قەھرىمانلىرى» غا چۆرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلارغا قارشى مىللىي ئازاتلىق كۆرەشلىرىنى «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» بىلەن قارىلىماقتا. ئۇ ۋەتىنىنى، مىللىتىنى يات ئىقلىمغا يۈزسىزلىك بىلەن مۇشۇنچىلىك بوسۇنچۇق قىلىپ بېرىشقا بارغان بۇ ۋىجدانسىزنى ئۇنىڭ خوجايىنلىرىمۇ نەپرەت بىلەن ئىشلىتىشلىرى تۇرغان گەپ.

تارىختىكى خىتاي - ئۇيغۇر ئۇرۇش جېدەللىرىنىڭ بىرلا تۈپ سەۋەبى ھەم مەنبىئى بار. ئۇ بولسىمۇ خىتاي جاھانگىرلىكىنىڭ ئۇيغۇرىيەنى بېسىۋېلىشتىكى قۇراللىق تاجاۋۇزچىلىقىدۇر. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان خىتايغا قوشۇلغىنىغا ئىككى مىڭ يىل بولدى دېيىلسە، بۇ ئەپسانە 1950 - يىلدىن بۇيانقى قىزىل خىتاي باسقۇنچىلىقىنى ئاقلاشقا تۇقۇلغان تارىخىي ئۆيدۇرمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىرمىللەتنىڭ ئىككىنچى بىرمىللەت يېرىدىكى ھەر قانداق تارىخىمۇ — بىر مىللەتنى ئىككىنچى مىللەتنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ۋە مەۋجۇت يەرگە ئورتاق بۇلۇشىغا سەۋەپ بولالمايدۇ ھەم مۇنداق تارىخمۇ پاك تارىخ قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايدۇ. ھەم مۇنداق زېمىندا مەڭگۈ مۇقىملىق بولمايدۇ. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان تارىخى ئۇيغۇرلارنىڭ «بۆلگۈنچىلىك تارىخى» بولدى دېيىلسە، بۇ تارىخ يېقىنقى 150 يىل جەريانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي باسقۇنچىلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئازاتلىق كۆرەش تارىخىنىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر، خالاس. ئەگەر 30 - ۋە 40 - يىللاردا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان دۆلەتلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بۆلگۈنچىلىك» دېيىلسە، «ئەلھەمدۇلىللا شۇنداق »دەپ ماختىنىمىز. بەلكى بۇنىڭدىن ھەرگىز چانمايمىز. ئەگەر ھازىرقى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ھاكىمىيىتى «دۆلەت بىرلىكى» دېيىلسە بۇ «بىرلىكنى» ھەربى زوراۋانلىق ئاستىدىكى سۈنئىي بىرلىك دېيىشكە ھەقلىقمىز. ئەگەر «شىنجاڭدا سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىق مەۋجۇت» دېيىلسە، بۇ مۇقىملىقنىڭ «يالغانلىقىنى بارىن، ئاقسۇ، قارىقاش، خوتەن، ئۈرۈمچى ۋە غۇلجىدىكى مىللىي كۆتۈرۈلۈشلەر دەلىللىدى» دەيمىز. بىزنىڭ ئەڭ قاتتىق باش ئاغرىقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇقىمسىزلىقى بولماقتا. بۇ مۇقىمسىزلىق ئۇلاردا: «شىنجاڭدا قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى مۇستەقىللىق ئۈچۈن بولغان چوڭ ۋاقىئەنىڭ يۈز بېرىشى ئېھتىمال» دېگەن ئەندىشىنى تۇغدۇرماقتا. مۇتەملىكچىلىك بار يەردە كونا مۇستەقىلچىلەرنىڭ ئورنىنى يېڭى مۇستەقىلچىلەر تولدۇرۇپ تۇرىشى قانۇنىيەت. چۈنكى بۇ مىللىي داۋا ھەم مىللەتنىڭ تۇغما ئاغرىقى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، مىللىي زىدىيەت بولىدىكەن، مىللىي خائىنلارنىڭ چىقىپ تۇرىشىمۇ، ئۇلارنىڭمۇ يېڭىلىنىپ تۇرىشىمۇ قانۇنىيەت. ئۇلارنىڭ قالپىقىنى قىرلاپ قىرغا چىقىشىمۇ دەل مانا مۇشۇ مىللىي زىددىيەتنىڭ ئۆرلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلارنىڭ بازىرىنىڭ كاسات ھەم چاپ ـ چاپ بولۇشىمۇ مىللىي زىددىيەتنىڭ پەسىيىش ياكى ئۆرلىشىگە باغلىق.

6 ـ بۇ خەتتە قەيۇم تۇردى خوجايىنلىرىغا ئەقىل ئۆگىتىشتە ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان. بۇنىڭ مىساللىرى تۆۋەندىكىچە: «مىنىڭچە تارىخقا ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. ئەگەر تارىختا ھەقىقەتەن قاراخانىلار ئۇيغۇر خاندانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقى، سەئىدىيە خاندانلىقىغا ئوخشاش مۇددەتلىك ئايرىملىق يۈز بېرىلگەن دېيىلسە، ئۇ ھەرگىزمۇ بىزنىڭ (خىتايلارنىڭ) نىيىتىمىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مۇستەقىللىق بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقىشقا ئاساس بولالمايدۇ. بارىنى بار، يوقىنى يوق دەپ ئىش قىلساق ئاندىن پانتۈركىزىم ئۇنسۇرلىرى بىلەن مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مۇستەقىللىق داۋاسىغا قاتتىق زەربە بەرگىلى بولىدۇ...»

بۇ ساتقۇن، خوجايىنلىرى يېزىپ تارقاتقان «ئۇيغۇر تارىخلىرى» بىلەن تەشۋىقات ھۆججەتلىرىدىكى «شىنجاڭ مۇستەقىل دۆلەت بولمىغان دېگەن ئۇيدۇرمىلارنى تېخى ئۇقۇمىغان ئوخشايدۇ. ئۇ «تارىخلاردا» مۇنداق سۆزلەرنى ئوقۇيسىز: «شىنجاڭ ئەزەلدىن مۇستەقىل دۆلەت بولغان ئەمەس. قاراخان، ئۇدۇن، گاۋچاڭ قاتارلىقلارمۇ مۇستەقىل دۆلەت ئەمەس، جۇڭگونىڭ يەرلىك بۆلۈنمە خانلىقلىرى ئىدى. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سەردارلىرى ئۆزلىرىنىمۇ جۇڭگولۇق دەپ سانايتتى.» (ئۆگزنۆشتە پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار، 43 ـ بەت. شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى، 1 ـ بەت. ئۇيغۇر تارىخى 1 ـ قىسىم 1 ـ بەت).

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى مانا مۇشۇنداق ئىنكار قىلغان ھالدا جاۋاپ بېرىپ تارىخى ھەقىقەتتىن كۆز يۇمغان مۇتەھەملەرگە بۇ مەسىلىدە دەرىس بېرىشكە ئاتلىنىغان قەيۇم تۇردىنىڭ ئۆزىمۇ تېخى «خىتاي كومپارتىيىسى بىلەن بىردەك بولۇپ كېتەلمىگەنلىكىنى» پاش قىلىپ قويغان. بۇ ساتقۇننىڭ خوجايىنلىرى ئۇنىڭ بۇ تەخسىچىلىقىدىن مۇشۇنداق مۆڭگۈز چىقىرىپ ئېلىشىغا يول قويامدۇ؟ ياق! باسقۇنچىلارنىڭ

قانداق بېسىپ ئېلىش ۋە قانداق ئىدارە قىلىشتىكى ئوي - پىكىرلىرى بىلەن ئۇسۇل چارىلىرى ساتقۇنلارنىڭ شەكىللىنىشىدىن بۇرۇنلا قېلىپلاشقان ۋە ئۇرۇندالغان بولىدۇ. شۇڭا خوجايىنلىرىغا ئۆز خەلقىنى قانداق ئىدارە قىلىشنى ئۆگىتىمەن دېگەن ساتقۇنلار بۇ مەسىلىدە كىچىككەن بولۇپ چىقىشى تەبىئىي ھال، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قەيۇم تۇردى ھازىر ئىشلىتىلىپ بولۇپ تاشلىۋېتىلگەن ... چالمىدەك كېرەكسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان. ئۇ خوجايىنلىرىغا يالغاندىن : «مەن خەلق ئاممىسى بىلەن ناھايىتى قويۇق ئالاقە قىلىمەن» دەپ يازغىنىدا ھېچ خەلقنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىشقا مۇھتاج ئەمەسلىكىنى ھەم يېقىنلىشىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىدىن ئېھتىيات قىلىدىغانلىقىنى خوجايىنلىرى بىلمەي قالارمۇ ؟

7 - خەتتە مىللىي مۇناپىقلارغا بولغان خەلق نەپرەتلىرى ئىختىيارسىز ئەكس ئەتكەن.

قەيۇم تۇردى ئۆزىگە بولغان ئۆز مىللىتىنىڭ لەنەت - نەپرەتلىرىنى خوجايىنلىرىغا شىكايەت قىلىپ خائىنلىقتا جاپا چەككەنلىكى ئۈچۈن خوجايىنلىرىدىن تېخىمۇ چوڭراق شەپقەت كۈتكەن. شۇنى بىلىپ قويۇش كېرەككى، ئەگەر خەلق ئويغۇنۇپ مىللىي خائىنلارنى ئۆز قولى بىلەن جازاغا تارتىشقا كىرىشسە، خائىنلارنى ئىشلەتكەن خىتايلارنىڭ ئۆزلىرى ئالدىنئالا بۇ خائىنلارنى جايلىۋېتىپ خەلق تەرەپكە ئۆتىۋېلىشتەك نەيرەڭۋازلىق ئىشلىتىشى تەھقىق. بۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللىي خائىن ئىشلىتىشتىكى ئاممۇىي يولى.

خەتتە خەلق نەپرەتلىرى ئۆزۈەندىكىچە ئىنكاس ئېتىلگەن: «مىللىي بولگۈنچى ئۇنسۇرلار ھەدىسىلا ۋەتەن، مىللەت، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ھېسسىيات دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى بايراق قىلىپ ئاشكارا ھەرىكەتكە ئۆتتى. ئۇلار تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ، ماركسىزمغا سادىق بولغان بىر قىسىم ياخشى مىللىي كادىرلارنى مىللىي مۇناپىق، مىللىي ساتقۇن، خىتاي پەرەس، كومپارتىيىگە تايىنىپ جان باققۇچى، قۇربان تۇلۇمسىمان نادان باشلىق بېشى ئىشلىمەيدىغان قاپاق باش دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەپ، ئۇلارنىڭ كومپارتىيىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن تەۋرەنمەس مەيدانىغا ھۇجۇم قىلماقتا. ئەشەددىيلەرچە تىللاپ رەسۋا قىلماقتا. ئۇلارنىڭ نامىنى بۇلغىماقتا. خەنزۇ كادىرلارغا چېقىپ ئۇلار بىلەن ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ (قەيۇم تۇردىدەكلەرنىڭ ئەلبەتتە) ئارىسىنى بۇزماقتا. ماركسىزمغا سادىق مىللىي كادىرلارنى سىقىپ چىقارماقتا. مىللىي بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىرلەشمەكتە.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەتتە بىر تەرەپتىن خائىنلارنىڭ خەلقتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ بويىنىغا ئالغانلىقى پاش ئېتىلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ماركسىزمنىڭ، ماۋ ئىدىيىسىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ بازىرى كاساتلاشقانلىقىنى ئىنكاس قىلغان. مىللىي خائىنلارنىڭ بارار جايى مانا مۇشۇنداق ئۆزگوشنى ئۆزى يېيىشتەك، خەلق غەزىپىدىن قورقۇپ يۇشۇرۇنۇپ يۈرۈشتەك ئەھۋالغا چۈشىدۇر. 1758 - يىلى ئىمىن، يۇسۇپ، تۇردى قاتارلىق ۋەتەن ساتقۇچى خائىنلار شەرقىي تۈركىستانغا خىتايلارنى باشلاپ چىققانلىقى ئۈچۈن خەلق ئۇلارنىڭ ئۇرۇق جۈتىنى جازالىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بېيجىڭنى پاناھلاپ خىتايلىشىپ كەتكەن ئىدى. چىچەنىستاننىڭمۇ

www.uyghurkitap.com

مۇسكۋا ئىشلەتكەن بىرتۇركۈم مىللىي خائىنلىرى ھازىر روسىيەدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولماقتا. قەيۇم تۇردى گورۇھمۇ مانا مۇشۇنداق ۋەتەن ھۆكۈمگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، ئەلبەتتە.

قەيۇم تۇردىلار يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ «قۇربان تۇلۇم» ھەم ئاقماق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان ھالدا ماركسىزىمنى يالغاندىن دەستەك قىلىۋالغان خوجايىنلىرىغا ئۆزلىرىنى «ماركسىزىمچى» دەپ تونۇشتۇرغان. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھاماقەتلىك، گالۋاڭلىق بولامدۇ؟ ھازىر خىتاي دۆلىتىگە ئىدىيە ئەمەس بەلكى كاپىتال ھۆكۈم قىلىۋاتقاندا قايسى خىتاي قەيۇم تۇردىنىڭ ماركسىزىمغا سادىق ئەكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ كېتەر؟ ئەينى پەيتتە قەيۇم تۇردىنىڭمۇ ماركسىزىمنى، سوتسىيالىزىمنى يۇقۇرىغا ئۆرلەشنىڭ بىر قورالى قىلىۋېلىشتەك ساختاپەزلىكىنى خوجايىنلىرى سەزمەي قالارمۇ؟

قەيىۇم تۇردى خىتايدا ئەمەس بەلكى شەرقىي تۈركىستاندا تۇرىۋاتىدۇ، شەرقىي تۈركىستان نېمىنى يەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچىدىكى مىليوندىن زىيادە خىتاينىڭ ئارىسىدا ئەمەس بەلكى يۈزمىڭ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار قاتارىدا مۇساپىردەك ياشاۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ دەپسەندە قىلىنغان ۋەتەن، خار ئىتىلگەن مىللەت نىمىشكە ئۇ ئەيىپلەۋاتقان «مىللەتچى»، «بۆلگۈنچى» لەرگە ئېچىنارلىق كۆرۈنگەندەك ئۇنىڭغىمۇ ئېچىنارلىق كۆرۈنمەيدۇ؟ نېمىشكە ئۇنى ناھايىتى كاتتا خىتاي جاھانگىرلىكى تەشۋىشلەندۈرىدۈيۇ، ئاجىز، بىچارە ئۇيغۇر ۋەتىنى تەشۋىشلەندۈرمەيدۇ؟ نېمىشكە ئۇ بىرىنچى دەرىجىلىك خىتاي كاتىۋېشىغا خەت يازغاندا ئۇنىڭ كۆزىگە «ئازسانلىق مىللەتچى، بۆلگۈنچىلەر» كۆرۈنۈپ، مىليونلىغان خىتاي كەلگۈندىلىرى كۆرۈنمەيدۇ؟ نېمىشكە خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ھوقۇق تونۇماسلىق سىياسىتى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، ئۇيغۇرلارنىڭ «مىللىلاشتۇرۇش» تەلىپى كۆرۈنىدۇ؟ نېمىشكە ئۈرۈمچى بوتخانىلىرىدىكى خىتاي ياش راھىبلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، بەلكى ئۇيغۇر تالىپلىرى كۆرۈنىدۇ؟ نېمىشكە غەربىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىل تۈركىي دۆلەتلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، بەلكى «چوڭ ئۇيغۇرچىلىق» كۆرىنىدۇ؟ بىراق بۇ مۇناپىققا بۇ خىل سوئاللارنى قويۇش ئورۇنسىز! چۈنكى، ئۇ يىغۇرلار ئېيتقاندەك «قاپاقباش»، «جانباقار» ۋە ئۆزىنى «جۇڭخۇا مىللىتى» دەپ ھىساپلىغۇچى ئۇيغۇر خىتىيدۇر، خالاس.

خۇلاسە شۇكى، بۇ خەتتە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي بوھراننىڭ كەسكىن تۈس ئالغانلىقىنى، خەلقىنىڭ خىتايپەرەس مىللىي ساتقۇنلارغا نىسبەتەن قارشىلىق كەيپىياتلىرىنىڭ يۇقۇرى پەللىگە قاراپ ئۆرلەۋاتقانلىقىنى، مىللىي مۇناپىقلارنىڭ بازىرىنىڭ كاساتلاشقانلىقىنى، مىللىي ئەمەلدارلارنىڭ كۆپىنىڭ ئۆز مىللىتىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى، مىللەتنىڭ ماركسىزىم، پارتىيە، ۋەتەن بىرلىكى دەيدىغان مۇستەملىكىچىلىك شۇئارلاردىن يۇقۇرى قويۇلىۋاتقانلىقىنى خائىنلار ئۆز قول خېتى بىلەن ئاشكارىلىغان ۋە ئېتراپ قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

ئالمۇتا . 1998 - يىلى يانۋار.

# قۇملۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىش

گېئورگ بلۇمې ، خىكاكو ياماموتو

ئىزاھات: مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورلىرى مەخسۇس خىتايىنى تەتقىق قىلىۋاتقان خىتايشۇناس ئالىملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار خىتاي ھەققىدە يازغان بىرقىسىم قىممەتلىك ئىلمى ئەسەرلىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلغان، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يازغان بۇئىلمى ئەسىرى گېرمانىيىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق گېزىتى ـ «جەنوبى گېرمانىيە گېزىتى» دە يېقىندا ئېلان قىلىنغان. ( تەھرىردىن).

## جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكىسى ـ شىنجاڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئىزدەنمەكتە

جۇڭگو بانكىسىنىڭ رەڭگارەڭ چىراقلار بىلەن تولغان پۇل قەسرىسى كەينىدىكى يولنى يورۇتۇپ تۇرغان ئۈچتال كوچا چىرىقىنىڭ نۇرى مەسچىتكە چىقىدىغان كونا تاش پەلەمپەينى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى خالتا كوچىلاردىن چىقىپ بۇ يەرگە توپلاشقان، كەڭ چەكمەنلەرگە يۆگىنىۋالغان ساقاللىق ئەركەكلەر تامغا يۆلەنگەن ھالدا باشقا ھېچ يەرگە ئەمەس، پەقەت مەسچىت پەلەمپىيگە غۇۋا چۈشۈپ تۇرغان بېشىدىكى گۈللۈك بادام دوپپىلىرىنىڭ شولىسىغىلا ئۈن ـ تۈنسىز قاراپ تۇرىشاتتى.

ئۇلار جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلكىسى دەپ ئاتالغان، شىنجاڭدىكى تۈركى خەلقلەرگە مەنسۇپ مۇسۇلمان خەلق ئۇيغۇرلار ئىدى. شۇ تاپتا مۇسۇلمانلارنىڭ خۇپتەن ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ئەنسىزلىك بىلەن ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلارنى ۋەھىمە باسقان ئىدى. تېخى ھېلىلا دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئورگانلىرىدىن تارقىتىلغان كەچلىك خەۋەرلەردە: «مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنى ھېسسىياتتىن كېلىپ چىققان ھەرقانداق ئەكسىلئىنقىلاۋىي قىلمىشلارغا قىلچە رەھىم قىلماي قەتئىي باستۇرۇش...» جاكالانغانىدى. مەسچىت مۇنارلىرىدىن ئەزاننىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ پائالىيىتىمۇ چەكلەنگەنىدى. ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگوچە كاپىتالىزىمنى گۈللەندۈرىۋاتقان ئاشۇ كۆككە تاقاشقان ھەشەمەتلىك بىنالار ئالدىدا بۇ مەسچىت خۇددى ياللانمىلار تۇرىدىغان كەپىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ماۋنىڭ بۇيرىقىدىن كېيىن بۇ بىپايان قۇملۇق رايونىدا قۇرۇلغان ساناقسىز شەھەرلەر ۋە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇپ چىققان شەھەر ـ قورغانلىرى ئالدىدا پەقەت مۇشۇ زېمىننىڭ ھەقىقى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇر قارلىق تۈركى خەلقلەرلا بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغانىدى.

**مىڭ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ياشاپ كەلگەن. خىتايلار بۇ رايوننى بېسىۋالغىنىغا ئەللىك يىل بولدى. ئۇلار بۇ رايوننى بېيجىڭنىڭ نېفت ، گاز، كۆمۈر، مىس ۋە ئالتۇن قاتارلىق بايلىقلىرىنى بۇلاپ تالايدىغان بايلىق مەنبەسىكە ئايلاندۇردى.**

www.uyghurkitap.com

**ھەربى ستراتېگىيىسى ئۈچۈنمۇ شىنجاڭ موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.**

مەسچىتتە كاستيۇم بۇرۇلكا كىيگەن، جاينامازدا ئولتۇرغان بىر ئۇيغۇر ياش يىگىتى ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇستەملىكىلىك ۋەزىيىتىنى قىلچە يوشۇرماستىن: «ھازىر بۇ يەردە خىتايلار بەك كۆپىيىپ كەتتى، ئۇلار بىز مۇسۇلمانلارنى پەقەت خالىمايدۇ» دېدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم بولۇپ، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە ئەتراپتىكى بۇرادەرلىرىنىڭ كەلگۈسىنىڭ ئىنتايىن قاراڭغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتا. « شىنجاڭدا بىز ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق ئۈمىت قالمىدى !» شۇڭا ئۇيغۇر تېرورىستلىرى خۇددى بېيجىڭدا قويغاندەك، ئۈرۈمچىدىمۇ بومبىلارنى قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام قۇملۇق جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلاندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ ئۇ يەردىكى قازاق ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ بىردىنلا مۇستەقىللىككە ئېرىشىپ جۇمھۇرىيەت باشۇرىشى، ئۆزلىرىنى ھامان ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇتۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى تېخىمۇ ئويغىتىۋەتتى. ئاپتونومىيە دېگەنلەرنى خىتايلار ئۇلارغا بەرمىدى. ھۆكۈمەت ھەتتا مەسچىتلەرنىمۇ تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ھەرقايسى رايونلار ئىزچىل ئاختۇرۇلۇپ، دىنى زاتلار تۇتۇلۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇشى دەخلى - تەرۆزگە ئۇچرىدى. بۇ خىل ھەرىكەتلەر تېخى يېقىنقى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىمۇ ئەنە شۇنداق ئېلىپ بېرىلغانىدى.

شىنجاڭ ـــــ خىتاي تىلىدا« يېڭى ئېچىلغان چېگرا» دېگەن مەنىدە. 1949 - يىلى بۇ رايوننى بېسىۋالغان خىتايلار ئەنە شۇنداق دەپ ئاتىدى. ئۇندىن بۇرۇن مۇستەقىل ئۇيغۇرستان (شەرقىي تۈركىستان) جۇمھۇرىيىتى دەپ ئاتالغانىدى. ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن ئەنگلىيە، روسسىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر بۇ رايوننى ئۆزئارا تالىشىپ كەلگەنىدى. قەدىمكى زامانلاردا بولسا بۇ رايوندىن كېلىپ - كېتىپ تۇرغان يىپەك يولى كارۋانلىرى بۇ يەرنى« تۈركىستان داللىرى» دەپ ئاتىغانىدى. فىرانسىيەنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە، ھىندىستاننىڭ يېرىمىغا توغرا كېلىدىغان بۇ بىپايان زېمىن قاتمۇ- قات تاغ تىزمىلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى چوڭ - چوڭ دەريالار ئاشۇ تاغلاردىن باشلىنىپ تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغىچە ئېقىپ سىڭىپ كېتىدۇ. بىر تەرەپتىن ئاپئاق قارلار بىلەن ئورالغان تەڭرىتاغ چوققىلىرى تەكلىماكان قۇملىقىدىن پەيدا بولغان ئىسسىق قۇم بورانلىرى ئارىسىدا قەد كۆتىرىپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن گىياسىز ساغۇچ بىپايان داللاردا ياپ - يېشىل تاللىق، بوستانلىقلار كۆكىرىپ تۇرىدۇ. تەبىئەت بۇ رايونغا ئەنە شۇنداق مۆجىزىنى ئاتا قىلغان.

شىنجاڭدىكى بوستانلىقلاردا بۈگۈن ئون يەتتە مىليون ئاھالە ياشىماقتا. ئۇلارنىڭ سەككىز مىليونى ئۇيغۇرلار، يەتتە مىليونى خىتايلار بولۇپ قالغان قىسمىنى قازاق، قىرغىز ۋە مۇڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر ئىگەللەيدۇ. بۇ يەردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ خىتايلارغا قارشى قوزغىلاڭلىرى يېڭىلىق ئىش ئەمەس. ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بومبا قويۇش، كوچا ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئوخشاش قارشىلىق ھەرىكەتلەر تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. قازاقىستاندىكى سەرگەردان ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا يېقىندىلا مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. 1997- يىلى 2 - ئايدا غۇلجا شەھرىدە خىتايلاغا قارشى كۈرەش

باشلىنىپ ئاز دېگەندە ئوندىن ئارتۇق ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان.، 150 تىن ئارتۇق ئادەم ياردار بولغان. شۇندىن بىر ئاي ئۆتتۈپلا ئۈرۈمچىدىكى ئاپتوبۇسلاردا بومبا پارتلاپ ئاز دېگەندە ئون ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان، يەتمىشتىن ئارتۇق ئادەم يارىلانغان.

خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى بولغان ئۇيغۇر قارشى كۈچلىرىنىڭ بومبىلىرى بېيجىڭدا پارتىلىغان چاغدا بېيجىڭدىكى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەت قولىدىن كېلىدىغان بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭنى تاشقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئايرىپ ئىسكەنجىگە ئېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئەمما خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنى يەنىلا يوشۇرۇپ ئالالمىدى. پەقەت يېقىنقى مەزگىلدىن باشلاپلا چەتئەللىك ژورنالىستلارنىڭ ئۆلكىگە ئەركىن كىرىپ - چىقىشىغا يول قويۇلدى.

شىنجاڭدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىتايدىن بولغان مۇئاۋىن رەئىسى — ئەمما ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەيتتى — چەتئەللىكلەرگە چۈشەندۈرۈپ: «مەن شىنجاڭدا تۇغۇلغان، مەن تۇرغان يەردە ئۇيغۇرلار كۆپ ئىدى، مەن ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە ئوينىغان» دېدى. ئۇنىڭ بۇ خىل يۇمشاق - ياۋداق چۈشەندۈرۈشلىرى خىتاينىڭ پارتىيە سىياسىتىگە ئەئەللۇقتەك قىلاتتى. جاڭ بۇ سۆزلەرنى ھۆكۈمەتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھەشەمەتلىك كۈتۈۋېلىش زالىدىكى تامغا ئېسىلغان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خوشال - خورام بىللە ئۇسسۇل ئويناپ تۇرغان كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن ، بېغىرەڭ گىلەم ئالدىدا ئولتۇرۇپ سۆزلىدى.

**ئۇيغۇرلار ئۆز ۋەتىنىدە ياتلارغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلماقتا**

شۇ ئەسنادا جاڭنىڭ نېرۋىسى يەنە ئۆرلىدى: «بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان — دېدى ئۇ پەقەت پارتىيە تەشۋىقاتى تەلەپپۇزىدا: — بۆلگۈنچىلەرنىڭ تېرورلۇق - زوراۋانلىق ھەركەتلىرى مەسىلىسى ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ، » ئۇ ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرغاچ يەنە: «ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە شىنجاڭدا يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوت قويۇش ۋە باشقا خىلدىكى تېرورلۇق ھەركەتلىرى بىلەن جازالاندى». بۇ سان پارتىيە ئورگانلىرىنىڭ بۇرۇن ئاشكارىلىغان سانىدىن كۆپ ئىدى. جاڭ يەنە خىتاي پارتىيە كادىرلىرىغا خاس پارتىيە تەلەپپۇزىدا قاتتىق قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: «كۆپچىلىك كىشىلەر دىنى ناملار بىلەن ئادەتتىكى دىنى پائالىيەتلەرنى ئارىلاشتۇرىۋاتقان بۆلگۈنچىلەرگە قارشى». ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسلانغاندا چەتئەل ئاخبارات ئورگانلىرى مەسىلىنى كۆپتۈرىۋەتكەن بولۇپ، ئەكسىلئىنقىلاۋى ھەركەت بىلەن شۇغۇللىنىپ جازاغا تارتىلغانلارنىڭ سانى ئۆلكىدىكى قاتناش ۋەقەسىدە ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىن ئاز ئىكەن.

پارتىيەنىڭ بۇ جەڭگىچى تېرورلۇق ھەركەتلەرنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختالغاندا كۈچلۈك قىلىپ مۇنداق دەپ ئىنكار قىلدى: «بۇ خىل جىنايى ھەركەتلەرنىڭ دىن ياكى ئىرق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق». ئۇنىڭ سۆزىچە بۇ ھەركەتلەر «قىپيالىڭاچ بۇزغۇنچىلىق» ھەركەتلىرى ئىكەن. جاڭ ناھايىتى ئىشەنچلىك قىلىپ: «شىنجاڭدا ئىرقى مەسىلىسى يوق. بۇ يەردە بىز ھەممىمىز ئوخشاش. كۆپچىلىك كىشىلەر يەنىلا بەختلىك» دېدى. ھەقىقەتنى ئېلىپ ئېيتقاندا شىنجاڭنىڭ بۇ بەختلىكلىگىنى شەك - شۈبھىسىز خىتايلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ئېيتتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ بىپايان ئۆلكە بىر بايلىق بۇلىقىدۇر: نېفىت، گاز، كۆمۈر، مىس، تۆمۈر ۋە

www.uyghurkitap.com

ئالتۇن قاتارلىق بايلىقلار پۈتكۈل قۇملۇق رايونىنى قاپلىغان. ئۇندىن باشقا بېيجىن ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى زامانىۋى يېپەك يولى قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچى بولىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مەملىكەتلەرنىڭ نېفتلىرىنى خىتايغا ئاققۇزغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ئىران ۋە ئىراقتىكى نېفت ۋە تەبىئىي گازلارنى نەچچە مىڭ كېلومېتىرلىق تۇرۇبىلار ئارقىلىق بۇ ئوتتۇرا ئىمپىرىيەگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. خىتاي يېقىن شەرققە بارىدىغان ئەنسىز دېڭىز يولىدىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلماقتا.

شىنجاڭنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنى خىتاينىڭ قىزىل گېنېراللىرى ئۈچۈن ھەددى ـ ھېسابسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى بۇ ئۆلكە پەقەت روسسىيە ۋە قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ، ئافغانىستان قاتارلىق مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن چېگرىلىنىپلا قالماي بەلكى ئاتوم قوراللىرىغا ئىگە پاكىستان بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى كەشمىر بىلەنمۇ تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبى ئۈچىدىن يېڭى دېھلىغا پەقەت 700 كېلومېتىر كەلسە، ئىسلامئاباتقا پەقەت 400 كېلومېتىرلا كېلىدۇ. بېيجىن ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ گىگانتىك رايوننى ئەنە شۇنداق كونترول قىلىپ كەلدى ۋە ئۆزىنى ھىندى ۋە ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلار تەسىرىدىن قوغداپ كەلدى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ۋە باشقا ھەربى ستراتېگىيىسىنىڭ قىينىلىق تەرىپى شۇكى: شىنجاڭنىڭ دەرۋازىسى غەرپكە خىتاينىڭ ئىچكى نېفت ئېھتىياجى ۋە باشقا سودا ئىشلىرى ئۈچۈن قانچىلىك يىراققا ئېچىلغانسىرى، ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كونترول قىلىش شۇنچە قىيىنغا چۈشمەكتە. بېيجىن ئۆزىگە دۇچ كېلىۋاتقان پان ئاسىيا ئىسلامىزىمنىڭ ئۆزىگە كېلىدىغان تەسىرىدىن قورقماقتا .بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رايوندا خىتايلار ئىگە بولىۋاتقان مەنپەئەتتىن قۇرۇق قېلىشى زىددىيەتنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرمەكتە. ئۇيغۇرلار ئۆز رايونلىرىدىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ 1949 ـ يىلىدىكى 300 مىڭدىن بۈگۈنكى كۈندە قانداق قىلىپ 7 مىليونغا يېتىپ بارغانلىقىغا دىققەت قىلماي تۇرالمايدۇ. يەنىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا خىتايلار شىنجاڭغا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، بۇ يەردىكى راھەت تۇرمۇشنى قوغلىشىپ كەلگەن. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن سىلىشتۇرغاندا شۇ يەردىكى قازاق ۋە ئۆزبېكلەردىنلا باياراق كېلىدۇ. بىراق بۇ يەرنىڭ يەرلىك خەلقلىرى ئۆزلىرى مىڭ يىللاردىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ۋەتىنىدىن يوق بولۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئەندىشىدىن شۈركەنمەكتە.

نېفت شەھىرى كورلىنىڭ نوپۇس سېلىشتۇرمىسى ئادەمنى چۆچىتىدۇ. تېخى بىر نەچچە ئون يىل بۇرۇن بۇ رايون گىياسىز بىپايان قاقاسلىق ئىدى. بۈگۈن بولسا 320 مىڭ نوپۇسقا ئىگە خېلى ھەشەمەتلىك چوڭ شەھەرگە ئايلاندى. بۇ يەردە پۇللار ھەقىقەتەنمۇ كوچىلاردا «چېچىلىپ» ياتقان. ئەمما بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى خىتايلارغىلا تەئەللۇق. كورلىدىكى نېفت شىركەتلىرى تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفتلىكلەرنى ئىدارە قىلغان بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۇ نېفتلىكلەردىكى خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن پايدا يارىتىۋاتقان خىتاي

ئىشچىلىرىنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى تولۇق قاندۇرغان ئىدى. دوختۇرخانىلاردىن تارتىپ پۈتۈن كۈنلۈك باللار باغچىلىرىغىچە، ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلاردىن تارتىپ سۇ ئۈزۈش كۆلچەكلىرىگىچە بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايلارغا مەنسۇپ ئىدى. پەقەت شەھەر سىرتلىرىغا قىستاپ چىقىرىلغان ئۇيغۇرلارلا بۇلاردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان.

كورلىدىكى نېفت ئىشچىلىرىغا تەۋە ئۇيغۇرلار ئون پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. ئەمما خىتايلار بولسا بۇنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلغان. ئۇلار بۇ شەھەرگە ئۇيغۇرلاردىن بىر شەھەر باشلىقى سېتىۋالغاندى. بۇ ۋەتەن ساتقۇچ: «نېفت فىرمىلىرى كۆپلەپ پۇل تاپقاندىن كېيىن ھەممە ئادەم بەختلىك بولۇپ كېتىدۇ» دېدى.

كورلا شەھەر ئەتراپلىرىغا سىقىپ چىقىرىلغان، قوللىرىدا پەقەت قوينىڭ بېشى ۋە ئۈزلىرى ئەتكەن لەگمەنگە ئارانلا ئېرىشەلىگەن ئاشۇ ئاددى خەلق بۇنىڭغا قارىتا غەزەپ - نەپرەت بىلەن شىكايەت قىلىپ: «ئۇلار چوچقا گۆشى يەيدۇ، ئۇلار ۋەھشىلەردۇر» دېيىشەتتى. بۇ يەردىكى دىنسىزلارنىڭ ئەخلاقىغا قارىتا يەرلىك خەلق غەزەپ ۋە يىرگىنىشلىك بىلەن ئەنە شۇنداق شىكايەت قىلىشاتتى. ئۇلار شەھەرنىڭ ئۇيغۇرلار جايلاشقان رايونلارغا يېقىلا بېسىپ كىرگەن ۋە كوچا كانايلىرى ئارقىلىق خەلققە «پىتنە - پاسات» تارقاتماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ تەھدىد سېلىۋاتقان ساقچىلارغا قاراپ: «بۇلار بىزنى ئارامىمىزدا ياشىغىلى قويمايۋاتىدۇ» دەپ زارلىشاتتى. ئاددى پاختا رەختىدىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيگەن، پاكارراق ئەمما قاۋۇل كەلگەن بىر ئۇيغۇر يىگىتى: «شىنجاڭ ناھايىتى چوڭ دۆلەت، ئۇ خېلى - خېلى مۇستەقىل چوڭ دۆلەتلەردىنمۇ چوڭ. نېمە ئۈچۈن شىنجاڭمۇ مۇستەقىل بولالمايدۇ؟» دېدى. شۇ ئەسنادا ھاۋا بوشلۇقىدا قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بىر چوڭ تىپتىكى ھەربى ئايروپىلان قومۇلۇق بوشلۇقىدىن پەس ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. كورلا ئاسمىنىدىن كېچىچە دىگىدەك ھەربى ئايروپىلانلار ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۇلار نېفتلىكلەرنى كۆزىتىۋاتامدۇ ياكى چېگرا رايونىنى قوغداۋاتامدۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتى «شىنجاڭدىكى تىرورىستلارنى ئۆزلىرىنىڭ قوشنا ئىسلام ئەللىرىدىن ياردەم ئېلىۋاتىدۇ ۋە چېگرالاردىن قورال - ياراق كىرگۈزىۋاتىدۇ» دەپ قاراپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز دوستلىرىنى تاللىشى ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئەركىنلىككە بولغان ئارزۇ- ئارمانلىرىنى دۇنيادا ئاڭلىتىۋاتقان دالاي لاماسى يوق. غەرپ ئەللىرىمۇ تېخى ئۇلارنىڭ داۋاسىنى قوللىغىنى يوق. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرىنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ، ئۇلارنىڭ تىبەت ۋە موڭغۇللارغا قارىغاندا ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن بولماقتا. خىتاي كومپارتىيەسىمۇ شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقنى قاتتىق ھەم يۇمشاق سىياسەتلەرنى قوللىنىپ كەلمەكتە. 7 - ئاينىڭ بېشىدا شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەن كومپارتىيە رەئىسى جياڭ زېمىن: «بىز كوممۇنىستلار باشقا دىندىكىلەرگە ئىشىنىمىز ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمىز» دېگەن بولسا، ئارقىدىنلا «مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى قاتتىق باستۇرۇش كېرەك» لىگى ھەققىدە بۇيرۇق ئېلان قىلغان ئىدى.

## جوڭگونىڭ ئاتوم يادرو سىناقلىرى

## شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىدى

ئۇيغۇرلارنىڭ بوگۇنكى ئۈرۈمچى، كورلىغا ئوخشاش زامانىۋى، كۆچمەنلەر شەھەرلىرىگە بولغان غۇلغۇلىسىنى چۈشىنىش قىيىن. يىپەك يولىدىكى قەدىمى شەھەر تۇرپاندا بولسا ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە. دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىز يالقۇن تېغىدىن تارتىپ، دېڭىز يۈزىدىن 150 مېتىر تۆۋەن بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئايدىڭ كۆلگىچە بولغان رايونلاردا، قۇياشنىڭ ئەتتىگەنلىك قىزغۇچ نۇرى ياپ ـ يېشىل تاللىقلارغا چۈشۈپ، ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى پەيدا قىلغان، ھەر خىل تال ـ دەرەخلەر ئاستىدىكى ئېرىقلاردىن سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. باللار سۈزۈك سۇلارنى كېچىپ ئويناتتى. ئۈزۈملەرگە لىق تولغان ئېشەك ھارۋىلىرى تۇرپان شەھەر بازارلىرىغا قاراپ مېڭىشاتتى. بازارلار بولسا مېۋە ـ چېۋە ۋە كۆكتاتلارنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى تەمنىلەشكە تىرىشماقتا ئىدى. بازارنىڭ بۇرجەكلىرىدىكى كىچىككىنە ئورۇنلارمۇ، تونۇردىن ئەمدىلا پىشىپ چىققان نان ۋە شورپىلارغا يېتەتتى. لىق قاچىلانغان ئىككى يوغان ئۆن تاغىرىنىڭ ئوتتۇرسىدا ئولتۇرغان، ئۇستىگە كۆينەكمۇ كەيمىگەن بىر ناۋاي ئەسنەپ ئولتۇراتتى. بازار ئەتراپلىرىدا خىتايلارنى كۆرگىلى بولمايتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى مەدىنىيتى ۋە قۇرغان دۆلەتلىرى ئىنسانلارغا تارىختا تونۇش بولغان. قەدىمى يىپەك يولىدىكى ھەر بىر كارۋانلار ئۆچۈن تۇرپان يېشىلمىگەن تىلسىمات بولۇپ قېلىۋەردى. بۇ يەرنىڭ ھەقىقى ئىگىلىرىمۇ ئۆزگەرمەي شۇ پېتى ياشاۋەردى. تەكلىماكان قۇملىقى بويىدىكى بۇ يېشىل ياقۇت ئۆزىنىڭ قەدىمى جەننەتلىگى، ساپلىقى يەنى قەدىمى ئۇيغۇرلۇق ھالىنى ساقلاپ كېلىۋەردى. ھازىر بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ پەقەت ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىلا ئۆزلىرىنىڭ قانداق بىر رېئاللىق ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ.

تۇرپان ـــ بۇ 240 مىڭ نوپۇسقا ئىگە، جوڭگونىڭ ئاتوم سىناق رايونى بولغان لوپنۇرغا ئەڭ يېقىن چوڭ شەھەر ھېساپلىنىدۇ. خىتايلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ يەرلەشمىگەنلىكى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. پۈتكۈل رايون تۇرپان بىلەن كورلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۈچ بۇرجەكلىك رايوننى ھاسىل قىلغان. خىتايلار 1986 ـ يىلىغىچە بىر ئېغىزمۇ چۈشەندۈرۈش بەرمەي، لوپنۇر رايونىدا يۈزلەرچە قېتىم ئاتوم سىناقلىرىنى ئېلىپ باردى. چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار بولسا بۇ رايوندىكى ئاتوم سىناقلىرىنىڭ كەلتۈرگەن زىيانلىرى ھەققىدە ئىنتايىن ئاز ياكى ئىسپاتلانمىغان دوكلاتلارنى بېرىشتى.

ھازىرغىچە ئاز دېگەندە 200 مىڭ ئىنسان ئاتوم سىناقلىرىنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان بولىشى مۇمكىن 1985 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە ئاتوم سىناقلىرىغا قارشى نامايىش ئېلىپ بېرىلغان. ئەمما بۇ يەردىكى ئىنسانلار ۋە تەبىئەت ئۇچرىغان زىياننىڭ ھەقىقتى ھازىرغىچە بىلىنمىگەن ھالەتتە تۇرماقتا.

تۇرپان مېھمانخانىسىنىڭ كىچىككىنە دەم ئېلىش باغچىسىدا كەچلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل باشلاندى. ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسۇل ئۆمىگى ئۆزلىرىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ سەنئىتى بۇ يەرگە كەلگەن ئازغىنا چەتئەللىك ساياھەتچىلەرگە بەكمۇ ياردى. بىر ئازدىن كېيىن مېھمانلار مېھمانخانىنىڭ دەم ئېلىش زالىدىكى تېلېۋىزوردا قويۇلۇۋاتقان : «جوڭگو ـــ

( داۋامى 13 ـ بەتتە )

# چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەمۇرىي تۈزۈمى

ئە. خوجايېۋ (تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىداتى)

چىڭ سۇلالىسىنىڭ زورلۇق بىلەن بېسىۋالغان تەۋەلىرىدە ئورناتقان مەمۇرىي تۈزۈمى ئۆز قوشنىلىرىغا تۇتقان مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ بىر تۈرى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئورناتقان مەمۇرىي تۈزۈمى بۇ سىياسەتنىڭ ئۇچۇق مىسالى. چىڭ باسقۇنچىلىرىنىڭ بۇ تۈزۈمى 1882 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئۆزگۈرۈش مەلۇم تارىخى شارائىتتا يۈز بەردى.

مەلۇمكى، چىن باسقۇنچىلىرىنىڭ قەدىمى يەتكىچە، يەنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە هازىرقى ئۇيغۇرىستان تەۋەسىدە جۇڭغارلار خانلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان خانلىقى مەۋجۇت ئىدى. (17 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدا جۇڭغارلار بۇ تەۋەنى بېسىۋالغان ئىدى) شۇ دەۋرىدىن ئېتىۋارەن قەدىمىدىن شەرقىي تۈركىستان ئاتىلىپ كەلگەن بىر پۈتۈن تەۋە جىيڭغارىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

1757 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىنىپ، ئاهالىسىمۇ قىرىپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەۋەگە ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈرۈپ كىلىنگەن خىتايلار ۋە جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار جايلاشتۇرۇلدى. خىتاي ئاهالىسى جايلاشقان رايونلاردا خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە قوللىنىلغان مەمۇرىي تۈزۈم، ئۇيغۇر ئاهالىسى جايلاشقان رايونلاردا بولسا قىسمەن شەرقىي تۈركىستان خانلىقىدا قوللىنىلغان مەمۇرىي تۈزۈم ئورنىتىلدى.

1759 ـ يىلى ـ ىىڭ هۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن سىرىتتىن قارىماققا بۇ يەردە كۆپتىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان مەمۇرىي تۈزۈمنى ۋە ئىجرائىي هۆكۈمەت مەهكىمىلىرىنى ساقلاپ قالدى، يەرلىك ئاهالى يەرلىك فېئودال ۋەكىللىرى بەگلەر ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىندى.

1759 ـ يىلغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا قوللىنىلغان مەمۇرىي تۈزۈم بويىچە مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي هۆكۈمدارى هېساپلىناتتى. خاننىڭ بىر قانچە ۋەزىرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەسلىهەتچىلىك ۋە بەزىدە ئەلچىلىك ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيتتى. 17 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا هاكىمىيەتنىڭ غوجىلار قولىغا ئۆتىشى بىلەن خان ـ خان غوجام دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. مەملىكەت تەۋەسى مەمۇرى جەهەتتىن بەش ئۆلكىگە يەنى قەشقەر، ياركەنت، خوتەن، ئاقسۇ ۋە تۇرپان ئوخشاش بەش هاكىمبەگلىككە بۆلۈندى. هەربىر هاكىمبەگلىكنىڭ ئالىي هۆكۈمدارى هاكىمبەگ هىساپلىناتتى. ئۇ هەربىي هوقۇقىمۇ ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا بىرقانچە مىڭ ئەسكەر بولاتتى. هەربىر هاكىمبەگنىڭ قولىدا بىرنەچچىدىن هاكىم ۋە بەگلەر بولاتتى. هەربىر هاكىم هاكىمبەگلىك دائىرىسىدىكى بىر شەهەرگە هۆكۈمدار ئىدى. بەگلەر بولسا هاكىمبەگنىڭ مالىيە، يەر ـ سۇ ئالۋاڭ ـ سېلىق قاتارلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. هاكىمبەگنىڭ ئوغۇللىرى ئۆز

تەۋەلىرىدىكى شەھەرلەرگە باشلىق قىلىپ تەيىنلىنەتتى.

شەرقىي تۈركىستان چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغاندىن كېيىن بۇ مەملىكەتنىڭ مەمۇرى تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئاپاراتلىرى تۈۋەندىكىچە ئۆزگەردى. چىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى — خاننى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى، ھەربىي قوشۇنلىرىنى يوق قىلىپ، پەقەت بەگلىكلەردىن ئىبارەت ھۆكۈمەت ئىجرائىي ئورگانلىرىنى ۋە بەگلىك تۈزۈمىنى ھەم ھاكىمبەگلىك ئەمەلدار دەرىجىسىنى ساقلاپ قالدى. لېكىن ھاكىمبەگلىكنىڭ ۋە بەگلىكنىڭ ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا قالدۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي ھوقۇقلىرى يوق قىلىندى. شۇنداقلا بەگلەرنىڭ يەرلەرنى باللىرىغا مىراس قالدۇرۇش ھوقۇقى بىكار قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تەۋەسىنى ئالتە ئۆلكىگە، قۇمۇل تۇرپان قاتارلىق ئىككى كىچىك خانلىققا بۆلدى، ھەربىر ئۆلكىگە باشلىق قىلىپ ختاي ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلىدى. ئۇلار قول ئاستىدىكى تەۋەلىكنى مەھەللى بەگلەر ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتى. تۈرلۈك ئالۋاڭ - سېلىق ئىشلىرى ۋە ئەمگەكچى ئاممىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەشۇ بەگلەر قولى بىلەن ئىشلەندى.

چىن باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى «شىنجاڭ» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. شىنجاڭغا باش ھۆكۈمدار قىلىپ ئىلدا تۇرۇدىغان جاڭجۈننى يەنى ھەربىي باش قوماندانىنى تەيىنلىدى. جاڭجۈننىڭ يارەمچىلىرى ھەر بىر ئۆلكىگە تەيىنلەنگەن باش ئەمەلدارلاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەربىي ئەمەلدارلار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭ باسقۇنچىلىرىنىڭ شىنجاڭدا دەسلەپتە ئورناتقان مەمۇرىي تۈزۈمى خارەكتېر جەھەتتىن ھەربىي ھۆكۈمەت تۈزۈمىدىن ئىبارەت بولدى.

چىڭ باسقۇنچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا 1882 - يىلغىچە ئورناتقان مەمۇرىي تۈزۈمى ختاي خاقانلىرىغا قەدىمدىن ئادەت بولغان «دۈشمەننى ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئىدارە قىلىش» دېگەن سىياسەتكە ئاساسلانغان. مەزكۇر تۈزۈم بويىچە چىڭ باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا يەرلىك فېئوداللار ۋەكىللىرىدىن — بەگلەردىن تولۇق پايدىلاندى. باسقۇنچىلار ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆزمۇستەقىللىقىنى يوقاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يۇمشۇتۇشقا ئۇرۇندى. گەرچە باسقۇنچىلار ۋاقتىنچە خەلقنى شۇ يول بىلەن ئالداشقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى يوقىتالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا مەزكۇر زىددىيەتلەرنىڭ كۈچىيىشى ئاقىۋىتىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقى چىڭ باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقىمۇ — ئارقا قوزغىلاڭلارنى كۆتەردى.

1864 - يىلى كۆتىرىلگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق قوزغىلىڭى چىڭ باسقۇنچىلىرىنى ئىنتايىن چوچۇتتى. نەتىجىدە ئۇ، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك سىياستىنى، جۈملىدىن مەمۇرى تۈزۈمىنى مۇلاھىزە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. 1878 - يىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جاللىتى زوزۇڭتاڭغا قوزغىلاڭ سەۋەپلىرىنى ئۆگىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك خەلقنىڭ قوزغىلاڭ كۆتىرەلمەسلىكى

ئۈچۈن چارە كۆرۈشنى بۇيرىدى.

زوزۇڭتاڭنىڭ پىكرىچە، بۇ زېمىندىكى ھەربىي ئەمەلدارلار ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللۇنۇپ، مەمۇرىي ئىشلارغا ياخشى ئېتىۋار بېرەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمەلدارلار مەمۇرىي ۋە مالىيە ئىشلىرىنى ياخشى بىلمىگەن. ئىككىنچىدىن، بەگلەر ھەممە ھۆججەتلەرنى ئۆز تىلدا ئېلىپ بارغانلىقى ۋە چىڭ ئەمەلدارلىرى بۇ يېزىقنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بەگلەر ئۈستىدىن دېيەرلىك نازارەت قىلالمىغان.

1880 - يىلى زوزۇڭتاڭ يۇقارقى ئەھۋاللارغا ئاساسلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مەمۇرىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە چىڭ ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلدى ۋە بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ پىلانىنى تەۋسىيە قىلدى. زوزۇڭتاڭنىڭ پىلانىدا شەرقىي تۈركىستاننى خىتاينىڭ بىر ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇش، بۇ زېمىنغا «شىنجاڭ» دېگەن نام بېرىش، بۇ يەردىمۇ ئىچكى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكىگە ئوخشاش مەمۇرىي تۈزۈم ئورنىتىش ۋە بۇ تەۋەنى قايتىدىن ئوبلاسلارغا، رايونلارغا، يېزىلارغا بۆلۈش، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارغا مانجۇ - خىتايلاردىن ئايرىم - ئايرىم ئەمەلدارلار تەيىنلەش، بەگلىك تۈزۈمنى بىكار قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان.

زوزۇڭتاڭنىڭ پىلانى بېيجىڭدە ئۇزاق مۇزاكىرە قىلىندى.

1882 - يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى مەمۇرىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە قارار چىقاردى. ۋىلايەت، ناھىيە، رايونلار ۋە ئۇلارنىڭ مەركەزلىرى باشقىدىن بەلگىلەندى. ئۆلكە باشلىقلىرىدىن تارتىپ ناھىيە باشلىقلىرىغىچە پەقەت مانجۇر - خىتاي ئەمەلدارلىرى تەيىنلەندى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي دۆلەت ئاپپاراتلىرى پۈتۈنلەي يوق قىلىندى. 1882 - يىلدىن باشلاپ يەرلىك فېئوداللار ۋەكىللىرى يېزا ئاقساقىلى، مەھەللە ئاقساقىلى، ئون بېشىغا ئوخشاش ۋەزىپىلەردىلا قالدى.

باسقۇنچىلار مەزكۇر مەمۇرىي ئىسلاھاتى ئارقىلىق مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھاياتىنى خانىۋەيرانچىلىققا سالغان مەزكۇر ئىسلاھات ئاقىۋەتتە باسقۇنچىلارغا قارشى مىللىي زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە كەسكىنلەشتۈردى.

(يېڭى ھايات گېزىتىدىن ئېلىندى)

---

(بېشى 42 - بەتتە)

مەشئەللىك خاتىرىلەش يىغىنى ئېچىپ، تەنئەنمىن ۋەقەسىدە قۇربان بولغانلارنى ئەسلەش، خاتىرە ئەسەرلىرى نەشر قىلىش ۋە ھەرخىل سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش. بۇخىل پائالىيەتلەر ئوخشاش ۋاقىتتا خىتاي ئىچىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدۇ.

بۇيىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، چەتئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتىنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ 10 نەپەر رەھبىرى ئامېرىكىنىڭ كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىگە يىغىلىپ، «4 - ئىيۇن» ۋەقەسىنىڭ 10 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى كەڭ ئاممىۋىچانلىققا ئىگە قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم پەيدا قىلىپ، پۈتۈن يەرشارى خارەكتېرلىك بىرھەرىكەت قوزغاش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

www.uyghurkitap.com



# بىر دۆلەت بار ـ ئۇزاقتا...

**پۇئات بول** (تۈركىيە)

تۈرپاندا مېۋە ـ چېۋە بىلەن بىرلا ۋاقىتتا 4 پەسىلنىڭ نېمەتلىرىدىن بولىمىز. تۈرپان دېگەن بۇ ئاتالغۇنى قەيەردىن كەلدى دەپ ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ ئاتا يۇرتىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈرپان ۋىلايىتىدە ھەر پەسىلدە توپ ـ توغرا 36 خىل قۇغۇن سورتى يېتىشتۈرىلىدۇ. خالىسىڭىز ئۇياقلارغا بېرىپ باشقا بايلىقلارنى ئۆزىڭىز ھىساپلاپ بېقىڭ.

قەدىمقىلەرنىڭ «Anasir-i-Erbaa» يەنى 4 بايلىق دەپ ئاتىغان ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراق بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ۋايىغا يەتكەن تۈرپان ۋىلايىتى مول‌لۇقنىڭ ۋە بەرىكەتنىڭ سىمۋۇلىدۇر. يەر ئۈستىدىكى بەرىكەتلەردىن سىرت، يەر ئاستىدىمۇ ئىنتايىن مول بايلىقلىرى بولغان بۇ تۇپراق كۆك بايراقنىڭ ۋەتىنىدۇر. بۇ 118 خىل مەدەن، ئالتۇن (6 مىليون توننا)، تۇز (دۇنيانىڭ 5 مىڭ يىللىق ئېھتىياجىنى قامدىيالىغىدەك دەرىجىدە)، ئالىيۇمىن، مىس، نىكىل، تۆمۈر (12 تېرلىيون توننا)، ئۇران، تەبئىي گاز (30 مىليارت كۇپ مېتىر)، نېفىت (20 مىليارت توننا) قاتارلىق يەر ئاستى بايلىقلىرى بىلەن كۆزلەرنى قىزارتقان، دوست ۋە دۈشمەنلەرنىڭ نەپسىنى تاقىلداتقان ئېزىز ئاتا يۇرت...

كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ جەننەت دىيار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاچچىق ئەلەم ۋە ئىزتىراپلىق تارىخى بىلەن تولغان.

ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى، كوممۇنىزىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەسكەش ۋەكىلى بولغان خىتاينىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدىكى تىبەت ۋە ئىچكى موڭغولغا ئوخشاش شەرقىي تۈركىستانمۇ خىتاينىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئىڭرىماقتا.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بايراقدارى بولغان ۋاڭ ئىنماۋ شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) ئۈچۈن شۇنداق يوليورۇق چۈشىرىدۇ:

1 . دىنگە ئىشەنمەسلىكنى تەشۋىق قىلىش.

2 . دىنى پائالىيەتلەرگە يول قويماسلىق.

3 . مەسچىتلەرنى ياساشنى چەكلەش.

كوممۇنىستىك تۈزۈمنى مەدھىلەيدىغان دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش.

مانا مۇشۇ خىتاي خەلقئارادىكى ھەرتۈرلۈك ئىنسان ھەقلىرى شەرتلىرىگە ئىمزا ئاتقان. جۇملىدىن ئاساسىي قانۇندا ئاپتونوم رايونلاردا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ ئاپتونومىيە ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيەت ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى يازغان بىر ئۆلكە ئىدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى قەغەز ئۈستىدىلا قالماقتا...

1996 ـ يىلى دۇنيا بويىچە ئىنسان ھەقلىرىنى ئەڭ ئېغىر ئاياق ئاستى قىلغان دۆلەت خىتاي بولدى، لېكىن پۈتۈن دۇنيا بۇ ئەھۋالدىن ھېچ بىر خەۋىرى يوقتەك يۈرمەكتە. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى بىر مىليارت 200 مىليونلۇق بازارلا خالاس!

**ئىنسان ھەقلىرى؟ چاقچاق قىلماڭ!**

خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا قارشى ئىنتايىن

قاتتىق بىر ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. مىليونلىغان خىتاينى شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى خىتاي نوپۇسىنى كۆپەيتىۋاتىدۇ. شۇنداقلا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە ئۇيغۇرلارنى يوقۇتۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ ئاخىرقى 50 يىلدىن بېرى خىتاينىڭ پارتىلاتقان 46 قېتىملىق ئاتوم بومبىسىنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلدى.

فىرانسىيىنىڭ تېنچ ئوكياندا ئېلىپ بارغان ئاتوم سىنىقىغا قارشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «بېلىقلارنىڭ نەسلى تۈگەپ كېتىدىغان بولدى» دەپ قىيامەت قايىم قىلغان ئىدى، لېكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستاندا سىناق قىلغان ئاتوم بومبىلىرىغا ھېچكىم ھەتتا ئاۋازىنىمۇ چىقىرىپ قويمىغانىدى.

1945 - يىلىدا ياپونىيىگە ئېتىلغان ئاتوم بومبىسىنىڭ تەسىرىدىن بومبا پارتىلىغان يەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا بۈگۈنگىچە ھەتتا بىر تال چۆپمۇ ئۈنمەپتۇ. ئەجەبا يېشىللىقنى قوغدايدىغان مۇھىت ئاسرىغۇچىلار قەيەرلەردە قالدى؟!

كۆرىۋاتامسىز — سۆزىنىڭ ئىگىزى مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە ھەرزامان ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرچە يېزىقنىڭ ۋە نەشرىياتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلار ئاخىرقى 60 يىلدا 3 قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىش ئارقىلىق بوۋا، دادا، بالىنىڭ بىر - بىرىنى چۈشەنمەيدىغان ھەم بىر - بىرىنىڭ يازغان خېتىنى ئوقۇيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

قىزىل جاللات ماۋزېدوڭنىڭ «ھەر ئۇيغۇرنىڭ قېنىدا خىتاينىڭ قېنى ئېقىشى كېرەك!» دېگەن بۇيرۇقى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، ئۇيغۇرلار تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماقتا. يالغۇزلا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيىسىدە (1991 - يىلى) بىر يىلدا 18 مىڭ 765 ئانىنىڭ بوۋاقلىرى پىلانلىق تۇغۇت باھانىسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ 2 - ۋە 3 - باللىرى نوپۇسقا ئېلىنماي ۋاتىدۇ. ئۇيغۇر باللىرىغا ياشاۋاتقان ئۆلكىلەرنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنماقتا.

ئايلىق مۇئاشىنىڭ 6 دىن 10 دوللارغىچە بولغان خىتايدا، خىتاي بىلەن توي قىلىشنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن خىتاي بىلەن توي قىلغان ئۇيغۇرلارغا بەش مىڭ دوللار مۇكاپات بېرىلمەكتە!

ئۇيغۇر ۋەتىنىگە بىكارغا هاراق ۋە ھىروئىن ئەكىلىپ ئۇيغۇرلارنى روھسىز ۋە كېسەلچان قىلىش مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرىۋاتقان خىتاينىڭ سىياسىتىنى شۇ جۈملىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: «ئالدى بىلەن بىخۇتلاشتۇر، ئاندىن پارچىلا ۋە يوق قىل».

كوممۇنىست خىتايلار تۈرك، ئىسلام ۋە ئىنسانلىق دۇنياسىنىڭ دۈشمىنىدۇر.

سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن قۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىدە سەرگەردا بولۇپ يۈرگەن شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى كۆرۈپ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سورىغىنىمىزدا: «ئانا يۇرتىمىزدا خىتايلار بىزگە ھاياتنى زەھەر قىلدى. خىتاينىڭ زۇلمىدىن قېچىپ بۇيەرگە چىققان ئىدۇق، بۇ قېتىم رۇس زۇلمىغا دۇچار بولدۇق. ئارقىمىزغا يانالمايمىز بىردىن - بىر ئارزۇ - ئۈمۈدىمىز ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقكە ئېرىشىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتمەكتۇر ... » دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

## «بىر بايراق پۈرسەت كۈتىۋاتىدۇ!»

ئاكا ئورنىدىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ چوڭ ۋەزىپىلىرى بار.

70 يىللىق كوممۇنىزىم تۈزۈمى دىننى ئەپيۇن دەپ ئېلان قىلىپ يوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ، هاراق ۋە ھىروين بىلەن خەلقلەرنى خامۇش قىلىپ ئۇخلۇتۇپ، مىللىي مەدەنىيەتلەرنى يوقۇتۇپ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىۋەتكەن. بىر قازاقتىن «ئەڭ چوڭ دۈشمىنىڭ كىم ؟» دەپ سوراپ بېقىڭ، ئۇ چۇقۇم: «ئۆزبەك، ئۇيغۇر، قىرغىز... » دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

كېچە، شاملار ئۆچۈرۈلدى. تۈرك مىللىتىنىڭ ئويغۇنىشى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلىق ئويغىنىدۇ! قاراپ تۇرۇڭ، مۇستەقىللىقنىڭ قۇياشى تۇرپان دىيارىنىڭ ئۈستىدە پارلايدۇ. شامالLAR نەپەسلىرىنى توختۇتۇپ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى سۆيۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتمەكتە...

ئارسلان ئالىپتېكىن، ئەخمەت تۈرك ئۆز ۋە دوكتۇر ئەرپولات دونمەزنىڭ ئېلىپ بارغان شەرقىي تۈركىستان داۋاسى توغرىسىدىكى يىغىنغا دوستىمىز سەربەت كاباقلى رىياسەتچىلىك قىلدى. مەنمۇ ئورتاق چۈشەنچە ۋە ھىسسىياتلىرىمنى بۇ يەردە يېزىشقا مۇيەسسەر بولدۇم.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەپسانىۋى داھىسى مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى سەرۋەت ئەپەندى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى. «ئەزەربەيجاننىڭ مۇستەقىللىق كۈنىنى تەبرىكلەش كۈنىدە مەرھۇم ئەيسا ئەپەنى بىلەن تۈركىيە جىمھۇرىيىتىنىڭ زۈكلىسى سۇلايمان دېمىرەل قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەردال ئىنۆنۈ كەلدى. ئىنۆنۈنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدىم: «ئەپەندىم، بۇ، زات ــ شەرقىي تۈركىستاننىڭ داھىسى بولىدۇ، 90 ياشتىن ئاشقان ھەم كۆزلىرى كۆرمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئىنتايىن تىتىك ۋە شەرقىي تۈركىستاداۋاسىدىن ۋاز كەچمىگەن بىر مۇجاھىتتۇر.» ئەردال ئەپەندى تۇيۇقسىزلا ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ «مەرھابا! خوش كەلدىڭىز، سىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سوتسىيال دېموكراتلار قانداقراق؟» دېمەسمۇ بەدىنىمگە سوغۇق سۇ قۇيىۋەتكەندەك تۇرۇپلا قالدىم. ئايرىلىدىغان ۋاقتىمىزدا ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەپەندى ماڭا: «مەن ئۇنىڭ دادىسىنىبىلىمەن، ئۇ، ئۆز مەنبەتىگە توغرا كەلمەيدىغان ھەرقانداق ئىشنى ئاڭلىماسلىققا سالاتتى، بۇ بولسا ھىچ نەرسىنى چۈشەنمەيدىكەن ۋە بىلمەيدىكەن» دېدى.

ئۇلار چۈشەنسۇن چۈشەنمىسۇن، بىلىشنى خالىسۇن ۋەيا خالىمىسۇن ئاللاھ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ.

---

( بېشى 41 ـ بەتتە )

چىڭخەيدىن كەلگەن مىللەت ۋەكىللىرى دەرھال تەيۋەندە « چىگرا رايون ئۇيۇشمىسى » قۇرۇپ، بىرلىكتە دەلىل ـ ئىسپاتىلارنى توپلاپ، « شىڭشىسەي شىنجاڭغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلدى؟ » دىگەن كىتاپنى يېزىپ چىقىپ تارقاتتى.

ژورنىلىمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا بۇ كىتاپنىڭ موھىم پىراگىراپلىرىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.

(تەھرىردىن)

ئىزاھات: (يۇقارقى ماقالىدىكى تارىخى مەنبەلەرنى ئەبەيدۇللا ئەپەندى تەمىنلىدى)

# ۋەتەن سىرتىدىكى خانىم - قىزلىرىمىز تەشكىلاتلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك

مەرھابا رەجەپ (گېرمانىيە)

ۋەتەن ئىچىدىكى خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى مىللىي كۆرەشلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە پائالىيەت كۆرسىتىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ سانى بارغانسىرى كۆپىيىپ، سىياسىي پائالىيەتلىرىدىمۇ خېلى جانلىنىش بارلىققا كەلدى. ئەپسۇسكى، ۋەتەن سىرتىدىكى مۇجادىلە سېپىمىزگە شۇنداقلا كۆزتاشلىغىنىمىزدا، ۋەتەن سىرتىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەۋجۇتلۇقىنى پەقەتلا نامايەن قىلالمىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. يەنى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، ۋەتەن سىرتىدىكى خىتايغا قارشى مۇجادىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە ۋە تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ھەردەرىجىلىك ئاپاراتلىرىدا خانىم - قىزلىرىمىزنى ئاساسى جەھەتتىن ئۇچۇرىتالمايمىز، بۇ، مىللىي داۋايىمىزدىكى بىرچوڭ بوشلۇقتىن ئىبارەت. ژورنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانلىرىدا بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەپلىرى ۋە ئامىللىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە مەن، خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ تەشكىلاتلىنىش ئۇسۇلى ۋە دەسلەپكى ۋەزىپىللىرى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن:

ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئومومى ئەھۋالىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، خانىم - قىزلىرىمىز سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن تېخىچە تەييارلىق باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئۇلارنىڭ مۇنتىزىم ھالدا تەشكىللىنىپ سىياسىي جەھەتتىن ئومومى يۈزلۈك ھەرىكەتكە ئۆتۈشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت تېخى پىشىپ يېتىلگىنى يوق. سىياسىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، شۇنچە يىللاردىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ تەشكىللىنىشىگە ۋە سىياسىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەن بەرمىگىنى ئۈچۈن، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلە سېپىمىزدە خانىم - قىزلار ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى تېخى شەكىللەنمىگەن. ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، 50 نەچچە يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي مۇجادىلىمىز كەسپلەشكەن ھالدا ئەمەس بەلكى ئىشتىن سىرتقى تۈسنى ئالغان ھالدا داۋاملىشىپ كەلدى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى - ئىقتىسادىي كۈچىمىزنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىندۇر. چۈنكى، يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، ۋەتەن سىرتىدا ياشاپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز بىرتەرەپتىن ئىنتايىن قىيىن ۋە جاپالىق موھىتتا ئىشلەپ ئائىلىسىنىڭ ھاياتىنى قامدىسا، يەنەبىرتەرەپتىن، ئېشىنغان ۋاختىنى ۋە ئىقتىسادىنى سەرىپ قىلىپ ۋەتەن - مىللەتنىڭ داۋاسىنى قىلىپ كەلدى، خانىم -

www.uyghurkitap.com



قىزلىرىمىزمۇ ئوي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىن سىرت، يەنە جاپالىق ئىشلەپ بىرئائىلىنىڭ ئومومى يۈكىنى تەڭ كۆتۈرۈپ كەلدى، دىمەك، خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي يۈكى ئىنتايىن ئېغىربولغاشقا، ئاكتىپ ھالدا تەشكىللىنىشكە ۋە سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا شارائىت يارىتالمىدى، يەنى شارائىتنىڭ ئېغىرچەكلىمىسىگە ئۇچۇرىدى. مەيلى نىمە بولىشىدىن قەتئى نەزەر، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقىمىز مىللىي مەۋجۇتلىقىمىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئىسسىق قېنىنى ۋە قىممەتلىك ھاياتىنى پىداقىلىۋاتقان يەردە، بىزمۇ ئەلۋەتتە ھەرقانداق پىداكارلىقتىن قاچماسلىقىمىز كېرەك.

مېنىڭچە خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ تەشكىلاتچانلىق ئېڭىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسولى ـ ئۇلارنى كوللىكتىپ ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەرقىلىش كېرەك. ھەرقايىسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى تەركىۋىدە جەزمەن خانىم ـ قىزلار كومىتېتى ياكى گۇرۇپپىللىرىنى قۇرۇپ، خانىم ـ قىزلىرىمىز ئارىسىدا ھەرخىل شەكىل ۋە ئۇسوللاردا ئىجتىمائىي ياكى سىياسىي پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ۋاختىدا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. خانىم ـ قىزلىرىمىز ئىچىدىكى سىياسىي جەھەتتە بىرقەدەر يېتىشكەن ئاۋانگارتلارنى يادرو قىلىپ، ئۇلار ئارقىلىق خانىم ـ قىزلىرىمىزغا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە تۈرلۈك ئىلمى مەزمونلاردا مەلۇمات ۋە دوكلات بېرىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇلارنىڭ سىياسىي ئېڭىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئەگەر خانىم ـ قىزلىرىمىزنى دەرھاللا سىياسىي پائالىيەتكە تەشكىللەش ئىمكانىيىتى بولمىسا، ئالدى بىلەن ئىشنى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىن باشلاش كېرەك. مەسىلەن ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتساق، چەتئەللەردە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ مىللىي ۋە دىني كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ـ نۆۋەتتىكى ئەڭ موھىم ۋەزىپىللىرىمىزنىڭ بىرى، بۇۋەزىپە ئەلۋەتتە خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ زىممىسىدە، شۇنىڭ ئۈچۈن، خانىم ـ قىزلىرىمىز دەسلەپكى قەدەمدە تەشكىللىنىپ، قەدەمباسقۇچلۇق ھالدا پەرزەنتلىرىمىزگە ۋەتىنىمىزھەققىدە مەلۇمات بېرىش، دىنىنى ۋە تىلىنى ئۆگۈتۈش، سەنئىتىنى ئاڭلىتىش... قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچ سەرىپ قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ كېلەچىگى بۇ ئەۋلاتلىرىمىزغا باغلىق، ئۇلار مىللىي داۋايىمىزنىڭ كەلگۈسى مىراسچىللىرى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىمانىنى، ئاناتىلىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش تولىمۇ موھىم. مەسىلەن، يېقىندا گىرمانىيدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى ئۇيغۇرئۆسمۈرلىرى ئۈچۈن قۇرئان كۇرسى ئاچقان ئىدى، ميونخىن شەھرىدىكى بىرقىسىم خانىملار تەشكىللىك ھالدا ھەر يەكشەنبە كۈنلىرى پەرزەنتلىرىنى تەشكىلاتنىڭ خىزمەت بىناسىدائېچىلغان قۇرئان كۇرسىغا ئاپىرىپ ـ ئەكىلىۋاتىدۇ، يەنە بىرقىسىم خانىملار پىلانلىق ھالدا پەرزەنتلىرىگە ئۇيغۇرتىلى ئېلىپبەسىنى ئۆگۈتىۋاتىد، بۇمۇ ئىنتايىن ياخشى بىرباشلىنىش. خانىم ـ قىزلارھەرىكىتىمىز باشلانغۇچ باسقۇچتا تۇرىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دەرھاللا چوڭ ئىشلارغا كىرىشىپ كېتىشىمىزمۇمكىن ئەمەس، شۇڭا ئىشنى كىچىكتىن باشلاپ، پەيدىن ـ پەي ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇشىمىز، زورايتىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلىرىمىزماسلىششچان

ۋە ئاگلىق بولۇپ، شەخسىيەتچىلىكتىن خالى هالدا خانىم ـ قىزلارهەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تىگىشلىك كۈچ چىقىرىشى كېرەك.



ئاخىرىدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتىمە كچىمەنكى، ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۆرىشىدە خانىم ـ قىزلىرىمىز جاسارەتلىك هالدا تەشكىللىنىشكە زور غەيرەت كۆرسىتىشى، هەرقانداق بىر شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئوكۇشلۇق شارائىتنى هازىرلىشىغا هەيدە كچىلىك قىلىشى، خىلمۇ ـ خىل توسقۇنلۇقلارغا قارشى هازىرلىقتا بولۇشى، ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى هەرگىزمۇ تۆۋەن كۆرمەسلىكى، خەلقىمىزنىڭ ۋەتەننى ئۇلۇقلاپ «ئانا ۋەتەن» دەپ ئاتىغان شۇ «ئانا» سۆزىنىڭ تېخىمۇ ئۇلۇقلىنىشىنى، ۋەتەنىنىڭ ئانىلارسىز بىر پۈتۈن مۇستەقىللىققە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.



بارلىق خانىم ـ قىزلىرىمىزغا بۇ سۈرەتلەرنى كۆرۈش ئارقىلىق، ئۇزاق ۋە يېقىن تارىخىمىزدىكى قەهرىمان خانىم ـ قىزلىرىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتەن ـ مىللەتى ئۈچۈن قىلغان باتۇرانە ئىش ئىزلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ ئۆتۈشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

(98 ـ يىل ئۆكتەبىر. گىرمانىيە ـ مىيونخىن)



# شەرقىي تۈركىستاندىكى فاشىست قوشۇن - «بىڭتۈەن»

ئېلىيار تۈمەر (گېرمانىيە)

بىز ئۇيغۇرلاردا، «خىتاينىڭ ئەسكىرى بىڭتۈەنلىك» دېگەن بىر سۆز بار، شۇڭا، «بىڭتۈەن» دېگەن بۇ غەلىتە كەلىمە تىلغا ئېلىنغان هامان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىختىيارسىز هالدا غەزەپ - نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى چىرماپ ئالىدۇ، چۈنكى «بىڭتۈەن» - كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى فاشىستىك سىياسىتىنى رەھىمسىزلەرچە بىۋاستە ئىجرا قىلىدىغان يالماۋۇز قوشۇن ۋە خىتاي شوۋىنىزمىنىڭ (چوڭ خىتايچىلىقنىڭ) ئەڭ زورلاڭغىرىدىن ئىبارەت. قىسقىسى، «بىڭتۈەن» - خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدە كوممۇنىست خىتاينىڭ ۋەھشىلىكىنىڭ، قانخورلۇقىنىڭ، رەھىمسىزلىكىنىڭ تىپىك ۋەكىلىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، «بىڭتۈەن» نى ياخشى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ماهىيىتىنى ياخشى ئىگەللەش بولسا، ئەمەلىيەتتە كوممۇنىست خىتاينىڭ ئومۇمىي ماهىيىتىنى ياخشى بىلىۋېلىشتىن ئىبارەتتۇر. تۆۋەندە، «بىڭتۈەن» نىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ھەققىدە سىزلەرنى قىسقىچە خەۋەرلەندۈرۈپ ئۆتمەكچىمەن:

## 1. «بىڭتۈەن» نىڭ بارلىققا كېلىش سەۋەبى ۋە جەريانى

1949 - يىلى، خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ 1 - دالا ئارمىيىسى قارمىقىدىكى 1 - كورپۇسىنىڭ 2 - ۋە 6 - قىسىملىرى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىردى، ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى تاۋسىيۇ كوممۇنىستلارغا تەسلىم بولۇپ، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن كوممۇنىست قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن، كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ سانى 300 مىڭغا يېتىپ باردى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىنتايىن چەكلىك بولغان شەرقىي تۈركىستاندا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇنچىۋالا كۆپ ئەسكەر تۇرغۇزۇشى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى «ئۇلۇغ شاپائەتچى» دەپ ئاتىۋالغان كوممۇنىست خىتايغا بولغان قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى، ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستانغا خوشنا بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ خىتايغا بولغان ئەندىشىسىنى ئاشۇرغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېسىمى ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەن، «خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 5 - قىسمى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. گەرچە كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى دەسلەپتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە، «شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىنى تار - مار قىلىپ بولۇپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەسكەرلىرىمىزنى چېكىندۈرىمىز» دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەسلى مەقسىدى،

شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىسىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، 1949 ـ يىلدىن 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق كۆرەشلەر ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ تۇردى، «خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى 5 ـ قىسمى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن مىللىي ئارمىيمۇ كوممۇنىست خىتايلار ئۈچۈن ئەڭ زور تەھدىت ئىدى، چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى بۇقىسىمغا قەتئىي ئىشەنمەيتتى. مانا مۇشۇنداق بىر تارىخى ۋەزىيەت ئاستىدا كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى، خوشنا ئەللەرنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن، 1954 ـ يىلى «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى» دىگەن ساختا نىقاپ بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى، گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن تەسلىم بولغان قوشۇنلارنى ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى» نى قۇرۇپ، ئۇلارنى چېگرا بېلىرىغا ۋە يەرلىك خەلق توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئەتراپىغا چەمبەر شەكلىدە يەرلەشتۈردى، «بىڭتۈەن» تەركىۋىدىكى مىللىي ئارمىيىنى بولسا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي ـ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى چۆللۈك ۋە دەشتى ـ باياۋانلارغا تارقاق ھالدا سۈرگۈن قىلىپ، كوممۇنىست خىتاينىڭ كۆزىگە قادالغان بۇ«مىق» نى كۆزدىن يىراق قىلدى. دىمەك، مەككار خىتاي ھاكىمىيىتى «ئىشلەپچىقىرىش بىڭتۈەنى» دىگەن بۇ چىرايلىق نام بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرگەن بارلىق قوشۇنلىرىنى بىرپۈتۈن ھالدا ساقلاپلا قالماي، بەلكى شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈ مۇستەملىكە قىلىش ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سالدى.

## 2. «بىڭتۈەن» نىڭ مەقسىدى ۋە ماھىيىتى

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە «بىڭتۈەن» نىڭ ئاساسى مەقسىدىنى ئىزاھلىغاندا، «ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئاساسى مەقسىدى ـ شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، بوزيەر ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش» دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە، «بىڭتۈەن» ـ مەخسۇس ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزائىگىلىك قوشۇنى، بىڭتۈەنىنىڭ ھېچقانداق ئەسكىرى ۋەزىپىسى ياكى ئەسكىرى تۈسى يوق» دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ «بىڭتۈەن» قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىي رايونلىرىدا ۋە تارىم ۋادىللىرىدا بولۇشىغا بوزيەر ئېچىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خېلى بىرقىسمىنى ئۆزلىرىگە ئىشەندۈرگەن ئىدى، ئەمما خەلقىمىز «بىڭتۈەن» نىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تولۇق تونۇپ يەتتى.

«بىڭتۈەن» نىڭ مەقسىدىنى بىلىش ئۈچۈن، «بىڭتۈەن» نىڭ قۇرغۇچىسى ۋە قانخور جاللات ۋاڭ جېننىڭ 1982ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاندا «بىڭتۈەن» نىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى (سەيپىدىن ئەزىزى دەۋرىدە «بىڭتۈەن» بىرمەزگىل تارقىتىلىپ يەرلىككە قوشۇۋېتىلگەن ئىدى) تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قىلغان سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆتسەكلا كۇپايە قىلىدۇ، ۋاڭ جېن «بىڭتۈەن» نىڭ مەقسىدى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دىگەن ئىدى:

www.uyghurkitap.com

« شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى - شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىغان دۆۋلەت مۇداپىيە قىسىملىرىنىڭ مەخسۇس تەشكىل قىلىنغان ۋە تەربىيىلەنگەن غايەت زورئارقاسەپ كۈچى بولۇپ، ئۇ، سىياسى - ئىدىيۋى تەلىم - تەربىيىنى كۈچەيتىپ، « ئىشلەپچىقىرىش بىلەن قوراللىق كۈرەشنى بىرلەشتۈرۈش، بوزيەرئېچىش بىلەن چېگرانى قوغداش» تىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى جاھانگىرلارنىڭ ۋە زوراۋانلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن ۋە بۇزغۇنچىلىقىدىن قوغدايدۇ ».

(بۇسۆز خىتاي هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىچكى قىسىمدا خىتايچە مەخپى بېسىپ تارقىتىلغان «مىللىي سىياسەت هەققىدە تاللانمىلار» دىگەن كىتاپنىڭ 326 - بېتىدىن ئېلىندى)

ئۇندىن باشقا يەنە كوممۇنىست خىتاي رەهبەرلىرىدىن ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، خوياۋباڭ، جاۋزىياڭ، دىڭ شياۋپىڭ، جاڭ زېمىن، لىپېڭ قاتارلىقلارمۇ بىڭتۇەنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىزاهلىغاندىمۇ يەنە يۇقارقىغا ئوخشاش قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان هەمدە بىڭتۇەنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچكى - تاشقى ئامانلىقىنى قوغدايدىغان قوراللىق زاپاس قوشۇن ئىكەنلىكىنى هەرۋاقىت تەكىتلەپ كەلگەن ئىدى. گەرچە بىڭتۇەنىڭ هەربى تۈسنى ئالغان بىرمۇنتىزىم قوشۇن ئىكەنلىكى ئوپ - ئوچۇق ئوتتۇرىدا تۇرسىمۇ، ئەمما كوممۇنىست خىتاي هۆكۈمىتى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزىنى بويياپ، تاكى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە دۇنيا بانكىسى ۋە تۈرلۈك خەلقئارالىق ئىقتىسادى گۇروهلاردىن بىڭتۇەن ئۈچۈن ئۆسۈمسىزقەرىزپۇل ۋە تۈرلۈك ماددى ياردەملەرنى ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قېنىنى ئىچىپ بويۇغەن بۇ كىچىك ئەجدەرهانى بورداپ ۋە زورايتىپ كەلدى.

« بىڭتۇەن » خۇددى ئىسمى - جىسمى مۇناسىپ هالدا، هەرقېتىم شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىمىزنىڭ خىتاي هاكىمىيتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە خەلقىمىزنىڭ قارشىسىدا پەيدا بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ هەققانى هەرىكىتىنى قانلىق باستۇرۇشتا بىۋاستە موهىم رول ئويناپ كەلدى. مەسىلەن ئېلىپ ئېيتساق، شەرقىي تۈركىستاندا 80 - يىلدىن بۇيان يۈزبەرگەن قەشقەرۋەقەسى، قاغىلىق ۋەقەسى، بارىن ىنقىلاۋى، خوتەن ۋەقەسى، ئىلى ۋەقەسى ... قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى ئەنەشۇ « ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى » تەرىپىدىن بىۋاستە هالدا قانلىق باستۇرۇلدى. دىمەك، « بىڭتۇن » - قانداقتۇربىر ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزائىگىلىك قوشۇنى بولماستىن، بەلكى كوممۇنىست خىتاي هاكىمىيتىنىڭ غەربى شىمال دەرۋازىسىنىڭ ئامانلىقىنى ۋە خىتاي هاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسى، ئىقتىسادى ۋە هەربى مەنپەئەتنى قوغدايدىغان زوراۋان قوشۇندىن ئىبارەت، خالاس.

## 3. « بىڭتۇەن » نىڭ كۆلىمى

ئاتالمىش « ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى » - مەركىزى خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بىۋاستە تەسىس قىلغان ئۆلگە ئىچىدىكى مۇستەقىل ئۆلكىسىدىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقى « بىڭتۇەن » نى « دۆۋلەت ئىچىدىكى مۇستەقىل خاندانلىق » دەپ ئاتايدۇ. گەرچە مەركىزى خىتاي هۆكۈمىتى ئۆزى بېكىتكەن قانۇنلارغا ئاساسەن، « بىڭتۇەن » مەمۇرى جەهەتتىن « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق هۆكۈمىتى »

نىڭ باشقۇرىشى ئاستىدا بولسىمۇ، ئەمىلىيەتتە ئۇ، سىياسى، ئىختىسادى ۋە مەمۇرى جەھەتتىن بىۋاستە ھالدا مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇپ كەلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن «بىگتۈەن» مۇستەقىل بىرئۆلكە تۈسىنى ئالغان ھالدا ئۆزئالدىغا ھەردەرىجىلىك سوت - تەپتىش مەھكىمىلىرىنى، ساقچى ئىدارىلىرىنى، شۇنىڭدەك بىرئۆلكىدە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق سىياسى، مەمۇرى ۋە ئىختىسادى ئورگانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇكەممەل تەسىس قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىپ، بىۋاستە ھالدا خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىگە غەللە - پاراق تاپشۇرۇپ كەلدى.

«بىگتۈەن» دەسلەپ قۇرۇلغان چاغلاردا ئۇنىڭ دائىرىسى پەقەت شىخەنزە ۋە كۈيتۇڭ رايونلىرىنىڭ بىرقىسمى، شۇنىڭدەك ئاقسۇ دائىرىسى ئىچىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ مەلۇم بىرقىسىم رايونلىرى بىلەنلا چەكلىنەتتى، ئىشلەپچىقىرىش ئىختىدارىمۇ ناھايىتى ئاجىزبولۇپ، تاكى 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئاشلىقتا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەي كەلگەن ئىدى، ئۆزلىرى ئاچقان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كۆلىمىمۇ ئىنتايىن كىچىك ئىدى، چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، خۇددى قوي تېرىسىگە ئورۇنىۋالغان ئاچ بۆرىدەك قىملىدىماي يېتىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئەپتى - بەشىرىسىنى تېخى ئاشكارىلىمىغان ئىدى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە «بىگتۈن»، ماۋزېدۇڭ قوزغىغان «مەدىنىيەت زورئىنقىلاۋى» تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن سىياسى قالايمىقانچىلىق ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن رايونلىرىدا ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان ئاچارچىلىق دولقۇنىدىن پايدىلىنىپ ئۈستىدىكى نىقاۋىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، تۈرلۈك ھىلە - مېكىر ۋە زورلۇق - زومبۇلۇقلارنى ئىشقا سېلىپ، ھەدەپ ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدى بىلەن «بىگتۈەن» نىڭ نوپوسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى» دىگەنلەرنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، خىتاينىڭ ئىچكى رايونلىرىدىن، ئاساسلىق ئېغىرئاچارچىلىق يۈزبەرگەن ئۆلكىلىرىدىن يۈزمىڭلاپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى بىۋاستە ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى «بىگتۈەن» نىڭ ھەرقايسى تۈەن - مەيدانلىرىغا يەرلەشتۈردى ھەمدە ھەرقايسى دېۋىزىيە قارمىقىدىكى تۈەن - مەيدانلارنىڭ سانىنى شىددەت بىلەن ئاشۇردى، ئىككىنچى باسقۇچتا «بىگتۈەن» ئەسلىدىكى مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈەن - مەيدانلارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن رايونلىرىغا تارقاقلاشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتتى، ئۈچىنچى باسقۇچتا «بىگتۈەنگە ياردەم بېرىش، بىگتۈەننى قوللاش» دىگەندەك شوئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يەرلىك خەلق مىگبىرجاپالار بىلەن بەرپاقىلغان ئېتىز - ئېرىق، كۆللەرنى، ئوتلاق ۋە چارۋا - ماللارنى زورلۇق بىلەن «بىگتۈەن» نىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزىۋالدى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغىنى شۇبولدىكى، «بىگتۈەن» شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق سۇمەنبەلىرى بولغان تارىم دەرياسى ۋە باغراش كۆلىگە تۇتىشىدىغان غوللۇق دەريا ۋە ئۆستەڭلەرنىڭ ۋە تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدىكى ئاساسلىق كارىزلارنىڭ سۇمەنبەسىنى كونترول

قىلىۋېلىپ، يەرلىك خەلقنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئېغىر دەرىجىدە توسقۇنلۇققا ئۇچىراتتى، بۇنىڭ بىلەن، «بىڭتۇەن» لىك خىتايلار بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى تۈنجى توقۇنۇش سۇ تالىشىش كۆرىنىشىدىن باشلاندى، ئەپسۇسكى، بىڭتۇەنلىكلەر قوراللىق بولغىنى ئۈچۈن، ھەرقېتىملىق توقۇنۇشلاردا پۈتۈن زىياننى يەرلىك خەلق تارتتى، «ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى قانۇن كومىتېتى» نىڭ ئېچكى قىسىمدا ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، «بىڭتۇەن» قۇرۇلغاندىن بۇيان، پەقەت سۇ تالىشىش سەۋەبىدىنلا بەش مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر دېھقان بىڭتۇەنلىك خىتايلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى توخماق - گۈرجەكلەر بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئېتىز تالىشىش، يايلاق تالىشىش جەريانىدا بىڭتۇەنلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن يەرلىك خەلقنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىڭتۇەن مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك قورچاق ھۆكۈمەتلەرنى ئىشقا سېلىپ، «بىڭتۇەنگە ياردەم بېرىش» شوئارى ئاستىدا، يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى مەجبۇرى ھالدا «بىڭتۇەن» گە بوز يەر ئېچىپ بېرىشقا ۋە كۆل، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ بېرىشقا سالدى، بۇ ھاشار جەريانىدا سانسىزلىغان خەلقىمىز ئاچلىق ۋە جىسمانى ئازاپتىن ئۆلۈپ كەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قانخور جاللات ۋاڭ ئېنماۋنىڭ يولغا قويغان سىياسەتلىرى ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا «بىڭتۇەن» بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەت تازا ئەۋجىگە چىققاندا، خىتاينىڭ مەركىزى ھوقوق سىستېمىسىدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، مەركەز ۋاڭ ئېنماۋنى مەركەزگە يۆتكەپ كېتىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق سىياسى، مەمۇرى ۋە ھەربى ھوقوقىنى سەيپىدىن ئەزىزىگە تاپشۇردى، سەيپىدىن ئەزىزى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاساسلىق ھوقوقىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا تازا ئەۋجىگە چىققان مىللىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش مەقسىدىدە، مەركىزى ھۆكۈمەتنى قايىل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى» نى دەرھال تارقىتىپ، «بىڭتۇەن» قارمىقىدىكى بارلىق تۈەن - مەيدانلارنى يەرلىككە قوشۇۋەتتى، «بىڭتۇەن» تارقىتىلغاندىن كېيىن، سىياسى ۋەزىيەتتە بىرئاز تېنچلىق بارلىققا كەلدى.

80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا دىڭ شياۋپىڭ دۆلەتنىڭ ئومۇمي ھاكىمىيىتىنى قايتا كونتورول ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، ماۋزېدۇڭنىڭ ۋارىسى خۇاگوفېڭنى ھاكىمىيەتتىن ئۆزلاقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ يېرىگە خوياۋباڭنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە كەلتۈردى، شۇقاتاردا «بىڭتۇەن» نىڭ قۇرغۇچىسى ۋاڭ جېنمۇ خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىدە موھىم ۋەزىپىگە تەيىنلەندى، ۋاڭ جېننىڭ مەركەزدە يۇقۇرى - تۆۋەن قاتناپ كۈچ سەرىپ قىلىشى نەتىجىسىدە، 1981 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قانخور جاللات ۋاڭ ئېنماۋ يەنە قايتا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم» نىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا كەلتۈرۈلدى. ۋاڭ ئېنماۋ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاكىمىيىتىنى قايتا قولىغا ئالغاندىن كېيىن، باشقا ئىشلارنى تاشلاپ قويۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن «بىڭتۇەن» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى، مەركىزى ھۆكۈمەتتە ۋاڭ جېننىڭ كۈچ

چىقىرىشى بىلەن (بۇ چاغدا سەيپىدىن ئەزىزى گەرچە خىتاي پارلامېنتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە قۇرۇق ئۇستەڭگە مىراپ ئىدى)، 1982 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى» خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن رەسمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «بىڭتۇەن» ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندا تېررورىستىك سىياسەت قوللىنىپ، «بىڭتۇەننى قايتا قۇرۇش» دېگەن باھانە ئاستىدا، يەرلىككە تەۋە سانسىزلىغان تېرىلغۇيەر، يايلاق، چارۋا - مال، ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆل، ئېلېكتر ئىستانسىللىرى، دېھقانچىلىق ۋاستىللىرى ۋە باغ - ۋاران، قورو - جايلارنى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ «بىڭتۇەن» گە قوشۇپ بەردى، «بىڭتۇەن» تارقىتىلىپ يەرلىككە قوشۇۋېتىلگەن مەزگىللەردە يەرلىك خەلق غايەت زور ئەمگەك كۈچى سەرىپ قىلىپ، ئەسلىدىكى «بىڭتۇەن» گە تەۋە يەرلەرنى خېلىلا تەرەققى قىلدۇرغان ئىدى، «بىڭتۇەن» نىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن، «بىڭتۇەن» يەرلىكنىڭ سەرىپ قىلغان مېھنىتىگە جاۋاپ قايتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە سەيپىدىن يەرلىككە قوشۇۋەتكەن بىرمۇيەرنى بەش مو، ھەتتا ئون مو قىلىپ تارتىپ ئالدى. ۋاڭ ئېنماۋ بۇنىڭ بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماستىن، مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئاجراتقان مەبلىغىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مالىيەسىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى «بىڭتۇەن» گە ئاجرىتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن «بىڭتۇەن» نى زورايتىشقا كىرىشتى، چۈنكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىسىنى مەڭگۈ داۋام قىلدۇرۇشىدا تايىنىدىغان ئاساسلىق ئامىلى «بىڭتۇەن» ئىدى، نەتىجىدە «بىڭتۇەن» قىسقا مەزگىل ئىچىدە كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە زورايدى ۋە كۈچەيدى.

ھازىر «ئىشلەپ چىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى» قارمىقىدا 10چوڭ دېۋىزىيە، 300گە يېقىن تۇەن، 200 دىن ئارتۇق چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق مەيدانى بار.

خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغان «شىنجاڭ يىلنامىسى» نىڭ 1994 - يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 93 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر «بىڭتۇەن» نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2 مىليون 197 مىڭ 600گە يېتىپ، توغۇلۇش نىسبىتى 9.9 پىرسەن، ئۆلۈش نىسبىتى 4.3 پىرسەنگە يەتكەن. ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 786 مىڭ 900گېكتاربولۇپ، بىريىلدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق 1 مىليون 413 مىڭ 300 توننىغا، پاختا 245 مىڭ 800 توننىغا يەتكەن، 93 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر «بىڭتۇەن» قارمىقىدىكى چارۋا - مال سانى 2 مىليون 928 مىڭ 300 تۇياققا يەتكەن، «بىڭتۇەن» نىڭ بىريىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 6 مىليارت 476 مىليون يۈەنگە (بىردوللار تەخمىنەن 8 -9 يۈەن ئەتراپىدا) يەتكەن. 93 - يىلى «بىڭتۇەن» لىك ھەربىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2308 يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئېشىش سۈرئىتى 14.25 پىرسەن بولغان (يەرلىكنىڭ شۇيىلقى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 778 يۈەن، يىللىق ئېشىش سۈرئىتى 5 پىرسەن بولغان) . ئۇندىن باشقا يەنە «بىڭتۇەن» نىڭ بىريىللىق تاشقى سودا كىرىمى 136مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، تاشقى سودا كىرىمى ھەريىلى 90 پىرسەن ئېشىپ بارغان، شۇيىلى چەتئەلدىن كىرگەن مەبلەغدىن 22 مىليون يۈەن پايدىلانغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا «بىڭتۇەن»، مەركىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكىسىنى پۇختا ساقلاپ قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىنى تالان - تاراج قىلىشتىمۇ پەۋقۇلاددە موھىم رول ئوينىدى، مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «بىڭتۈن» لېنىيىسىدىن پايدىلىنىپ شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كەلگەن خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن يۆتكەپ كەتكەن تەبىئى بايلىقلارنىڭ ھەددى - ھېساۋى يوق. مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان پەرىقلىق ئىقتىسادى سىياستى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلار بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدا تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتە پەرىق ناھايىتى چوڭىيىپ كەتتى، «بىڭتۈەن» مەيلى سانائەت، يېزائىگىلىكى، سودا جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى مائارىپ، سەھىيە، قاتناش - ترانسپورت جەھەتتىن بولسۇن يەرلىكتىن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرماقتا، «بىڭتۈەن» بۇھالنى جاپالىق ئەجرىگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى قولىدىكى مىلتىق - زەمبىرىكنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈردى.

## 4. «بىڭتۈەن» نىڭ ستراتىگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

« شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى» شەرقىي تۈركىستاندا مۇنتىزىم ئارمىيىگە خاس تاكتىكا ۋە ستراتىگىيىگە ئاساسەن تارقاق ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ھەرزامان يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان يەرلىك قوزغىلاڭلارنى دەل ۋاختىدا باستۇرۇشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئوموملەن يەرلىك خەلق توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان پۈتۈن رايونلارنىڭ ھەممىسى «بىڭتۈەن» تەرىپىدىن چەمبەرچەس قورشاۋ ئاستىغا ئېلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللىي كۆرەشچىلەرنىڭ ۋە مۇجاھىتلارنىڭ سىرتقا قېچىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نەچچەمىڭ كىلومېتىرلىق چېگرا بويلىرىغا تولۇق قوراللانغان تۈەن - مەيدانلار يەرلەشتۈرۈلگەن.

«بىڭتۈەن» نىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇنداق: شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىگە « ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى» قوماندانلىق باش شتاۋى يەرلەشكەن بولۇپ، شەھەر ئەتراپىدىكى مىللىي رايونلارنى قورشىغان ھالدا يېزائىگىلىك 8 - دېۋىزىيىسى قارمىقىدىكى بىرقانچە تۈەن - مەيدان ئورۇنلاشتۇرۇلغان. «بىڭتۈەن» نىڭ 1 - دېۋىزىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يەرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇدېۋىزىيە قارمىقىدىكى تۈەنلەر ئاقسۇغا قاراشلىق 8 ناھىيىگە تارقاق ھالدا يەرلەشتۈرۈلگەن. «بىڭتۈەن» نىڭ 2 - دېۋىزىيىسى كورلىغا يەرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ دېۋىزىيىگە قاراشلىق تۈەنلەر خېجىڭ، قاراشەھەر، خوشۇت، باغراش، چارقىلىق، چەرچەن، بۆگۈر، لوپنۇرقاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ ئەتراپىغا چەمبەر شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. 3 - دېۋىزىيە قەشقەر ۋىلايىتىگە يەرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى تۈەنلەر قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى دائىرىسى ئىچىدىكى موھىم ستراتىگىيىلىك يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇدېۋىزىيە قەشقەرۋەقەسى، قاغىلىق ۋەقەسى ۋە بارىن ئىنقىلاۋىنى قانلىق باستۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشقان، ھەتتا سېپىق نامى ئامېرىكا پارلامېنتىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان ئەڭ ۋەھشى قوشۇندىن ئىبارەت. «بىڭتۈەن» نىڭ 4 - دېۋىزىيىسى «ئىلى قازاق

ئاپتونوم ئوبلاستى» غا جايلاشقان بولۇپ، بۇدېۋىزىيە قارمىقىدىكى تۇەنلەر ئاساسەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى چېگرا بويلىرىغا سېپىل شەكلىدە ئۇزۇنسىغا يەرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇتۇەنلەر60 - يىللاردىكى سوۋېتكە قېچىش ھەرىكىتى ۋە يېقىندا يۈزبەرگەن غولجا ۋەقەسىدە چەتئەلگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان خەلقىمىزنى ۋە مۇجاھىدلىرىمىزنى تۇتقۇن قىلىشتا ۋە قىرغىن قىلىشتا ئىنتايىن موھىم رول ئوينىدى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇدېۋىزىيەدىكى خىتايلار تەرىپىدىن چېگرا بويلىرىدا تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان يەرلىك خەلقنىڭ ھەددى - ھىساۋى يوق. «بىڭتۇەن» نىڭ 5 - دېۋىزىيىسى «بۆرتالا موڭغول ئاپتونوم ئوبلاستى» غا يەرلەشكەن بولۇپ، بۇ دېۋىزىيىدىكى تۇەنلەرمۇ ئاساسەن چېگرا بويلىرىغا جايلاشقان ۋە چېگرانى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈزئۈستىگە ئالغان. «بىڭتۇەن» نىڭ 6 - دېۋىزىيىسى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى ۋۇجياچۈ رايونىغا يەرلەشتۈرۈلگەن. «بىڭتۇەن» نىڭ 7 - دېۋىزىيىسى كۈيتۇڭغا، 8 - دېۋىزىيىسى شىخەنزىگە، 9 - دېۋىزىيىسى چۆچەككە، 10 - دېۋىزىيىسى ئالتايغا يەرلەشتۈرۈلگەن، بۇدېۋىزىيىلەر «بىڭتۇەن» بويىچە خىتاي مىللەتچىلىكى ئەڭ كۈچلۈك، يەرلىك خەلققە دۈشمەنچە نەزىرى بىلەن قارايدىغان ساپاسىز خىتايلاردىن تەركىپ تاپقان. بۇندىن باشقا يەنە قومۇلدا «بىڭتۇەن باشقۇرۇش ئىدارىسى» قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىدارە قارمىقىدىكى 50 دىن ئارتۇق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەيدانى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۇرپان، قومۇل رايونىدىكى يەرلىك خەلقنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان.

ئومومەن قىلىپ ئېيتقاندا، «بىڭتۇەن» نىڭ ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىدى، قانداقتۇر ئۇلار ئېيتقاندەك شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى «بەخت - سائادەت» كە ئېرىشتۈرۈش بولماستىن، بەلكى ئۇلارنى تۆمۈر كىشەن بىلەن مەڭگۈ باغلاپ تۇرۇش ۋە شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ھامان يەرشارىدىن تەل - تۆكۈس يوق قىلىشتىن ئىبارەت.

## 5. « بىڭتۇەن » نىڭ مىللىي تەركىۋى

«بىڭتۇەن» - ماھىيەتتە بولسا بىرمىليارت 300 مىڭدىن ئارتۇق خىتاينىڭ ئىچىدىن چېكىپ تۇرۇپ تاللاپ چىقىلغان ئەڭ ۋەھشى، ئەڭ جاھىل، ئەڭ قالاق، ئەڭ فاشىست، ئەڭ مۇستەبىت، ئەڭ قىزىل ۋە ئەڭ رەزىل ئىنسانلاردىن تەركىپ تاپقان ئەخلەت دۆۋىسىدىن ئىبارەت، خالاس.

«بىڭتۇەن» نىڭ ئومۇمىي تەركىۋىگە نەزەرسالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بىرقىسمى ئىككى قولى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان گومىنداڭنىڭ سابىق ئەسكەرلىرى، بىرقىسمى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان جاللات قوشۇنى، يەنەبىرقىسمى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى تېلەمچىلەر، زابويلار، ئەپيۈنكەشلەر، پاھىشىلەر، بىرقىسمى ئۆزلىرىنى كوممۇنىزىمغا ئاتىۋەتكەن تەلۋىلەر، مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى تۈرمىلەردىن يۆتكەپ كېلىنگەن قاتىل، ئوغرى - قاراقچى ۋە بۇلاڭچىلاردىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، «خىتاينىڭ ئەسكىسى بىڭتۇەنلىك» دېگەن سۆز بىكارغا چىققان ئەمەس.

يەنە بىرجەھەتتىن ئېيتقاندا «بىڭتۇەن» - خىتاي

شۇئىنىزىمنىڭ (چوڭ خىتايچىلىقنىڭ) ئەڭ چوڭ لاگىرىدىن ئىبارەتتۇر، چوڭكى «بىڭتۇەن» گە يەرلەشكەن ھەربىر خىتاينىڭ ئالىدىغان تۇنجى دەرسى - خىتاي شوۋىنىستىك ئىدىيىسى ۋە يەرلىك مىللەتلەرنى خاركۆرۈش پەلسەپىسىدىن ئىبارەت. كوممۇنىستىك خىتاي ھۆكۈمىتى تەشۋىق قىلغان «بىڭتۇەن روھى» - دەل ئەنەشۇ چوڭ خىتايچىلىق روھىدىن ئىبارەت. مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىم - تەربىيىسى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىڭتۇەنلىكلەرنى زېرىدە لاگىردىكى بىرمەھبۇستىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «بىڭتۇەن» لىكلەر ئارىسىدا يەرلىك خەلقنى كەمسىتىش، خورلاش، ھاقارەتلەش، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئاياق ئاستى قىلىش ۋە ئۇلارنى ئەشەددىي دۈشمىنىدەك كۆرۈش خاھىشى ئومومىلاشقان. «بىڭتۇەن» دىكى بۇمۇرەككەپ تەركىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىجتىمائى موھىتىنى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ئېغىردەرىجىدە قالايمىقان قىلدى، شەرقىي تۈركىستاندا يۈزبەرگەن جىنايى ئىشلاردىلولىرىدا، «بىڭتۇەن» لىكلەر سادىرقىلغان دىلولار خېلى ئېغىر سالماقنى ئىگىلىمەكتە. ھەممىدىن كۆلكىلىك يېرى شۇكى، «بىڭتۇەن» نىڭ ئۆزئالدىغا مۇستەقىل سوت - تەپتىش مەھكىمىلىرى ۋە ساقچى ئىدارىللىرى بولغىنى ئۈچۈن، «بىڭتۇەن» لىك جىنايەتچىلەرنى يەرلىك قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ بىرتەرەپ قىلىش ھوقوقى يوق، ئەمما، يەرلىك «جىنايەتچى» لەرنى «بىڭتۇەن» نىڭ بىرتەرەپ قىلىش ھوقوقى بار، ئەپسۇسكى، «بىڭتۇەن» نىڭ ئۆزجىنايەتچىللىرىگە بېرىدىغان جازاسى يەرلىك قانۇن ئورۇنلىرىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن، «بىڭتۇەن» لىكلەرنىڭ يەرلىككە تەۋە رايونلاردا جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى يىلدىن - يىلغا كۆپەيمەكتە.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا «بىڭتۇەن» - شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەڭ چوڭ باش بالاسىدىن ئىبارەت، «بىڭتۇەن» نى ياخشى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى ياخشى چۈشۈنۈش - ماھىيەتتە بولسا بارلىق خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ خارەكتىرىنى ۋە تەبىيتىنى ياخشى چۈشۈنۈشتىن ئىبارەتتۇر.

---

قوشۇمچە:

خەرىتە 1.

«بىڭتۇەن» نىڭ يېزا ئىگىلىك تۈەنلىرىنىڭ يەرلىشىش خەرىتىسى

خەرىتە 2.

«بىڭتۇەن» نىڭ دېۋىزىيەلىرىنىڭ يەرلىشىش خەرىتىسى.

(«بىڭتۇەن قوماندانلىق باش شتابى» ئۈرۈمچىدە)

(«بىڭتۇەن باشقۇرۇش ئىدارىسى» قۇمۇلدا)

1 - دېۋىزىيە «ئاقسۇدا»

2 - دېۋىزىيە «كورلىدا»

3 - دېۋىزىيە «قەشقەر - خوتەندە»

4 - دېۋىزىيە «ئىلىدا»

5 - دېۋىزىيە «بورىتالادا»

6 - دېۋىزىيە «ئۈرۈمچى - ۋۇجىيا چۈدە»

7 - دېۋىزىيە «كۈيتۈندە»

8 - دېۋىزىيە «شىخەنزىدە»

9 - دېۋىزىيە «چۆچەكتە»

10 - دېۋىزىيە «ئالتايدا»

---


新疆生产建设兵团农牧团场分布示意图
乌鲁木齐至奎屯地区兵团农牧团场详图
比例尺 1:350万
图例
乌鲁木齐市
石河子市
奎屯市
伊宁市
阿克苏市
哈密市
克拉玛依市
西藏自治区


新疆生产建设兵团师(局)分布示意图
Xinjiang Production and Construction Corps (XPCC)
Division(Bureau) Distribution Map
KAZAKHSTAN
KYRGYZSTAN
TAJIKISTAN
AFGANISTAN
PAKISTAN
INDIA
TIBET
QINGHAI Province
GANSU Prov.
MONGOLIA
3rd Div.
Kashgar
Hetian Farm Adm. Bureau
Hetian
1st Div.
Akesu
4th Div.
Yining
5th Div
Bole
8th Div
Shihezi
7th Div
Kuitun
9th Div.
Emin
2nd Div.
Korle
6th Div
Wujiaqu
10th Div.
Beitun
XPCC Headquarters/Urumqi
1st Engineering Div
Urumqi Farm Adm.Bur
Hami Farm Adm. Bureau
Hami

# خىتايدىكى ئۇنۇتۇلغان رايون

(ئېنگلىزچە چىقىدىغان «ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىل 6 - سانىدىكى ماقالىسى)

خىتايدا ئۇنىڭغا ئەڭ يىراق قاتمۇ-قات تاغلار بىلەن ئورالغان، تاشقى دۇنياغا تېخى بىلىنمىگەن بىر ئۆلكە بار. ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان خەلق خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغالماقتا. ياق ئۇ تىبەت ئەمەس، بەلكى خىتاينىڭ غەربى شىمالىغا جايلاشقان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئاتالغان ئۆلكىدۇر. خىتاي تىلدا «شىنجاڭ» دىگەن دىگەن سۆز «يېڭى ئېچىلغان چېگرا» دىگەن مەنىدە. بۇ رايوندىكى خەلق بولسا ئۇنى شەرقى تۈركىستان دەپ ئاتايدۇ. بۇ نام ئاشۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ ئېتنوگرافىيە ۋە تارىخىغا ئاساسەن قويۇلغان نامدۇر.

بۇ رايوننىڭ يەر كۆلىمى 1.6 مىليون كۇۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان خەلقنى 16 مىليون دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. بۇ رايوندىكى ئاساسلىق خەلق تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ، نوپۇسى يەتتە مىليوندىن ئاشىدۇ. ھازىر خىتايلار بۇ رايونغا كۆپلەپ يەرلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نوپۇسى يەنىلا ئالتە مىليون ھېساپلانماقتا.

ماركو پولو مىلادى 13 - ئەسىردە بۇ رايوندىن ئۆتكەن چاغدا ناھايىتى قىممەتلىك خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ مۇنداق يازغان: «بۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىگىچە بېرىپ سودا قىلىدىكەن.... بۇ يەردە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بولغان ھەممە نەرسىلەر تولۇقى بىلەن بار ئىكەن.... پاختا، چەكمەن، كەندىردىن توقۇلغان ھەر خىل رەختلەر، ھەر خىل زىرائەت، ھاراق ۋە باشقىلار....»

شىنجاڭ —— خىتاينىڭ قەدىمكى پايتەختى —— بۇگۈنكى شىئەن —— دىن باشلىنىپ، ياۋروپاغىچە سوزۇلغان رومانتىكلىق نامغا ئىگە قەدىمى يىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ئەمما بۇ يولنى تۇنجى قېتىم بېسىپ ئۆتكەن ياۋروپالىق ماركو پولو ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەسىرى ھەققىدە قەدىمكى گرېكلارنىڭ تارىخى كىتاپلىرىدا كۆپ خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى بولسا بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز بۈيۈك ئالېكساندىر —— ئالېكساندىر زۇلقەرنەيىن —— بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇنى يەڭگەن دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلار بىرقانچە دىنغا، يەنى دەسلەپ ھىندىستاندىن كىرگەن بۇددا دىنغا، ئاندىن ئىراندىن كىرگەن مانىخىزىم، نېستورىيان ۋە خىرىستىيان (بۇ دىنلار بەلكى ئوتتۇرا شەرقتىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن) دىنلىرىغا ئېتىقات قىلىپ كەلگەندى. SBS (تەتقىقات جەمئىيىتى) نىڭ يېقىنقى ھۆججەتلىرىگە ئاساسلانغاندا بەزى بۇددا مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام رەسىملەر ۋە بۇددا ھەيكەللىرىنىڭ يىل دەۋرى مىلادى 2 - ئەسىرلەرگىچە سۈرۈلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم قىممەتلىك تارىخى ماتېرىياللار، تام رەسىملىرى، قول يازمىلار 19 - ئەسىردە ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەندى.

ئىسلام دىنى شەرقى تۈركىستانغا 10-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەسىرلەردە كىرگەن. شۇندىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ئاساسى جەھەتتىن مۇسۇلمانلىششقا قاراپ ماڭغان. تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە ئۇلار مەدىنىي مىراسلىرىنىڭ مۇللىقى جەھەتتىن باشقا تۈركى خەلقلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تاكى تۈركىيەگىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ياشاۋاتقان تۈركى تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى.

## خىتاينىڭ تاجاۋۇزچىلىقى

1397 - يىلى شەرقى تۈركىستاندا بىرى بۇددىزىمنى يەنە بىرى ئىسلام دىنىنى مەركەز قىلغان ئىككى ئىمپىرىيە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار تاكى مانجۇ ئىمپىرىيەسى بۇ رايوننى ئىشغال قىلغانغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەنىدى. شەرقى تۈركىستان خىتايغا نىسبەتەن ناھايىتى يىراقتا بولغاچقا خىتايلار بۇ رايوندا ناھايىتى يۇقۇرى دەرىجىلىك ئاپتونومىيەنى يولغا قويغانىدى. 1864- يىلى ئۇيغۇرلار قوزغۇلۇپ، مانجۇر ھاكىمىيتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ شەرقى تۈركىستان دۆلىتىنى قۇردى. ئەمما ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چىڭ مانجۇرخاندانلىقى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. 1933-، ۋە 1944- يىللىرى ئۇيغۇرلار يەنە قوزغىلىپ، خىتاينىڭ غەربى شىمال رايونىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيتىنى قۇرغانىدى. 1950- يىلى شەرقى تۈركىستان خىتاي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تەرىرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ئەمما قىسقا داۋاملاشقان بۇ جۇمھۇرىيەتلەر ئۇيغۇرلارغا نۇرغۇن سىياسىي روھ ۋە مەدەنىيەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى. 1970 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى ئاسىيا ۋە شىمالى ئافرىقىدا ئىسلام دىنى ھېسسىياتلىرى بارغانسېرى يۇقۇرى باشلىدى. پەقەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى ۋە شىنجاڭلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1979- يىلى ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ ئافغان مۇسۇلمانلىرىغا ھېسداشلىق قىلىش دولقۇنى قوزغالدى.

ئامېرىكا فېدىراتسىيە ئىدارىسىنىڭ سابىق ئاكادېمىكى جاك فېلىكسىنىڭ دوكلادىغا ئاساسلانغاندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىۋاتقان دىنسىزلاشتۇرۇش سىياستى ئۇيغۇرلارنى قىلچىمۇ ئۆزىگە تارتالمىدى. ئۇلار خەنزۇلارنى چىرىكلەشكەن دىنسىزلار، ئۆزلىرىگە ئوخشاش مۇسۇلمانچىلىق ئەنئەنىلىرى ۋە ئىقتىساتچانلىق تۇرمۇش يولى يوق دەپ قارىماقتا. جاڭنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا ھازىر شىنجاڭدا دىنى ۋە يەرلىك مىللىي ھېسسىيات ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭى بىر قارشىلىق كۈچ شەكىللەنمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركىيە، گېرمانىيە، قازاقىستان ۋە ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاراشلىرى ھەر خىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار شەرقى تۈركىستاننىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مول تارىخى ھاياتىدىن ناھايىتى ياخشى ئۇقۇمغا ئىگە.

خەلقئارالىق تاشقى داۋادا ئۇلار تىبەتلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىش ئېلىپ بارماقتا. تىبەت بولسا ناھايىتى قولايلىق تەشۋىقات باسقۇچىدا بولۇپ، ئۇلار خېلى كۆپ فىلىم ۋە باشقا ھەر خىل تەشۋىقات قوراللىرىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىبەتلىكلەرنىڭ روھانى داھىسى دالاي لاما تىبەتلىكلەرگە روھى تۈۋرۈك بولۇپ تۇرماقتا. ھازىر شىنجاڭ ياكى شەرقى تۈركىستان پۈتكۈل غەرپ دۇنياسىغا بىلىنمىگەن ھالەتتە تۇرماقتا.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ياردىمى

مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ شەرقى تۈركىستان داۋاسىغا بولغان پوزىتسىيەسى ھەر خىل. شىنجاڭدا 1997- يىلى فېۋرالدا يۈز بەرگەن ۋەقە ھەققىدە خېلى كۆپ خەۋەرلەر(ئىجتىمائى

ھەرىكەتلەر 1997ـ يىلى 6ـ ئايلىق سانىغا قاراڭ) بېرىلدى. شۇ ۋەقەگە قارىتا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ « ئەل ـ بىلاد» دىگەن گېزىتى خىتاينىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىنسانى ھەق ـ ھوقوقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى» ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. خىتاينىڭ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۇسۇلى تۈركىيە دۆلەت مىنىستىرى تەرىپىدىن ئەيىپلەندى. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە خىتاي باشقا دۆلەتلەرنىڭ قوراللىق ئارىلىشىش خەۋپىگە دۇچ كەلمىدى. شىنجاڭ بىلەن چېگرالىنىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ھېشداشلىق قىلماسلىق پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ كەلدى. خىتايمۇ مۇشۇ دۆلەتلەرگە سودىدىكى( بولۇپمۇ نېفت ئىمپورت سودىسىدىكى) ھەمكارلىقىقا ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى قاتتىق باستۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان سىياسي ئەكس تەسىرنىمۇ ئويلاپ يېتىشى كېرەك. بىز بوسنىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېتساق، ئىران ، سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئارىسىدا كۆپ جەھەتلەردە بىر- بىرى بىلەن زىددىيەتلىرى بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلار بوسنىيە مەسلىسىدە ئۆزئارا ئىتتىپاق تۇزدى. خىتاينىڭ بۇلارنى كۆزىدىن ساقىت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئافغانىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربى كۈچلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىمۇ كۆپ ئۆپرىغاندى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق روھىنى ئۆرلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىدىمۇ مۇستەقىللىك ئۈچۈن مۇمكىنچىلىك بارلىقىنى كۈندىن كۈنگە ھېس قىلماقتا. ھەتتا بەزى ئۇيغۇرلار ئافغانىستاندىكى مۇجاھىدلار ئۇرۇشىغا قاتناشقان. شۇندىن بىرقانچە يىلدىن كېيىن شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېنچسىزلىق ھالەتلىرى يۈز بېرىشكە باشلىدى.

1996ـ يىلى خىتاينىڭ ئىچكى ھەربى كۈچلىرى ئاقسۇنىڭ بىر يېزىسىدا ئافغانىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردىن كىرگۈزۈلگەن يېڭى قوراللار بىلەن قوراللانغان ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. بۇ قېتىمقى توقۇنۇش خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ بىرقانچە باتالىيونىنى بۇ ئۆلكىگە يۆتكەپ كىرىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ ۋەقەگە ئۇلىنىپلا 1997 ـ يىلى فېۋرالدا ئىلى ۋەقەسى يۈز بەردى.

## يەرلىك ھەربى تۈزۈم

ھەربى ۋەزىيەت بۇ رايوندىكى ئىككى خىل ئىجتىمائىي مەۋجۇدلۇق (خىتايلار بىلەن باشقا يەرلىك مىللەتلەر) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. بۇ ئىككى ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ئوتتۇرىسىدا تىل ۋە باشقا جەھەتلەردە ھېچقانداق ئورتاقلىق بولمىغاچقا، ئۇلار ئايرىم ياشايدىغان، ئەمگەك ۋە خىزمەتتىمۇ ئاساسەن ئايرىم بولۇشتەك ھالەت شەكىللەندى. خىتايلارنىڭ كىرىمى باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭكىدىن يۇقۇرى بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن سانائەت ۋە ئېنىرگىيە تارماقلىرىدىكى تېخنىكىلىق خىزمەتلەرگە قويۇلماقتا. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ بىڭتۈەن دەپ ئاتىلىدۇ) 1950ـ يىلىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ مۇستەملىكىچىلىك خارەكتېرگە ئىگە يېرىم ھەربىي ئورگاندۇر. ئەينى چاغدا بۇ يەردە خىتايلارنىڭ سانى پەقەت 200 مىڭ ئىدى.

بىڭتۇەن بىر تەرەپتىن ئاساسىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانسا يەنە بىر تەرەپتىن مەخپىي ھەربىي خىزمىتىنىمۇ ئۆزئۈستىگە ئالغان. ئۇقارىماققا خەلق ئورگاندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمما ئۇخەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن بولغان كۈچلۈك باغلىنىشىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە. بىڭتۇەن جەمئى 14 دىۋىزىيەدىن تەركىب تاپقان (ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر 1996- يىلى 5 - ئايلىق سانىغا قاراڭ). فېلىكس جاڭنىڭ «ئوربىس» دىگەن ژورنالدىكى مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىڭتۇەننىڭ ھەربىي مەشق چېگرا مۇداپىيە پائالىيەتلىرىگە كېتىدىغان خىراجىتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىكەن. فېلىكس جاڭ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شىنجاڭدىكى بىڭتۇەن ئاھالىسى بۇ رايوندىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تەخمىنەن 14.7 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ. بۇ سان بىڭتۇەننىڭ ئاشكارىلىمىغان ئىچكى سانىدىن ھەرگىز تۆۋەن ئەمەس. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، 1989- يىلى مايدا ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن توپىلاڭدا بىڭتۇەن ئۆزىنىڭ ھەربىي خاراكتېرىنى ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلىدى ۋە جارى قىلدۇردى. بىڭتۇەننىڭ تارماقلىرى ۋەقە يۈز بېرىلمىگەن رايونلارغا ناھايىتى يېقىن بولغاچقا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە نىسبەتەن ۋەقەگە ناھايىتى تېز ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك تەسىر قايتۇرالايدۇ.

ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر بىڭتۇەننى مۇستەملىكىچى كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىماقتا. بىڭتۇەننىڭ ئۆلچىمى شۇكى جىددى ۋەزىيەت يۈز بەرگەن ھامان ناھايىتى زور بىر قىسىم خىتاي ئاھالىسىنىڭ قوراللىنىپ ھەربىي ھالەتكە ئۆتىشىدىن ئىبارەت. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى شۇنداق قىلغاندىلا مۇشۇ رايوندىكى ئىككى ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بارغانسىرى چوڭقۇرلاپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان زىددىيەتكە قارشى مۇداپىيەدە ئۈنۈملۈك نەتىجە بېرىشى مۇمكىن دەپ قارىماقتا. ئەمما بۇ خىل قاراش زىددىيەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. 1996- يىلى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا بىڭتۇەننىڭ ئەھۋالىدىن تەكشۈرۈش دوكلادىنى ئاڭلاپ چىقىپ نۇرغۇن پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ بىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى سۇ مەنبەسى ئىنتايىن كەمچىل بولغان رايونلاردىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى بولۇپ، تاغلاردىن كېلىدىغان پەسىللىك دەريالار ئاساسىي جەھەتتىن بىڭتۇەن تەرىپىدىن كونتۇرول قىلىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇلار خىتايلار ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلار رايونىنىلا سۇ بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار بولسا ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالغان. زىددىيەتنىڭ يەنە بىر مەنبەسى خىتايلار بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ كىرىمىدىكى پەرق بولۇپ، قازاق، قىرغىز، خۇي شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىدىغان يىللىق ئومۇمىي كىرىمى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 780 يۈەن (خىتاي خەلق پۇلى) بولسا، جاڭنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا بىڭتۇەندىكى ئوخشاش بىر دىخاننىڭ ئالىدىغان يىللىق كىرىمى 2700 يۈەن بولغان. جاڭنىڭ قارىشىچە شەرقىي تۈركىستان خىتاي ئۈچۈن ئۈچ جەھەتتىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. يەنى بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدىكى

ھېدروكاربون مەنبەسىنىڭ يۈشۈرۈن كۈچى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ مولluqى، ئىككىنچىدىن، ستراتېگىيىلىك ئورنى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ رايوننىڭ مىللىي تەركىبى قىسمى بولۇش سىياسىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئىبارەت.

ھازىر بۇ ئۆلكىدە يىلىغا 9 مىليون تونىنا كۆمۈر ۋە ئەلا سۈپەتلىك نېفىت، تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىلايدۇ. شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز جەھەتتە ناھايىتى يۇقۇرى مۆلچەرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىندىن بۇيانقى نېفىت قۇدۇقلىرىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بۇ مۆلچەرنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1997- يىلى خىتاي بىلەن قازاقىستان كاسپى دېڭىزىدىكى نېفىت تورۇبىلىرىنى قازاقىستان بىلەن مۇشۇ رايون ئارقىلىق خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە يۆتكەش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالىدى. موڭغۇلىيە، روسسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستانلار بىلەن چېگرىلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ئۆلكىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى كۈندىن - كۈنگە ئاشماقتا. چۈنكى مۇشۇ ئۆلكىدىكى تاشيول ۋە تۆمۈر يول قاتنىشى ئارقىلىق پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ۋە ياۋروپاغىچە بولۇپلا قالماي، يەنە يېقىندىن بۇيان قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارقىلىق پاكىستانغا تۇتىشىدىغان ئىنتايىن موھىم قاتناش ئومۇرتقىسى بارلىققا كەلمەكتە.

## ۋەتەنپەرۋەرلىك ئويۇنلىرى

ئاخىرىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىچكى مەسىلىلىرىگە قاراپ باقايلى، نۆۋەتتە خىتايدا كومىنىستىك ئىدىيە ئېغىر دەرىجىدە چۆككەندىن كېيىن بېيجىڭ چوڭ خىتايچىلىق مىللەتچىلىگى يەنى ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقات ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، تارىختىكى خاتالىقلارنى چەتئەل كۈچلىرىگە ئارتىش ئۇسۇلىنى قوللانماقتا. ئەمما ئۇ خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى خىتاينىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىرقى ئىقتىسادىي ئىسلاھاتتا كومپارتىيە رەھبەرلىكىگە بولغان ئىشەنچ پۈتۈنلەي يوقالماقتا.

ھازىرقى ۋەزىيەت شۇكى تەيۋەن ئاللىقاچان مۇستەقىللىق ھالىتىگە كېلىپ قالغان، ئۇنىڭ ئېرىشۋاتقان نەتىجىلىرى چوڭ قۇرۇقلۇققا ئىنچىل تۈردە تەسىر قىلىپ كەلمەكتە. تىبەت بولسا ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە بارغانسىرى خەلقئارانىڭ كۈچلۈك قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشمەكتە. پەقەت شەرقى تۈركىستانلا تىبەتكە قارىغاندا نۇرغۇن ستراتېگىيىلىك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ تېخى تونۇلمىغان ھالەتتە تۇرماقتا. ھازىر ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى ئاز - تولا ياردەمنى ھېساپقا ئالمىغاندا تىبەت ۋە شەرقى تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن ئاجىز كۆرۈنمەكتە. ئەمما بېيجىڭنىڭ گۇئاڭدۇڭغا ئوخشاش ئىقتىسادىي تەرەققى تاپقان دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەرگە بولغان كونتروللۇقى بارغانسىرى ئاجىزلىماقتا. جاڭ مۇنداق دەپ قارىماقتا: «خىتاي كومپارتىيەسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىنىڭ تەھدىدى مەلۇم بىر رايوندىن ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل رايونلاردىن كېلىش ھالىتى شەكىللەنمەكتە. ئەگەر كومپارتىيە ئۆز خاھىشى بويىچە بۈگۈنكىدەك تۇرمۇشۇرىدىكەن شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەت خاراكتىرىدىكى بۆلگۈنچىلىك خاھىشىنى بىر تەرەپ قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس» نۆۋەتتە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى

www.uyghurkitap.com



باستۇرۇش، خىتايلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۆپلەپ مەنپەئەتلەرنى بېرىش سىياستىنى يولغا قويماقتا. شىنجاڭنىڭ يەرلىك پارتكومىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ لېچۈەن ھەتتا مەنپەئەتنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆلكىگە داۋاملىق كۆچمەن يۆتكەپ كېلىشكە قارشى چىققان.

يەنى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلاردا بىر - بىرىگە نارازىلىق يامراپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار پۈتكۈل مىللەت سەۋىيىسىدە بىرەر رەھبەرنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشقى دۇنيا ياكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ياردىمىگىمۇ ئېرىشەلمىدى. ئەگەر ئۇلار مۇشۇنداق ياردەمسىز قالىدىغان بولسا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان پارتىزانلىق ئۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان قالاق دەرىجىلىكى قوزغىلاڭلىرى تېخىمۇ ئېغىر باستۇرۇشقا ئۇچرىشى تۇرغان گەپ. خىتاي بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما ھاۋاي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا تەتقىقات ئورگىنىنىڭ پروفېسسورى درو گېلادنېي: «بېيجىڭ ھامان ئۆز كونتروللىقىنى يوقىتىدۇ» دەپ قارىماقتا: مۇتلەق كۆپچىلىك ئانالىزچىلارمۇ مۇشۇ قاراشتا بولماقتا.

خىتاي ھامان ئۆزىنىڭ قەدىمى ئېتنىك، تىل، مەدەنيەت ۋە رايون خاراكتېرلىق ئەسلى ھالىتىگە قايتىدۇ. شۇ خىل قايتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى 1911- يىلى يۈز بەرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەدىمى تارىخىغا، ئېتنىكلىق ھالىتى ۋە دىنىغا ئەقىدە باغلىغان ئۇيغۇرلار ئۆز داۋاسىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ

ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن مۇھەممەد**

## شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى فىلىپپىننىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتىدە

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 98 - يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان يېتەكچىلىكىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى گېرمانىيىنىڭ ئاۋگۇسبورگ شەھرىگە بېرىپ، گېرمانىيە فىلىپپىن دوستلۇق جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «فىلىپپىننىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. خاتىرلەش يىغىنىدا رەئىس ئەسقەرجان سۆز قىلىپ، بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن فىلىپپىن خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىققە ئېرىشكەنلىكىنىڭ 100 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى ۋە فىلىپپىن خەلقىغە مۇۋەپپىقىيەتلەر تىلەيدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىش بىلەن بىرگەز پۈتۈن دۇنيادىكى ئەسىر مىللەتلەر ئارقا - ئارقىدىن مىللىي مۇستەقىللىققە ئېرىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تېخىچە مۇستەملىكە ئاستىدا ئېزىلىپ ياشاۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق غايىسىدىن ھېچبىرزامان ۋاز كەچمىگەنلىكىنى ۋە بۇ ئارزۇسىنىڭ ھامان بىر كۈنى جەزمەن ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

بۇ قېتىمقى خاتىرلەش پائالىيىتىگە گېرمان ۋە فىلىپپىن خەلقلىرىدىن بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. پائالىيەت جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى تەركىۋىدىكى ئۇيغۇر سەنئەت گۇرۇپپىسى يىغىن ئەھلىگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شوخ ناخشا - ئۇسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ بېرىپ، گېرمان ۋە فىلىپپىن خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىغە بولغان ئالاھىدە قىزىقىشىنى ۋە ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

# دىڭ شاۋپىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى خىتاينىڭ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر

تىيەن ۋېن

(ئامېرىكا ، Nebraska، ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكلادى)

بەزىلەر 20 ـ ئەسىرنى ياۋروپا ئەسىرى، 21 ـ ئەسىرنى ئاسىيا ـ تېنچ ئوكيان ئەسىرى دېيىشسە، يەنە بەزىلەر 21 ـ ئەسىرنى خىتاي ئەسىرى دېيىشىدۇ.

نۆۋەتتىكى خىتاي ۋە ئاسىيا ـ تېنچ ئوكيان رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. يۇقىرقى پەرەزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر خىتايدىن ئىبارەت بىرمىليارت 200 مىليون نوپۇسقا ئىگە بۇ «مەركىزى دۆلەت» نىڭ تەرەققىياتى ھامان دۇنيانىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. شۇڭا دىڭ شاۋپىڭ دىن كېيىنكى خىتاينىڭ يۈزلىنىشى ئاسىيا ـ تېنچ ئوكيان ۋە ياۋروپا، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي.

## كەلگۈسى خىتايدىكى يۈزلىنىشلەر

دىڭ شاۋپىڭدىن كېيىن، خىتاينىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشى زادى قانداق بولىدۇ؟ خىتاي بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ھەققىدە تۆۋەندە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز.

بىزگە مەلۇم ، خىتاي بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى 1975 ـ يىلى رەسمى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى. 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىككى تەرەپ يېڭى سودا ھەم ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى. مانا بۇ خىتاي ۋە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى سودا مۇناسىۋىتىنىڭ قانۇنىي قۇرۇلمىسى ئىدى. بۇ جەريانلاردا ئىككى تەرەپنىڭ ستراتېگىيىلىك مەنپەئەتلىرى بىردەك ئىدى. شۇڭا سىياسىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى راۋان بولغان ئىدى. 60 ـ يىللاردا سوۋېت ـ خىتاي دوستلۇق مۇناسىۋىتى رەسمىي بۇزۇلدى. مانا بۇ كوممۇنىزم لاگېرلىرىنىڭ يۈزلىنىشىنى كۆرگەن غەربىي ياوروپا بىلەن ئامېرىكا خوشال بولدى. نىكسون زوڭتوڭ خىتاينى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، غەرپ بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتى ماھىيەت جەھەتتە سوغۇقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن غەرپتىكى بىر قىسىم سىياسىيونلار «بىر قۇدرەت تاپقان خىتاي غەرپنىڭ مەنپەئەتىگە ئويغۇن» دەپ بايانات ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

70 ـ يىللاردىن باشلاپ، بىرلىككە كەلگەن ياۋروپانى تەڭ ئىككى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش بەلگىلىرى دەپ قارالدى. شۇڭا خىتاي رەھبەرلىرى داۋاملىق بايانات ئېلان قىلىپ، ياۋروپانىڭ بىرلىشىشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىردۇرۇپ تۇردى.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي ياۋروپا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گورۇھىنىڭ غەرىپتىن قۇدرەتلىك بىر ياۋروپانىڭ بارلىققا كېلىشى خىتاينىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىدى. ئوخشاشلا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىدە قۇدرەتلىك خىتاينىڭ بارلىققا كېلىشى غەرىپنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنداق دېيىشنىڭ شەرتى بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە غەرپ قۇدرەتلىك بىر كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورنىغا دەسسىشىنى خالىمايدۇ. غەرىپنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغىنى ئۆزى بىلەن ئىزچىل سوقۇشتۇرىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت ئەمەس، بەلكى ئەركىن، دېموكراتىك ۋە ئېچىۋېتىلگەن خىتاي دۆلىتىدۇر. يەنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن ئىلگىرى 1989 - يىلى يازدا يۈز بەرگەن خىتايدىكى دېموكراتىك ئوقۇغۇچىلار ھەركىتىدە غەرپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈشىنى ھەدەپ قوللىدى. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى تيەنئەنمېن مەيدانىدا قانلىق باستۇرۇلغاندىن كېيىن، غەرپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋۇز قىلمىشى توختىماي ئەيىپلەپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى توختاتتى. ھەمدە ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق تۈرلىرى توڭلىتىلدى. خىتايغا قارىتا ئىقتىسادىي ئامبارگو يۈرگۈزۈلدى. غەرىپنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغاندا، خىتاينىڭ تېنچ ئۆزگىرىشى غەرىپنىڭ ئارزۇسىغا مۇناسىپ ئىدى. شۇڭا بۇنداق ھەرىكەتلەر ھەرۋاقىت غەرىپنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللىشىغا ئۇچرايدۇ.

## كوممۇنىستىك جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشى

1989 - يىلدىن 90 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتايدا دېموكراتىك ھەرىكەت يۈز بەردى، سوۋېت شەرقىي ياۋروپا گورۇھى ناھايىتى تېزلا پارچىلاندى. بۇنداق بولۇشى ھېچكىمنىڭ ئەقلىغە كەلمەيتتى. قېپقالغان بىر قىسىم كوممۇنىست دۆلەتلەر پەقەت كۇبا، ۋېتنام، شىمالىي كورىيە قاتارلىقلار بولۇپ، سانىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دەردى يېتىپ ئاشار ئىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ دۇنيا ئىنقىلاۋى قىلغۇدەك ھالى يوق ئىدى. لېكىن شۇ دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمران گورۇھلار بولسا، يەنىلا ئاتالمىش «سوتسىيالىزم» دېگەنلەردە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئىدىئولوگىيە جەھەتتە يول بەرمەيۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر ۋاقىت «كاپىتالىزم» دەپ داتلاپ كەلگەن بازار ئىگىلىگىنى ئاستا ئاستا قوبۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنى ئازتولا ئوڭشاشقا باشلىدى. بۇ دېگەنلىك ئۇلارنى سوتسىيالىزم يولى ۋە ھۆكۈمران گورۇھلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىش دېگەنلىك ئەمەس ئىدى.

1993 - يىلى خىتاينىڭ مۇئاۋىن زوڭلىسى ۋە قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چيەن چىچېن ئېلان قىلغان«دۇنيا جۇڭگونى قايتىدىن تونۇشقا باشلىدى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دېگەن: «ئون نەچچە يىل ئىلگىرى، جۇڭگو يېڭىدىن ئىسلاھاتقا قەدەم قويغاندا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھېسداشلىق قىلغان ۋە قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم يولىدىن چەتنەپ، كاپىتالىزم يولىغا يۈزلىنىپ بېرىشىدىن ئەنسىرىگەنلەرمۇ بولدى. كىشىلەر خاتا مۆلچەرلىگەن ئىدى. جۇڭگولۇقلار يېتىم قالدۇرۇشتىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيدۇ، خەلقئارالىق بوران - چاپقۇنلار قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر تەۋرەنمەي تۇرالايدۇ.»

نۆۋەتتە، خىتاينىڭ ئىدىئولوگىيە جەھەتىكى

تەشۋىقاتى ئىلگىرىدىكىگە قارىغاندا بىرئاز ئاجىزلىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر پارتىيىلىك مۇستەبىت تۈزۈم ۋە دىرىجىدىن تاشقىرى ھۆكۈمرانلىقنىڭ ماھىيىتى تېخى ئۆزگەرگىنى يوق. تارىختا نەزەر سالساق، دەرىجىدىن تاشقىرى ھۆكۈمرانلىق سىياستى دېگەنلىك ئۆز خەلقىغە ئېكسپىلاتاتسىيە يۈرگۈزۈش، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، زوراۋان كۈچلەرنى ئايىماي ئىشلىتىش ئەشۇ خىل تۈزۈملەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ھۆكۈمرانلار زۆرۈر تېپىلغاندا، زوراۋانلىق سىياستىنى سىرتقا قارىتالايدۇ. يەنى ئاتالمىش ئۇرۇشتىن يانمايدۇ. ئەگەر مەنپەئەتلا بولىدىكەن، «قېرىنداش دۆلەت» لەرگىمۇ تاجاۋۇز قىلىشتىن يانمايدۇ.

دەرىجىدىن تاشقىرى سىياسىي دۆلەتكە قارىتا ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن ئامېرىكا ھامان ئېھتىيات قىلىپ كېلەتتى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن خىتاي چېگرىداش بولمىغىنى ئۈچۈن خىتاينىڭ غەربىي ياۋروپاغا بىۋاستە تاجاۋۇز قىلىش خەۋپى يوق ئىدى. لېكىن دۇنيا ۋەزىيىتىدە بىر دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت ھامان بىر رايونغا يۇشۇرۇن خەۋپ ئىدى.

## خىتايغا قارىتىلغان سىياسەتلەر

ئەگەر غەرپ خىتاينى ئۇزۇن مەزگىل يىتىم قالدۇرۇپ، داۋاملىق ئىقتىسادىي ئامبارگو يۈرگۈزۈۋەرسە، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دېگەندەك ياخشى بولمايتتى. 1989 - يىل «4 - ئىيۇن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى» دىن كېيىن، مەشھۇر «زۇمرەت گوھەر شىركىتى» ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت بەلگىلىگۈچىلىرىگە، خىتاينى ھاپىلا - شاپىلا ئەمەس، بەلكى ئاستا - ئاستا ئۆزگەرتىش تەدبىرى قوللىنىلسا ئۆزىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ئىدى. نۇرغۇنلىغان غەرپلىك سىياسىيونلار، خىتاي بىلەن مۇناسىۋەتنى داۋاملاشتۇرۇش، خىتاينىڭ ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈشىگە پايدىلىق دېگەن قاراشتا كەلمەكتە.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خىتاي ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ، غايەت زور بىر بازارغا ئايلاندى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بولسا ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرئاز كەينىگە چېكىنگەن بولۇپ، چىقىش يولى ھەققىدە ئىزدەنمەكتە. 1990 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى ئۈچ مەسىلە ھەققىدە خىتاي بىلەن دىئالوگ قىلىشنى تەلەپ قىلدى يەنى كىشىلىك ھوقۇق، ئاتومنى كېڭەيتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەسكەر قىسقارتىش مەسىلىسى قاتارلىقلار. ئەمەلىيەتتە ئىككى تەرەپ سىياسىي مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

خىتاي ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تاشقى سودا ۋە تېخنىكا كىرگۈزۈشكە مۇھتاج ئىدى. شۇڭا ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

«4 - ئىيۇل ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى» دىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ يىتىم قالغانلىقىنى تېزدىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ياۋروپادىن كەلگەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ناھايىتى قىزغىن كۈتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىرقانچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ياۋروپاغا زىيارەتكە ئەۋەتتى. ياۋروپاغا زىيارەتكە كەلگەن بىرقانچە مۇئاۋىن

www.uyghurkitap.com

مىنىستىرلار زىيارەت جەريانىدا نامايىش قىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىشلىرىغىمۇ دۇچ كەلدى. چۈنكى خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى، تىبەت مەسىلىسى قاتارلىقلارنىڭ بىۋاستە مەسئۇلى بۇلار ئەمەس ئىدى. ئەمما زۇڭلى لىپىڭ گىرمانىيىنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەندە ناھايىتى ئۇسۇل ھالغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى ئۇ كىشلەرنىڭ نەزىرىدە تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى چوڭ قەتلىئامدا ئىككى قولى قانغا بويالغان رەھىمسىز جاللات ئىدى.

نەچچە مىليارت ماركلىق توختاملارنى كۆتىرىپ كەلگەن لى ئەسلىدە ھەريەردە قارشى ئېلىنغان بولسا بولاتتى لېكىن، ئەكسىچە بارغانلىكى يېرىدە قارشىلىق قىلىدىغانلار، نامايىشچىلار ئۈزۈلمىدى. گىرمانىيە دائىرلىرى «قىزغىن قارشى ئالايلى دېگەن سۆزنىڭ يېنىدىن «ئىنسان ھەقلىرى» دېگەن كەلىمىنى ئايرىمىدى. بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئوسال ھالغا چۈشكەن لى پىڭ بەزى ئالدىن پىلانلانغان زىيارەت نوقتىلىرىنى باھانى كىلارستىپ قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تەلەبلىرىگە تەسىر كۆرستەلمەيتتى.

ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى شەرقىي ياۋروپا ۋە مۇتەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە بازار بەرپا قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. لېكىن بۇ بازارلارنىڭ ئونۇم بېرىشى ئاستا بولىسمۇ، يەنىلا يىراقتىكى تۇققاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا ئىدى. خىتاي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدىكى ئىقتىسادنىڭ داۋاملىق تەرەققى قىلىشى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسنى يېڭى بىر سودا سىياستى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا ئېلىپ باراتتى.

گەرچە ئەنگلىيىنىڭ شاڭگاڭدىكى «سىياسىي ئىسلاھات لايىھىسى» بولسۇن، ياكى فىرانسىيىنىڭ تەيۋەنگە قورال ـ ياراق سېتىپ بېرىش مەسلىسىدە خىتاي بىلەن بىرئاز يىرىكلىشىش بولىسمۇ لېكىن بۇ مەسلىلەردىن تېخىمۇ يامانلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى ئۆزئارا ئېھتىياجلىق ئىدى. سىياسىي مۇناسىۋەتلەردە بولسا يېقىنقى مەزگىللەردە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمايدۇ، لېكىن دىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، بىرقانچە يىل ئىچىدە چوڭ ئۆزگگىرىشلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەردۇر.

## ئىچكى كىرىزىسلار

خىتاينىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىقى ۋاقتلىق ھەم يۈزەكىدۇر. دىڭ شاۋپىڭ ئۆلگەندىن كېيىن، خىتاينىڭ ۋەزىيتى بەلگىسىز بولىدۇ، خىتاينىڭ تاشقى سىياستى، ياۋروپا سىياستى قاتارلىقلاردىمۇ بەلگىسىز ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى ئەللەر بىلەن خىتاينىڭ ئەھۋالى ئوخشىمايدۇ. غەربىي ياۋروپا ئەللىرى بولسا دېموكراتىك قانۇن دۆلەتلىرىدۇر، سىياسىي تۈزۈلمىسى ئاساسىي قانۇندىن ئىبارەت بۈيۈك قانۇنلاردائىرىسىدە چەكلىنىدۇ، شۇڭا، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سىياستىدە تۈپتىن ئۆزگۈرۈش بولمايدۇ. لېكىن خىتايغا نەزەرسالساق، نەچچەمىڭ يىلدىن بېرى ھاكىمىيەت بىرلا كىشىگە مەركەزلەشكەن، قانۇن پەقەت شۇ ئادەمنىڭ قورالىغا ئايلانغان بولۇپ، سىياسىي ئۆزگۈرۈشلەردە داۋاملىق ھالقىلىق رول ئويناپ كەلگەن. مانابۇ جۇڭگو سىياسىي مەدىنىيىتىنىڭ زوربىرئالاھىدىلىكىدۇر. ھەربىرھاكىمىيەت بېشىدىكى قۇدۇرەتلىك

ئەرباپىنىڭ ۋاپات بولۇشى سۇلالە ئالمىشىشتىن دېرەك بېرىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ ياتقان ھەرقايسى سىياسىي كۈچلەر سىياسىي مۇنبەردىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن، ئاستىرتتىن توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىپ، چىشلىرىنى بىلەپ تۇرماقتا. خىتاي نەگە بارىدۇ؟ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە قانداق ۋەزىيەتلەر بارلىققا كېلىدۇ؟ مانابۇلار نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەردۇر.

## دېڭدىن كېيىنكى خىتاينىڭ تەرەققىياتى

مېنىڭچە، دېڭدىن كېيىن، خىتاينىڭ غەرب، شۇنىڭدەك ياۋروپائورتاق گەۋدىسىدىكى ئەللەربىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئەھۋالى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھالدا بولىدۇ: بىرىنچى خىل ئەھۋالدا، نۆۋەتتىكى ھالەت يەنىلاداۋام قىلىدۇ، سىياسىي جەھەتتە مۇناسىۋەتلەرسوغۇق، ئىختىسادى جەھەتتە يېقىن بولۇش. ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا، خىتاي ئارقىغا چېكىنىپ، ئەسلىدىكى بېكىنمە ھالغا كېلىپ، سىياسىي ۋە ئىختىسادى جەھەتتە كەينىگە يېنىش. ئۈچىنچى خىل ئەھۋالدابولسا، سىياسىي جەھەتتىن دېموكراتىيىلىشىش يولىغا مېڭىپ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە تۈپتىن ئۆزگۆرۈش ياساپ، دۇنيا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بىرئەزاسىغا ئايلىنىش.

## بىرىنچى خىل ئەھۋال

بۇخىل ئەھۋالنىڭ يۈزبېرىش شەرتى شۇكى، دېڭشياۋپىڭنىڭ نۆۋەتتە قوللانغان سىياسىتى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىش. يەنى، ئاتالمىش جاڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ھازىرقى رەھبەرلىك گۇرۇھى خىتاينى داۋاملىق ئىدارە قىلىش، ئىختىسادى جەھەتتە ئەركىن قويۇپ بېرىپ، سىياسىي ئىسلاھاتنى ئىنكارقىلىپ، كومپاربىيىدىن ئىبارەت بىرپارتىيىلىك ھاكىمىيەتتە قەتئىي چىڭ تۇرۇش. ئەگەربىرسى ئاتالمىش «تۆت ئاساسىي پرىنسىپ» قا ئوچۇق - ئاشكارە قارشى چىقسا، قىلچە رەھىم قىلماستىن ئۈجۈقتۇرۇش. ئەمما بۇخىل سىياسىي يولنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر «تۆمۈرتاۋاقتا» ئىگە سىياسىي قۇدرەت ئىگىسى لازىم. دېڭ شياۋپىڭ بولسا دەۋرىيچىشتۇرگەن ئالاھىدە سىياسىي ھاكىمىيەت ئىگىسىدۇر. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى باسقىدەك قۇدرەتلىك بىرسىنىڭ چىقىشى تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېڭ جۇڭگوھاكىمىيىتىنى قۇرۇش جەريانىدا زورتۆھپىلەرنى قوشقان، مەدىنىيەت ئىنقىلابىدا زورزەربە يېگەن پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆزىگە مايىل قىلغان. ئەسكىرى كۈچ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قولىدا، ئىختىسادى ئىسلاھات ئارقىلىق ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغان جۇڭگوئىختىسادىنى يېڭىچە بىريولغا سالدى. مانابۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۆھپىسىدۇر. ئۇ، ئۆزى بىرقوللۇق ئىزباسارقىلىپ تىكلىگەن جاڭ زېمىن قارىماققا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە قاتارلىقلارنى ئۆزئىلكىگە ئالغاندەك قىلغان بىلەن، ئارقىدا يەنىلا دېڭ قوماندان ئىدى. شۇڭا دېڭ كۆزى ئوچۇق تۇرۇۋالىبەرسە، جاڭ ئۈچۈن سىياسىي سەھنىدە بىرئازئاسانلىق بولاتتى، ئەمما دېڭ كۆزيۇمغان ھامان، جاڭنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيدىغان قانچە ئادەم قالىدۇ؟ بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك.

كۆپىنچىلەرنىڭ قارىشىچە، جاڭنىڭ ھېچقانداق تارىخى سىياسىي تۆھپىسى يوق

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، يۇقىرى قاتلامدىكى ئەمەلدارلىرىنى گېپىگە كىرگۈزۈشى قىيىن ئىدى، تىزۋەندىكى ئاۋام - خەلقمۇ قوللىمايتتى. جاڭ زېمىن 1998 - يىلى باھاردا دۆلىتىگە رەسمىي سىزىش تاختىسىنى ئېسىپ، بېشىغا ئالدى ئۇزۇن شەپكە كىيىپ، رەسساملار سىياقىدا شاگىرتلىرىدىن بېيجىڭ جۇڭنەنخەيگە قاراپ ئايرۇپىلان بىلەن يول ئالغاندا، ماۋزېدۇڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭدىن يۇقىرى مەرتىۋىگە - پارتىيىنىڭ باش سېكرېتارى، دۆلەت رەئىسى، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇپ قېلىشى، ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى. ھەممىگە مەلۇمكى، ھەقىقىي ھاكىمىيەت ئىگىسى پەردە ئارقىسىدىكى دېڭ ئىدى. دېڭ ئۆلگەندىن كېيىن كىم خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشمەن دەيدىكەن، ئالدى بىلەن «4 - ئىيۇن» ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى ئاقلىشى كېرەك، جاڭ بۇ ئىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ؟ ئۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ 1989 - يىلى تيەنئەنمېن مەيدانىدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەدىن كېيىن جاۋزىياڭنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، ئەگەر ئۇ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى ئاقلايدىغان بولسا، ئۇچاغدا ئۆز تەختىنى ئۆزى غۇلاتقان بولىدۇ ھەم نۆۋەتتىكى ئورنىنىڭ قانۇنسىزلىكىنى چىقىپ قالىدۇ. جاڭنىڭ ھەمنەپەسچىسى لى پېڭ بولسا ئەقىل - ئىدراك، ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئەسەرىيوق كىشى بولۇپ، ئۇ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قانلىق قىرغىنچىلىقنىڭ بىۋاستە مەسئۇلى. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى ئاقلىسا، ئۆزىگە ئۆزى گۆر كولىغانلىق بولىدۇ. دېمەك، دېڭ بېكىتكەن ئىزباسار ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، سىياسىي مۇقىملىقنى ئۇزۇن مەزگىل داۋام ئەتكۈزەلمەيدۇ. دېڭنىڭ ئاشۇ تاشقى دىپلوماتىك سىياستى ئۆزگەرمەي قالمايدۇ. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن خىتاينىڭ ئاشۇ خىل مۇناسىۋىتى دېڭ ئۆلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل داۋام قىلىدۇ، ئۇندىن كېيىن سىياسىي جەھەتتىن سوغۇق، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېقىن بولۇشتەك ئەھۋاللار پەقەت قىسقا مۇددەتلىك تارىخىي ھادىسە بولۇپ قالىدۇ.

## ئىككىنچى خىل ئەھۋال

خىتايدىكى مۇتەئەسسىپلەر تەختكە چىقسا، ئۇلار ماركسىزىم يولىدا چىڭ تۇرىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خۇسۇسىيلىشىشىنى تۈپتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىچكى جەھەتتە ئىدىئولوگىيىنى قاتتىق كونترول قىلىدۇ، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى تاقىۋېلىش سىياستىنى يۈرگۈزىدۇ ۋە دۇنيا ئىنقىلاۋى دېگەن شوئاردا چىڭ تۇرىدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن مۇتەئەسسىپلەر ھوقۇقنى قولىغا ئالسا، ئۇچاغدا خىتاي بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدە چوڭ چېكىنىش يۈز بېرىدۇ. خىتايدىكى مۇتەئەسسىپلەر دەرىجىدىن تاشقىرى سولچىلار بولۇپ، سىياسىي قوماندانلىقنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ، ئۇلار ھەتتا پۈتۈن كۈچى بىلەن نۆۋەتتىكى ئېچىۋېتىش سىياستىنى قارىلاپ، خىتاينى 50 - 60 يىللاردىكى قالاق ھالغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئورنىغا، ھەممە ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلىشىشتىن ئىبارەت پىلانلىق ئىگىلىك تەشەببۇس قىلىنىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاشۇ خىل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىرتۇتاش ئىقتىسادىي قېلىپ شەكلى ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىغا زىت ئىدى، مەيلى غەرپتە بولسۇن ياكى شەرقتە، بۇنداق دۆلەت

ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۇزئۇن مۇددەتلىك ئىختىسادىي ئۈنۈم بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، هوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئۇرۇشقا سەپەرۋەرقىلىشتا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ، ئەمما ئىختىسادىي جەھەتتە ئۈنۈم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا باش - ئاخىرى يوق بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مۇتەئەسسىپلەرنىڭ سىياسىي مەقسىدى - ختاينى كەلگۈسىدە ناھايىتى قۇدرەتلىك كوممۇنىزىم لاگىرىغا ئايلاندۇرۇپ، كوممۇنىزىم ئارقىلىق دۇنيانى ئىگەللەشتىن ئىبارەت. ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى بىلەن پۈتۈن غەربىي ئەللىرى بولسا، سابىق سوۋېت ئىتپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، يەنەبىر كوممۇنىستىك دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنى خالىمايدۇ. ناۋادا مۇتەئەسسىپلەر ھوقۇقنى قولىغا ئېلىۋالسا، ختاي بىلەن ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي سوغا چىلىشىدۇ. ئەمما مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قايتا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش ئېھتىمالى ناھايىتى ئاز، چۈنكى خەلق ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان سولچىلىق يولىدىن جاق تويدى. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، سولچىلىق قاتتىق ئېيتىلدى، جەمىيەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلاملىرىدا ئۇلارنى قوللايدىغانلار يوق دېيەرلىك، ھەتتا ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلارمۇ ناھايىتى ئازبولۇپ، ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك بىرپۈتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى. بۇبىرقىسىم ئىنسانلارنىڭ يەرلىك خەلققە ۋە ئارمىيىگە تەسىر كۆرسىتىپ شەرىقتىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس.

## ئۈچۈنچى خىل ئەھۋال

ختايدىكى دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلار ئېقىمى دىڭ ئۆلۈپ بىرمەزگىلدىن كېيىن ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالىدۇ. چۈنكى دېموكراتىك دولقۇن ئومومى يۈزلۈك ئاساسقا ئىگە بولدى. 1989 - يىلى ختاينىڭ مەركىزى بېيجىڭدا يۈزبەرگەن دېموكراتىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى، كومپارتىيە ئەزالىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىردەك قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. ئىختىسادىي جەھەتتىكى ئەركىنلىككە ئەگىشىپ، دېموكراتىك پىكىر - ئېقىملارنەرەققىياتى دۆلەت ئاپاراتىغا بوي سۇنماس ھالغا كەلدى. يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بېرى ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتقان ئوتتۇراقاتلام بىرپارتىيىلىك مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن تىركىشىش باسقۇچىغا كىردى. ختايدىكى دېموكراتىك كۈچلەرنى ئېدىئولوگىيە ۋە قىممەت قارىشى جەھەتتە غەربكە يېقىن ياكى غەرب بىلەن بىردەك دېيىشكە بولىدۇ.

ئەگەرئۇلارتەختكە چىقسا، ختاينىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەقىقى تۈردە ياخشىلىنىدۇ. مەسىلەن، نۆۋەتتە فرانسىيىنىڭ تەيۋەنگە قورال - ياراق ساتقانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئاداۋەتلەرىيۇيۇلىدۇ، ختاينىڭ ياۋروپادىكى «ئىنسان ھەقلىرى»، «ئەسكەرقىسقارتىش»، «يادروقوراللىرىنى كېڭەيتىش» دىگەنگە ئوخشاش تالاش - تارتىشلاردىن كېلىپ چىققان باش ئاغرىقلىرى ساقىيىدۇ، خەلقئارالىق سودا ئومومى كېلىشىمدىكى ئورنى ئەسلىگە كېلىدۇ، شۇندىقلا ياۋروپانىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ ۋە قايتىدىن دۇنياۋى ئىختىسادى ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بىرئەزاسى سۈپىتىدە دۇنيانىڭ ئىختىسادى تەرەققىياتىغا پايدا بېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، دىڭ شياۋپىڭ ئۆلگەندىن كېيىن،

www.uyghurkitap.com



دېموكراتىك كۆچلەر ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن خېلى ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى، بىردىن - بىر ياخشى يول - پارتىيە ئىچىدىكى ئىلغار كۆچلەرنىڭ ئالدى بىلەن «4 - ئىيۇن» ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى ئاقلاپ، ئارقىدىن پارتىيە سىرتىدىكى دېموكراتىك كۆچلەر بىلەن بىرگە سىياسىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، بىر پارتىيىلىك ھۆكۈمرانلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەركىن بازارئىگىلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. «ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتىش» ئارقىلىق، چوڭ داۋالغۇچىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇخىل ئۆزگۈرۈشنى غەرب ناھايىتى ئالقىشلايدۇ، نەتىجىدە، خىتاي بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى گەۋدىسىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادى مۇناسىۋەتلىرىدە ئاراچىلىق ھاسىل بولمايدۇ.

ئەگەر پارتىيە ئىچىدىكىلەر ھاكىمىيەتنى تىزدىن دېموكراتىك ھاكىمىيەتكە ئۆزگەرتمەي، يەنىلا چىرىك كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى داۋام قىلدۇرىۋەرسە، مۇقەررەرھالدا دېموكراتىك كۆچلەرتەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. ناھايىتى كەسكىن بولغان ئىجتىمائىي توقۇنۇشلار ئۆزلۈكسىز يۈزبېرىپ، ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىشى مۇمكىن. بىراق خىتايدا يۇگوسلاۋىيىدىكىدەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش داۋام قىلىشى ناتايىن، چۈنكى خىتايدا تىغمۇ - تىغ تۇرىدىغان مىللىي ۋە دىنىي توقۇنۇش يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە40 يىلدىن بېرى تۈرلۈك ھەرىكەتلەرسەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پۈتمەس - تۈگىمەس مالىمانچىلىقلار خەلقنى بىزارقىلدى. ناۋادا كوممۇنىستلاربىلەن دېموكراتىك كۆچلەرئوتتۇرىسىدا ئىچكى ئۇرۇش قوزغالسا، خەلق دېموكراتىك كۆچلەرنى ياقلايدۇ، غەرپمۇ دېموكراتىك ئىسلاھاتچىلارنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ، شۇچاغدا خىتاينىڭ ياۋروپا ئوتتاق گەۋدىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاجىزلايدۇ. ئاچچىق بىرتولغاقتىن كېيىن، يېڭى بىردېموكراتىك ھاكىمىيەت خىتاي زېمىنىغا كۆزئاچىدۇ. خىتاينىڭ دېموكراتىك قۇرۇلۇشى جەريانىدا ناھايىتى مۇشەققەتلىك مۇساپىلەر بېسىلىسىمۇ، لېكىن 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سىياسىي جەھەتتە دېموكراتىك، ئەركىن بولغان بىرخىتاي دۆلىتى - ياۋروپا ئوتاق گەۋدىسىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ.

## تارىختا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىمىز خاتىرلەندى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** 98 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى»، مېيۇنخېندا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىشتىراكىدا، 33 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 65 - يىللىقىنى ۋە 44 - يىلى ئىلىدە قۇرولغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرولغانلىقىنىڭ 54 - يىللىقىنى خاتىرلىدى. خاتىرلەش يىغىنىدا، بۇ ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە مەغلۇپ بولۇش سەۋەپلىرى ھەققىدە ئەزالىرىمىزغا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلدى ۋە ئىككى جۇمھۇرىيەتنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەپچى بولغان ئىچكى - تاشقى ئامىللار ھەققىدە ئىلمى مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى.

# شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئۆتمۈشىگە ۋە كەلگۈسىگە بىر نەزەر

ئەسقەرجان
(«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى)

ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان كوممۇنىست خىتاينىڭ ئاسارىتى ئاستىدا، ئىنسانلىق تارىخىدا ئەڭ رەھىمسىز ۋە ئەڭ قانخور بىرئىمپىريالىست دۆلەتكە قارشى يېرىم ئەسىردىن بۇيان كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە، خەلقىمىز بۇ كۈرەش ئۈچۈن ھەرخىل ماددى ۋە مەنىۋى پىداكارلىقلاردىن قاچمىدى. خەلقىمىز يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى دىگۈدەك بۇخىل ئىنسان قىلىپدىن چىققان قانخورئالۋاستىغا قارشى كۈرەشلىرىنى داۋام قىلدۇرماقتا ۋە بۇجەريانلاردا ئىنسانلىق ئالىمدە ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىسكەنجىلەرگە دۇچاربولماقتا، تۈرمىلەردە چىرىپ كېتىشكىمۇ ھازىرتۇرماقتا ۋە ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتلىرىنىمۇ ئىپتىخارلىق بىلەن پىدائەتمەكتە.

ۋەتەن سىرتىدا 50 يىلغا يېقىن ۋاقتتىن بۇيان تۈرلۈك تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىز، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تونۇتۇش ۋە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن مۇجادىلە قىلىپ كەلمەكتە، بۇمۇجادىلىدە مەرھۇم ئەيسايۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئەفەندىلەرنىڭ ئالاھىدە ئورنى بار، جانابى ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن. بۇشەخسلىرىمىز ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە تەخت قۇردى.

تۆۋەندە مەن، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي مۇجادىلىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە يېتىشسىزلىكلىرى ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتمەكچىمەن، مەقسىدىم بىرتەشكىلاتقا ۋەيا بىرەرشەخسكە ھۇجۇم قىلىش ئەمەس، بەلكى ۋەزىيىتىمىزھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش، يېتىشسىزلىكلىرىمىزنى تېپىپ چىقىش ۋە پىكىرلىشىش ئارقىلىق، ئومۇمىي بىرستراتېگىيە ۋە پىروگرامما تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. چۈنكى بىزمۇقىم بىرپىروگراممىا ۋە ستراتېگىيەنىڭ ئەتراپىدا بىرلەشمەي، چېچىلاڭغۇھالدا ھەركىم كاللىسىغا نىمە كەلسە شۇنى دەپ بۈگۈنكى ئەھۋالغا كەلدۇق. بۇسەۋەپلەرتۈپەيلىدىن، 20 يىلدىن بۇيان ياۋروپادىياشاپ كېلىۋاتقان، ئۇيەردە تەلىم كۆرگەن ۋە قولۇمدىن كېلىشىچە ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن بىر كىشىلىك خىزمەت قىلىپ كەلگەن بىرئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تۆۋەندىكى بەزى نۇختىلاردا ئۆزقاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلماقتىمەن:

## 1. ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋە مۇجادىلىمىزنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى

يۇقۇرىدا، 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان ۋەتەن ئىچىدە ۋە سىرتىدا كوممۇنىستىك خىتايغا قارشى مۇجادىلە ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدىم، بىزچە بۇخىزمەتلىرىمىزقانچىلىك

www.uyghurkitap.com

مۇۋاپىقىيەتلىك بولالىدى؟

**(1) ۋەتەن ئىچىدە:** ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغىچە بولغان كوممۇنىست خىتايغا قارشى يۈزلەرچە قېتىم ئىسيان ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىش ھەرىكىتى يۈز بېرىپ، بۇ جەرياندا ئونمىڭلارچە قېرىنداشلىرىمىز شېھىت بولدى ۋەياكى يۈزمىڭلارچە قېرىنداشلىرىمىز خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدە چىرىدى، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى خانىۋەيران بولدى، باللىرى يېتىم قالدى، يەنە شۇنداقلا ئونمىڭلارچە ئىنسانلىرىمىز ھاشارلارغا، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانلىرىغا مەجبۇرى يوللۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ بۈيۈك بىرقىسمى تۈرمىلەردە، مەجبۇرى ئىشلىتىش مەيدانلىرىدا ئۆتتى، ئۇلارتۈرمىلەردىن چىققاندىن كېيىنمۇ، ياكى مېيىپ، ۋەياكى ساراڭ بولۇپ، ھېچبىرئىشقا يارىماس ھالغا چۈشۈپ قالدى ھەمدە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇدۇنيا بىلەن ۋىدالاشتى. خوش، ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىكەن، خەلقىمىزنىڭ تارتقان بۇ كۈلپەتلىرى، زۇلۇملىرى ۋە تۆلىگەن بەدەللىرىگە نىسبەتەن بىزنىڭ ئېرىشكەن مۇۋاپىقىيەتلىرىمىزدىن قانائەت ھاسىل قىلالامدۇق؟ مېنىڭچە ئەلۋەتتەتتىكى قانائەت ھاسىل قىلالمايمىز. بىز رىياللىقنى كۆزدە تۇتۇشقا ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنى مانا مۇشۇ رىياللىقنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرمىز. ئەگەر بىز سەپسەتىچىلىك قىلىپ غورۇرىمىزنى دەپسەندە قىلىپ ئۆزىمىزنى ۋەخەلقىمىزنى ئالداشنى داۋام قىلىۋەرسەك، ئۇچاغدا بىز مۇجادىلە قىلىۋاتقان ئىنسانلار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن زوربىر ۋەبال ئاستىدا قالىمىز ۋە يەنە ئۇزۇن يىللار كۈچىمىزنى، ئىنسانلىرىمىزنى، مېلىمىزنى، ئىقتىسادىمىزنى، ۋاختىمىزنى ۋە شۇنداقلا قولىمىزغا چۈشكەن ھەربىرپۇرسەتنى بىكاردىن بىكار ئىسراپ قىلىپ ئۆتتۈۋېرىمىز. ئەگەر بىزھەقىقەتەن ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىقىنى ئويلىساق، ئۇچاغدا ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ۋە توغرا يولنى كۆرسۈتۈشتىن قورقماسلىقىمىزلازىم، رىيال، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان ـ پۇروگراملارنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

ۋەتەن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇجادىلىمىزدە نىمە ئۈچۈن كۆتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق؟ ئەلۋەتتىكى، بىرمىللەتنىڭ ھەممەتەبىقىلىرى قاتناشماي تۇرۇپ مۇجادىلىدە غەلىبىگە ئېرىشىش تەس، يەنى، ئومۇملىققا ئىگە بولمىغان بىرداۋا مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. بىرمىللەتنىڭ زىيالىلىرى، دىنىي ئۆلىمالىرى، ئىشچىللىرى، دېھقانلىرى، سودا ـ سېتىقچىللىرى، ئوقۇغۇچىللىرى... يەنى پۈتۈن خەلقى ساھىپ چىققان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بىر ھۆررىيەت مۇجادىلىسى مۇقەررەرھالدا غەلىبىگە ئېرىشىدۇ. بۇساھەلەرنىڭ بىر ـ ئىككىسىنىڭ مۇجادىلە سېپىمىزدە كام بولۇشى ـ مۇجادىلىمىزنىڭ مۇۋاپىپقىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ بەدىلىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. مېنىڭچە، ۋەتەن ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇجادىلىمىزدە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئامىللار تېخى بىر ـ بىرىنى تولۇقۇقلاپ بولالمىغان ۋە بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىزقالغان، شۇڭا خىتاي ھۆكۈمىتى بۇساھەلەرنى بىر ـ بىرىگە قارشى قوللۇنۇشتا مۇۋاپىقىيەت قازانغان. 1949 ـ يىلدىن بۇيان داۋام قىلىۋاتقان قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىدە ئومۇمىي خەلق بىر ـ بىرىدىن خەۋەرسىزقالغان ۋە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ساھەلىرىمىز بىر ـ بىرىنى قوللاپ كېتەلمىگەن ۋە ئومۇمىي يۈزلۈك

بىر قۇتۇلۇش ھەرىكىتى تۈسىنى ئالالمىغان. خىتايغا قارشى ئىسيانلار كىچىك بىر دائىرە ئىچىدە چەكلىنىپ قالغان، بۇنىڭ نەتىجىسىدە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى قانلىق شەكىلدە باستۇرۇلغان ۋە خىتاي بۇئارقىلىق باشقىلارغا ئىبرەت بەرمەكچى بولغان. دېمەك، بۇقارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى ئەتراپلىق ئويلۇنۇش، پىلانلىنىش ۋە مۇجادىلە ئېلىپ بېرىۋاتقان باشقا تەشكىلاتلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ئومۇملىقنى ئۆزئىچىگە ئالغان ھالدا ئېلىپ بېرىلمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىز تۆلىگەن بەدەل ۋە بەرگەن قۇربانلارغا لايىق نەتىجە ئېلىنالمىغان، بەلكىم يۇقارقى يېتەرسىزلىكلەرنى تاماملاشقا شەرت ـ شارائىت يار بەرمىگەندۇر، ئەمما، 50 يىلدا بىرقېتىم بولسىمۇ كەڭ دائىرىلىك، بارلىق ئىمكانلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلانغان، ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتلەرتولۇق ئورنىتىلغان، ئومۇمىي خەلقىمىزنىڭ ھەرساھەسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بىرھەرىكەتكە كىرىشەلمىگەنلىكىمىز ئەلۋەتتە بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇشى ۋە بۇندىن كېيىن قانداق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىمىز ھەققىدە دىققەت ـ ئېتىۋارىمىزنى قوزغىشى كېرەك. ئالدىراقسانلىق، ھېسسى تۇيغۇ ۋە قۇرۇق ھاياجان بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىشلارنىڭ بىزگە زىياندىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە بۇلارنىڭ كوممۇنىست خىتاينىڭ بىزنى قىرىشىغا، ھەرجەھەتتىن چەكلىك بولغان كۈچىمىزنىڭ يوق بولۇشىغا ۋە ئۈمىتلىرىمىزنىڭ يوقاپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغانلىقىنى ياخشى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بىز ئەڭ ئاز بەدەل بىلەن ئەڭ كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز ۋە ئۇنى تېپىپ چىقىشىمىز لازىم. ئەلۋەتتە بىز قارشىمىزدا دۇنيانىڭ ئەڭ ۋەھشى ئىنسانلىرىدىن تەشكىل تاپقان بىرمىليارت 300 مىليولۇق بىر كۈچنىڭ بارلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. ئەھۋال ئەنەشۇنداق ئىكەن، ۋەتەن ئىچىدىكىلەر بىر ـ بىرلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى، زىيالىلىرى بىلەن، دىنىي زاتلىرى بىلەن، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش بىلەن مەقسەتلىك، پىلانلىق ھالدا ئۇنىۋېرسال ھەمكارلىق ئىچىدە بولۇشى لازىم، ئەندە شۇندىلا بىز خىتايلارغا قارشى مۇجادىلىدە تەسىرچانلىققا ئىگە بولالايمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ كىچىك بىرپېرىدە بىرۋەقە يۈزبەرگەن ھامان، بۇۋەقە ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرتەرىپىگە ۋاختىدا تۈيۈلۈشى ۋە ھىمايىگە ئىگە بولۇشى كېرەك، ئەنەشۇندىلا مۇجادىلىمىز كەڭ ئومۇملىققا ئىگەبولغان بولىدۇ ۋە مۇۋاپىقىيەتكە قەدەممۇ ـ قەدەم يېقىنلاشقان بولىمىز، ئەگەر غۇلجىدا يۈزبەرگەن ۋەقەدىن ئۈرۈمچىنىڭ، قەشقەرنىڭ، خوتەننىڭ خەۋىرى بولمىسا، ۋەقەلەر باستۇرۇلۇپ 3 ـ 4 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن تەسادىپلىق بىلەن خەۋەرتاپقان بولساق، بۇشەكىلدىكى مۇجادىلىنىڭ مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىشى ناتايىن. ھازىرقى مەۋجۇت ۋەزىيىتىمىز بۇ، شۇڭا بىزمۇ رىياللىقنى كۆرۈپ يېتىشتىن ۋە ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئەنسىرىمەسلىكىمىز، ئۇنىڭغا كۆرە ئىش ئېلىپ بېرىشتىن قورۇقماسلىقىمىز كېرەك. يەنى مىللىي مۇجادىلىمىزنى خەلقىمىزنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە يېيىلدۇرۇپ، ئالاقىلىشىش تورلىرىمىزنى كېڭەيتىپ، «مېنىڭ دىگىنىم ھساپ، باشقىلارنىڭ ھساپ ئەمەس» دەيدىغان مەن ـ مەنچىلىكتىن ساقلىنىپ، باشقاتەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش قىلىپ، مەنبەلىرىمىزدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بۇ ۋەتەننىڭ ھەممىمىزنىڭ ۋەتىنى

ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ، شەخسىي مەنپەئەتلىرىمىزدىن ۋاز كېچىپ، ۋەتەننى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ سەممىيەت بىلەن ئورتاق ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، جەزمەن مۇۋاپىقىيەتلەرگە ئېرىشىمىز ۋە مىللىتىمىزمۇ تارىخى ئورنىغا ئىگە بولالايدۇ، خالاس.

**( 2) ۋەتەن سىرتىدا:** ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي مۇجادىلە ھەققىدە توختالغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن مەرھۇم ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، مۇھەممەتئىمىن بۇغرا، پولات قادىرى، ئەركىن ئالپتېكىن قاتارلىق شەخسلەر ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى كۆزئالدىمىزغا كېلىدۇ. تۆۋەندەمەن، مىللىي داۋايىمىزغا بۈيۈك تۆھپىلەرقوشقان ۋەشۇنداقلا تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تېگى - تەكتىدىن تونۇتقان ئەيسا ئەفەندىمگە ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئالىي ھۆرمىتىمنى ۋە مىننەتدارلىقىمنى ئىزھارقىلىش بىلەن بىرگە، ۋە تەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان داۋايىمزھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتمەكچىمەن. ئەپسۇسكى سۆززۈمنى، ۋەتەن سىرتىدىكى مۇجادىلىمىزنىڭ تولىمۇئاجىز ۋە سېستىمىسىزئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن باشلاشقا مەجبۇرمەن. گەرچە ئاخىرقى يىللاردا بىرئازھەرىكەتلەر باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىگەن نىشانغا يېتىشتىن تولىمۇ يىراقتىمىز. 50 يىلدىن بېرى ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقات مىللىي مۇجادىلىمىز تېخىچە سېستىمىلاشمىغان ۋە بىررېلىسقا چۈشمىگەن. ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى (تۈركىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ئاۋىستىرالىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، شۋىتسارىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان) تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزنىڭ مۇقىم بىر بۈروگرامىسى، ستىراتېگىيىسى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بىرىيال تەدبىرى يوق، ھەركىم ئىلمى ئاساسى بولمىغان، ئېلىپ - قاشتى خەۋەرلەرگە تايانغان ھالدا يۈزەكى ھالدا قولىدىن كەلگەننى قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئەڭ ئاددىيسى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپىسى سورۇلۇپ قالسا، دۇنيادا 10 شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى بولسا، بۇسوئالغا 10خىل جاۋاپ بېرىپ كەلمەكتە، يەنى 15 مىليوندىن 50 مىليوغا قەدەر، شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرئۆلچىمى سورۇلۇپ قالسا، يەنە ھەربىر كاللىدىن بىرخىل جاۋاپ چىقماقتا، غولجا ۋەقەسىمۇ يەنە ھەرخىل شەكىلدە ئاڭلىتىلدى. بىر- بىرگە ئوخشاشمىغان بۇجاۋاپلارنى ئاڭلىغان بىتەرەپ بىر كىشى كىمگە ئىشىنىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغىنىدەك، بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئېلىپ بارغان ئىشىنىڭ نەقەدەرئاجىز ۋە سېستىمىسىزئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ بەرمەكتە.

بىزھازىر ئىلغار پەن - تېخنىكا زامانىدا ياشاۋاتقىنىمىزبىلەن، بۇنى تېخى ھېس قىلىپ يەتكىنىمىزيوق، ئىلمى ۋە ئىستاتىستىكىلىق مەنبەدىن ۋە ھىمايىدىن مۇستەسنا ھالدا ئېلىپ بارغان ئىشلىرىمىزنىڭ قېچقانداق قىممىتىنىڭ يوقلىقىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ھاياتىدا بىرەرقېتىممۇ ئىلمى ئەسەرئوقۇپ باقمىغان، تەتقىقات، ستاتىستىكا، كۆزۈتۈش، ئىلىم - پەن، دۇنياسىياسىتى، دۇنيا تەكۈپۈڭلۈقى... دىگەنلەرنىڭ ھېچبىرىدىن خەۋىرى يوق، يالغان - ياۋىداق، ھېچقانداق قايىل قىلىش كۈچى يوق قۇرۇق ھاياجانلاربىلەن تولغان ھىكايىلەرنى ئاڭلىتىشقا خۇشتار جاھىل ئىنسانلارنىڭ تۇتىدىغان ئۇسلۇبى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، ھېچقانداق يەرگە بارالمايمىز. بۇنداق ئىنسانلار

ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى داۋايىمىزغا پايدىدىن كۆپرەك زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. 50 يىلدىن بېرى تۈركىيەنىڭ سىرتىدىكى باشقا يەرلەردە داۋايىمىزنىڭ ئۇمۇت قىلغىنىمىزدەك تەرەققىي قىلالماسلىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك، ئەگەرتەتقىق قىلىش قولىمىزدىن كەلمىسە، باشقىلارنىڭ تەتقىقاتىنى قوللايلى، يېپ - يېڭى، مودا، ئىلمى تەتقىقاتقا تايانغان بىر سىستېمىگە كىرەيلىكى، دۇنياجاماتچىلىكى بىزگە جىددىي قارايدىغان بولسۇن، ئۇنداق قىلالمىساق، ۋەتىنىمىزگە، خەلقىمىزگە، قىلغان مېھنەتلىرىمىزگە ئۇۋال قىلغان بولىمىز، يەنە نەچچە50 يىللاپ ئاسارەت ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر بولىمىز، ئەگەر بۇنىڭ ئۇۋالىغا قېلىشنى خالىمىساق، ھەممىمىز ھوشۇمىزنى يىغىپ، مەن - مەنلىكنى، شەخسىيەتچىلىكنى، قىزغانچۇقلىقنى، ۋە يۈزى قېلىنلىقنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، بىربايراق ئاستىغا جەم بولۇشىمىز ۋە ھەممىمىز تارىخى مەسئۇلىيىتىمىزنى تونۇپ يەتكەن ھالدا ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى ھەرقانداق مەنپەئەتلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك، ھېچ بولمىغاندا ئاساسىي نۇختىلاردا بىرلىششىمىز لازىم.

### 2. مىللىي مۇجادىلىمىزدىكى يېتەرسىزلىكلىرىمىز ۋە زەيىپ نۇختىللىرىمىز

ئۇتىمۇشتىكى مۇۋاپىقىيەتلەرگە ئېرىشكەن مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىمىزنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا، مۇۋاپىقىيەتلەرگە ئېرىششتە شۇ ئالتە نۇختىنىڭ تولىمۇ موھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرىمىز:

(1) مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئومۇملىققا ئىگە بولغانلىقى؛

(2) يېتىشكەن بىرمەسلىھەتچىلەر ھەيئىتىنىڭ بولغانلىقى؛

(3) مىللىي ھەرىكەتنىڭ ئۆزىۇن كۆزلىگەن ھالدا بىر پىلان ۋە پۇروگىراممىا بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقى؛

(4) تاشقى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەرتەرەپلىملىك ھالدا قۇرۇلغانلىقى؛ ( يەنى ئاخبارات، تەشۇىقات، سىياسىي موھىت، باشقا ئەللەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ياردىمى، دۇنىيا مەتبۇئاتلىرىنى داۋايىمىزنىڭ ھەقلىقلىقىغا ئىشەندۇرۇش، خوشنىلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش قاتارلىقلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ)

(5) پۇرسەتنىڭ قاچىرىلمىغانلىقى؛

(6) دۈشمىنىنى ياخشى تونىغانلىقى؛

ئەپسۇسكى، بىزدە ھازىر يۇقارقى شەرتلەرنىڭ ھېچقايسىسى دىگۈدەك ھازىرلانمىغان، دىمەك بىز بۇلارنى تولۇقلاشقا تىرىششىمىز كېرەك.

مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنىڭ خەلقىمىزئىچىدە ئومۇملىققا ئىگە بولۇشى ھەققىدە يۇقۇرىدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدۇق، خەلقىمىزدە مۇستەقىللىق ئىستىكى ۋە ئارزۇسى بار، بىز بۇئىستەكنى ھەر زامان جانلىق تۇتۇشقا تىرىششىمىز لازىم. مەيلى ۋەتەن ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، دەۋرىنىڭ تەلىۋىگە ماسلىشالايدىغان، يېتىشكەن، دۇرۇست، دۇنيا قارىشى بولغان، مەلۇم مەنپەئەتلىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتمىگەن، ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن ھەرخىل پىداكارلىقلاردىن قاچمايدىغان ئىنسانلاردىن تەركىپ تاپقان بىر رەھبەرلىك ھەيئىتى تەسىس قىلىنىشى كېرەك ئىدى، ئەپسۇسكى، تاشقى دۇنيادا بۇنداق بىر رەھبەرلىك ھەيئىتى تېخى بىرئارىغا كېلىپ بولالمىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئەپسۇسكى، يېتىشكەن، يۇقاردىكى شەرتلەرنى هازىرلىغان ئازساندىكى ئىنسانلارمۇ تېخى بىر-بىرى بىلەن چۈشۈنۈش هاسىل قىلالماي تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ، بىزئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ زەئىپ تەرىپىمىزبولسا كېرەك. چۈنكى تارىخىمىزدىمۇ بىز هەرزامان بىر- بىرىمىز بىلەن جەڭگى - جىدەل قىلىپ ئۆتۈپتىكەنمىز، مېنىڭچە شۇ يامىيامىلارنىڭمۇ هۆرياشاۋاتقان بۇگۈنكى ئەسردە بىزنىڭ تېخىچە ئاساسرەت ئاستىدا قېلىشىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەپلىرىنىڭ بىرىمۇ ئەنەشۇ«سەن - مەن» لىك غەۋغاسى بولسا كېرەك. ئىنشائاللا بۇخىل غەۋغالارنى ئەڭ تۆۋەن نۇختىغا چۈشۈرگەن ۋە زورنەتىجىلەرگە ئېرىشكەن «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى بۇجەھەتتە بىرئۆلگە بولۇپ قالار.

يەنەبىرئاجىزھالقىمىزبولسا، مۇقىم بىرپۇروگراممىا ۋە پىلان بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشتىن مۇستەسنا قالغانلىقىمىزدۇر. يەنى، داۋايىمىزنى كۈندىلىك ئاددى ئۇسوللار بىلەن ئاگىلتىشقا تىرىشتۇق، ۋاقتلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق مۇستەقىللىققە ئېرىششكە كىرىشتۇق، داۋايىمىزدا بىركەمتۈكلۈك ۋە سېستىمىسىزلىق هۆكۈم سۈرمەكتە. مەسىلەن، 50 يىلدىن بېرى بىز بەش يىللىق، ئون يىللىق، 20 يىللىق نىشان ۋە پىلانىمىزنى تۈزۈپ چىقىپ، پىلان قىلغان مۇشۇ مۇددەت ئىچىدە نىشانىمىزغا يەتكەن - يەتمىگەنلىكىمىزنى تەكشۈرۈپ تۇرغان بولساق، ئەگەرنىشانىمىزغا يېتەلمىگەن بولساق نىمە ئۈچۈن يېتەلمىگەنلىكىمىزنىڭ سەۋەپلىرىنى تەتقىق قىلىپ تۇرغان بولسا ئىدۇق، ئىشىنىمەنكى، بۈگۈنكى كۈندە مىللىي داۋايىمىزنىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئورنى ۋە نوپوزى باشقىچە بولغان بولاتتى. (شۈنىمۇ ئىزاهلاپ ئۆتمەكچىمەنكى، بەلكىم شەرت - شارائىت بۇنىڭغا ياربەرمىگەن بولسا كېرەك، ئەمما مېنىڭ خۇلاسەم شۇكى، بىز ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار ۋە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ناچارخۇيلىرىمىز سەۋەبىدىن مەقسىدىمىزگە يېتەلمىدۇق).

مېنىڭچە قىسقا مۇددەتلىك پىلانلار مۇنۇلارنى ئۆزئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن: دەسلەپكى بەش يىلدا داۋايىمىزنىڭ دۇنياجامائەتچىلىكىگە هەرتەرەپتىن تونۇتۇلۇشى؛ ئاخبارات ئورگانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەرنىڭ ساقلىنىشى؛ خەلقئارادىكى هەرخىل ئىنسان هەقلىرى تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى؛ موهىتنى قوغداش تەشكىلاتلىرى بىلەن، هايۋاناتلارنى قوغداش تەشكىلاتلىرى بىلەن، ئاتومغا قارشى تەشكىلاتلار بىلەن مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنۇتۇلۇشى؛ يۇرتىمىزدا ئېكلوگىيلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ خىتايلارتەرىپىدىن بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنىڭ ئاڭلىتىلىشى (دەل - دەرەخلەرنىڭ نابۇت قىلىنىۋاتقانلىقى، ئاتوم رادىئاكتىۋىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن هايۋاناتلارنىڭ، مېۋە - چېۋە، سەي - كۆكتات قاتارلىقلارنىڭ ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە مۇپتىلا بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىقلار)؛ خىتايلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى تۈپەيلىدىن تارتقان زىيانلىرىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان مەلۇماتلارنىڭ توپلىنىشى ... ئەڭ موهىمى ۋەتىنىمىز بىلەن مەلۇمات بېرىش - يەتكۈزۈش تورىنىڭ قۇرۇلۇشى. چۈنكى بىز ۋەتىنىمىزدىن دەل ۋاختىدا توغرا مەلۇمات ئالالمىغانلىقىمىزئۈچۈن، باشقىلار بىزدىن مەلۇمات تەلەپ قىلغاندا، تەلەپلىرىگە جاۋاپ بېرەلمەيۋاتىمىز ياكى كەمچىل، خاتا مەلۇمات بېرىۋاتىمىز. بىز ۋەتەندە بولغان ۋەقەلەردىن ۋاختى

ئۆتۈپ بىرىگە بارغاندا ئاندىن خەۋەرتېپىۋاتىمىز، شۇڭا چەتئەل ئاخبارات ئورگانلىرىنى ۋە تەتقىقاتچىلىرىنى قايىل قىلالىغىدەك مەلۇمات بېرەلمەيۋاتىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن، ناھايىتى جىددىي قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىمىزنىڭ بېشىدا، ناھايىتى ساغلام، ئىشەنچلىك ۋە تېز بىر خەۋەرتورىنى قۇرۇپ چىقىش بولىشى كېرەك. بۇ بەش يىللىق قىسقا پىلانلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلارغا كېچىش كېرەك ئىدى. مەسىلەن، ھەرخىل تىللارنى بىلىدىغان، دۇنيا سىياسىتىنى ئىگەللىگەن، مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە بۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئارقىلىق، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىش يوللىرىنى تېپىپ چىقىش، پەرزەنتلىرىمىزنى مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە داۋايىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېتىشتۈرۈپ چىقىش ۋە شۇنى تەشەببۇس قىلىش، بۇنىڭغا كېرەكلىك ئىقتىساتنى تەمىنلىيەلەيدىغان بىر فوندىنىڭ ئاساسىنى تىكلەش ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تۈرلۈك تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ بۇفوندىن پايدىلىنىشنى ساقلاش.

ئاخىرقى پىلان سۈپىتىدە، يۇقارقى خىزمەتلەرئىشلەنگەندىن كېيىن، پۈتۈن ۋەتەن سىرتىدىكى تەشكىلاتلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان، خەلقىمىزنىڭ (يۇرت ئىچى ۋە سىرتىدىكى) قوللىشىغا ئېرىشكەن تولۇق ھوقوقلۇق، دۇنياجامائەتچىلىكى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارئېتىراپ قىلغان بىرمىللىي قۇرۇلتاي ياكى مىللىي مەركەزنى قۇرۇپ چىقىپ، داۋايىمىزنى بىرقوللۇق تولۇق سالاھىيەتلىك ئورگان بىلەن كەسپىي ھالدا بىرلەشكەن دۆلەتلەرتەشكىلاتىغا، ياۋروپا پارلامېنتىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئورناق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەنەشۇچاغدا، مىللىي داۋايىمىز ھازىرقى ھالىتىدىن باشقىچە بىرشەكىلدە ۋە ناھايىتى ئىلگىرى بىر باسقۇچتا بولغان بولاتتى.

ئەپسۇسكى بىز50 يىلدىن بۇيان يۈقۈرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قەدەملىرىمىزنى ئاتالمىدۇق، ناھايىتى چېچىلاڭغۇ، سېستىمىسىز، پىلان - پۇروگراممىسىز ۋە يۈزەكى پائالىيەتلەر ئارقىلىق بىرئىشلارقىلىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. ئەلۋەتتە، ھازىرغا قەدەر داۋاغا مېھنىتى كەچكەن ئىنسانلىرىمىزنى مىننەتدارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ياد ئېتىمىز ۋە قىلغان خىزمەتلىرىنى تەقدىرلەيمىز، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ نەقەدەرمۇۋاپىقىيەتلىك بولالىغان - بولالمىغانلىقى مەلۇمدۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بۇندىن كېيىن بولسىمۇ نىشانلىرىمىز بەلگىلىنىشى ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك بىرستىراتىگىيە تۈزۈپ چىقىپ، شۇ ستىراتىگىينى مەركەزقىلغان ھالدا قولدىن بېرىپ قويغان يىللىرىمىزنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا تىرىشىشىمىزلازىم. بۇھەقتە، داۋايىمىزبىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەركىم ئۆزىگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئورۇندىشى، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن تەشكىلاتلىنىش، كەسپلىشىش ئۈچۈن قولدىن كېلىدىغان تىرىشچانلىقنى كۆرسۈتىشى كېرەك. چۈنكى يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئېلىپ بېرىۋاتقان يۈزەكى خىزمەتلىرىمىز بىزنى نىشان قىلغان يېرىمىزگە ئېلىپ كېلەلمىدى ۋە ئورنۇتۇلغان مۇناسىۋەتلەر يېرىم قالدى ۋە توختاپ قالغان يېرىدىن پەقەت داۋام قىلالمىدى، شۇنداقلا بۇئىشقا كىرىشكەن ھەركىم ئىشنى قايتا نۆلدىن باشلاشقا مەجبۇربولدى، يەنى كادىرلۇق ھالدا ھەرىكەت ئېلىپ بارمىغىنىمىزئۈچۈن، قىلغان ئىشلىرىمىزيېرىم قالغان، كونا مىللىي

رەھبەرلىرىمىزنىڭ بۇ داۋانى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئۆمرى يار بەرمىدى. ئەگەر بۇندىن كېيىنمۇ يەنە سىستېمىلىشىش، كادىرلىشىش يولىغا قاراپ ماڭمىساق، ئۇچاغدا يەنىلا 50 يىلدىن بۇيان تەكرارلانغان خاتالارنى ۋە ھازىرقى چېچىلاڭغۇ ھالەتنى داۋاملاشتۇرغان بولىمىز - دە، ئۇ دۇنياغا بارغاندا بۇخىل مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىزنىڭ ھېساۋىنى بېرىشكە مەجبۇر بولىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن، تېزىرەك ئەس - ھوشىمىزغا كېلىپ، يۇقۇرىدا دەپ ئۆتۈلگەن نىشانلىرىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق بىلەن ئىشقا ئاتلىنىشىمىز كېرەك.

### 3. مىللىي داۋايىمىزنى غەرب دۇنياسىغا قايسى تەلەبيۈز ۋە ئۇسۇل بىلەن تېخىمۇ مۇۋاپىقىيەتلىك ئاڭلىتالايمىز؟

غەرب دۇنياسىدا ئۇيغۇرلار ئاخىرقى 7 - 8 يىلغا قەدەر باشقىلار تەرىپىدىن ئانچە بىلىنمەيتتى، ئەمما ئاسىيا ۋە خىتاينى تەتقىق قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىلەرنىڭ بۇ ھەقتە مەلۇماتى بار ئىدى، جامائەتچىلىك ۋە ئاخبارات ئورگانلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىدىن تامامەن خەۋەرسىز ئىدى. شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ياۋروپادا ھۆرمەتلىك ئەركىن ئالپتېكىن ئەفەندىنىڭ ھارماي - تالماي مۇجادىلە قىلىشى ۋە ئەركىن ئەفەندى 91 - يىلدىن 97 - يىلغىچە رەئىسلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە مەلۇم ئىلگىرلەشلەرگە ئېرىشتى. ئەركىن ئەفەندىنىڭ تەشكىلاتىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، ياۋروپا پارلامېنتىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزىۋاتقان زۇلۇم ۋە بېسىم سىياسەتلىرى تەنقىتلەنگەن بىر قارار ئېلىندى. يەنە ئەركىن ئەفەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەزالىرى ئامېرىكا پارلامېنتىغا بېرىپ، ئامېرىكا پارلامېنتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى، يەنە شۇنداقلا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدا، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا سېلىۋاتقان زۇلۇملىرى تىلغا ئېلىنىپ، خىتاينى ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تەنقىتلىدى ۋە خىتاينى شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي بېسىملىرىنى توختۇتۇشقا چاقىرىپ، خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدە يېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تېزىملىكىنى ئېلان قىلدى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىشلار، ئەمما بۇ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. بىزنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزدە ناھايىتى كۆپ يېتەشسىزلىكلىرىمىز بار، شۇنچە تىرىشىپمۇ يەنە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆزىمىزگە جەلىپ قىلالمىدۇق. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان خېلى كۆپلىگەن تەشكىلاتلار ئاخىرقى يىللاردىكى تىرىشچانلىقلىرىمىز نەتىجىسىدە بىزنى ياخشى تونۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشەلمىدۇق. بۇنىڭ بەزى سەۋەپلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ۋەتىنىمىزنىڭ ياۋروپاغا ناھايىتى يىراق بولۇشى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەقەلەرنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقى، غەرب مەتبۇئاتلىرىنىڭ يېتەرلىك

دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى، خىتاينىڭ نەسرى ۋە كۈچى، تۈركىي مىللەتلەرگە مەنسۇپ بولغانلىقىمىز ۋە موسۇلمان بولۇشىمىز، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ كۆپلىكى ۋە بۇمەسىلىلەرگە ئارىلىشىش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ بولمىغانلىقى، ياۋروپا جامائەتچىلىكىنىڭ بۇخىل مەسىلىلەرگە ئانچە قىزىقىپ كەتمەسلىكى، يەنى بۇنداق مەسىلەردىن بىزاربولغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ياۋروپانىڭ يېقىنىدا بىرمۇنچە قالايمىقانچىلىقلار يۈزبەرمەكتە ۋە ياۋروپا ئەللىرى بۇ قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشقا ئاجىزلىق قىلماقتا. مەسىلەن، بوسنا - ھەرسەك، كوسوۋا، ماكېدونىيە، قىبرىس، چېچەنىستان، ئىراق، پەلەستىن، شىمالىي ئېرلاندىيە، ئافغانىستان ۋە شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ بىرمۇنچە يەرلىرىدە يۈزبەرگەن ۋەقەلەر غەرب جامائەتچىلىكىنى بىزارقىلدى ۋە ئۇلار بۇخىل ۋەقەلەردىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى، غەربلىكلەرنىڭ قىزىقىدىغان قىسمى مەدەنىيەت - سەنئەت ساھەسىدۇر، يەنى بىرمىللەتنىڭ سەنئىتى، ناخشا- ئۇسۇل - مۇزىكىسى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى ۋە تارىخى ئەسەرلىرىدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئۇلار سىياسەتتىن بىزار بولدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىزمۇ مەدەنىيەت - سەنئەتنى ۋاستەقىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا، يەنى ئۇلارغا مۇزىكىمىزنى، سەنئىتىمىزنى، مىللىچە ئۇسۇللىرىمىزنى ۋە مەدەنىيىتىمىزنى تونۇتۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىشىمىزلازىم. ئادەتتە بىرمەيدان ئويۇنىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن 400 - 500 كىشى كېلىدۇ، ئۇلارئويۇن كۆرۈش ئارقىلىق ئىچ - قارنىنى ئاچىدۇ. بىزمۇشۇنداق جامائەتلەرنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلالىساق، ئۇلاردا بىزگە نىسبەتەن قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ- دە، ئۇلارغا مىللىي داۋايىمىزنى تېخىمۇ ئاسان ئاڭلىتالايمىز. يەنى مۇزىكا ۋە سەنئەت ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزىمىزگە مۇپتىلاقىلىش ۋە مۇشۇنداق مەدەنىيەتلىك بىرمىللەتنى قوغداپ قېلىشقا كۈچ سەرىپ قىلمىسا، بۇمىللەتنىڭ دۇنياخەرىتىسىدىن يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

يەنەبىرجەھەتتىن، باللىرىمىزنى، ياشلىرىمىزنى غەربتە ياخشى ئوقۇشقا ۋە ئالىي بىلىم ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش، خەلقئارا ھوقۇقلارنى ئىگەللىگەن سەۋىيەلىك ئىنسانلىرىمىزنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇلارنى مىللىي داۋايىمىزئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

غەرب مەتبۇئاتلىرىغا ئۆزىمىزنى ياخشى تونۇتۇش ۋە ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساغلاملاشتۇرۇش، ئۇلار بىلەن دوستلۇق قۇرۇشقا تىرىشىش؛

خەلقئاراتەشكىلاتلارغا ئۆز ئادەملىرىمىزنى يەرلەشتۈرۈشكە تىرىشىش، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ داۋايىمىزغا تېخىمۇ تەسىرچانلىق بىلەن ساھىپ چىقىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش؛

ياۋروپادىكى ئۇنىۋېرسىتېتلەردىكى تۈركولوگىيە فاكولتېتى ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاربىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇچوڭقۇردەرىجىدە تونۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ياردەمچى بولۇش ۋە ئۇلارنى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەسەر ۋە كىتاب يېزىپ چىقىشقا تەشەببۇس قىلىش؛

ياۋروپا تىللىرىدا، ئەڭ ئازىدىن نېمىسچە ۋە ئەنگىلىزچە تىللاردا ژورنال ۋە قوللانما

www.uyghurkitap.com



نەشر قىلىش ئارقىلىق، غەرب جامائەتچىلىكىنى، مەتبۇئاتنى ۋە تەتقىقات ساھەلىرىنى ئىشەنچلىك، يېڭى خەۋەر - ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش. خۇددى مۇشۇ مەقسەتتە «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى 91 - يىلدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىپ تارقىتىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان خەۋەرنامىسى»، ئەپسۇسكى ئىقتىسادى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن 96- يىلى ئىيولدىن ئېتىبارەن نەشر قىلىنالمىدى، بۇ خەۋەرنامىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن قايتىدىن پۈتۈن كۈچىمىزنى سەپەرۋەر قىلىشىمىز لازىم.

## 4. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى غەرب دۇنياسىغا، ئىسلام ئۆلكىلىرىگە ۋە تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەرگە ئاڭلىتىشتا قانداق يول تۇتىمىز؟

**(1) غەربكە قارىتا:**

غەرب ئەللىرى، جۈملىدىن خەلقلىرى، ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە، ۋىجدان ۋە دىنىي ئەركىنلىك، مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، پىكىر قىلىش ئەركىنلىكى قاتارلىق ئامىللارنى ئاساس قىلغان باشقۇرۇش شەكلى ئارقىلىق ئىدارە قىلىندۇ ۋە ياۋروپا خەلقى بۇ خىل باشقۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش شەكلىگە قىزىقىدۇ ۋە ئادەتلەنگەن. بىزمۇ ئەلۋەتتە داۋايىمىزنى ئۇلارغا ئاڭلاتقان چاغدا، بۇ ئامىللاردىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز ۋە شەرقىي تۈركىستاندا بۇ خىل ھەق - ھوقۇقلارنىڭ زادىلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، كوممۇنىست خىتاينىڭ قاتتىق بېسىمى ۋە زالىملارچە سىياستى تۈپەيلىدىن خەلقىمىزنىڭ بۇ ھەقلەرنىڭ ھەقىقى مەناسىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەنلىكىنى، 20 مىليونغا يېقىن بىر مىللەتنىڭ يېرىم مەھبۇسلۇق ھاياتى ياشاۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى، تىلىنى، دىنىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشكىمۇ ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى، ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىدا كۆرسىتىلگەن ھەق - ھوقوقلىرىدىن مەھرۇم ھالدا قەدىر- قىممەتسىز بىر ھاياتتا ياشاشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىنسانلارنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىش، ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇش، مىللىي كىملىكىنى ساقلاش ... قاتارلىق ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن تۈرمىلەرگە تاشلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ياكى ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى تەپسىلى، ئېنىق ئاڭلىتىشىمىز كېرەك. ئەگەردە بىز مۇستەقىللىققە ئېرىشىپ قالساق، ئىنسانلارنىڭ بۇ ھەقلىرىگە ئىگە چىقىدىغانلىقىمىزنى ۋە ھەر كىمنىڭ پىكىر قىلىش، دىنىي، مىللىي ئەركىنلىكلىرىگە ئارىلىشىۋالمايدىغانلىقىمىزنى ئۇلارغا ئىشەندۈرىشىمىز ۋە مۇشۇنداق بىر ھاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىزگە ياردەم بېرىشى كېرەكلىكىگىنىمۇ ئۇلارغا ئەتراپلىق ئاڭلىتىشىمىز لازىم.

**(2) ئىسلام ئەللىرىگە قارىتا:**

ئەپسۇسكى ئىسلام ئەللىرى شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ناھايىتى پەرۋاسىز قارىدى، ھالبۇكى ئەسلىدە ئۇلار بىزنى ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنىشى ۋە دەردىمىزگە دەرمان بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئىسلام ئۆلكىلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرى غەرب ئەللىرىنىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسىغا بىر ئاز سوغۇق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئۆز ئارا پېتىشالماسلىقى، دۆلەتنىڭ بېشىدا تۇرىۋاتقان پادىشاھ ياكى دېكتاتورلارنىڭ پوزىتسىيەسى، ئىسلام ئەللىرى خەلقلىرى سىياسىي تۈزۈلمىگە قارشى تۇرۇشىغا سەۋەبچى بولماقتا.

ئىسلام ئەللىرىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ۋە ئۇيەردە ئوقۇۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئويناپ، قولىدىن كېلىدىغان بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، بىرموسۇلمان خەلقنىڭ يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۈچ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇخەتەرنىڭ بىرئازبولسىمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسلام ئەللىرى خەلقلىرىگە، مەتبۇئاتلىرىغا ۋە ھاكىمىيەتتىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە ئاڭلىتىشقا تىرىشىشى كېرەك. ئەلۋەتتە بۇئەللەردە دېموكراتىيە، پىكىرقىلىش ئەركىنلىكى دىگەنگە ئوخشاش ئامىللارغا يول قويۇلمايدۇ، ھەتتا بۇخىل سۆزلەر ئۇلاردا ئەكسى تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپىرەك ھالدا ئۇلارغا موسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ياردەم بېرىشى كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزئاچساق، بەلكى ئۇلارغا يېقىنلىشىش تېخىمۇئاسان بولىدۇ.

### 3. تۈركى جۇمھۇرىيەتلەرگە قارىتا:

تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرى ئىچىدە تۈركىيەنىڭ قەلبىمىزدە ئالاھىدە يېرى بار، ئەڭ ناچار كۈنلىرىمىزدە بىزنى ئۆز تۇپراقلىرىدا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى ۋە بۈيۈك مۇجاھىتلىرىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئەفەندىلەرنى باغرىغا باستى، ئۇندىن كېيىنمۇ ھىندىستان، ئافغانىستا ۋە كەشمىردىن كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا ساھىپ چىقتى. ھۆرمەتلىك ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ۋە مۇھەممەتئىمىن بۇغرا ئەفەندىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسى تۈركىيىدە كەڭ ئوموملىقىغا ئىگە بولدى ۋە ھۆكۈمەتلەرتەرىپىدىنمۇ تونۇلدى. بۇندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا يەنە زور ۋەزىپىلەرچۈشىدۇ. تۈركىيىدە ئون مىڭغا يېقىن يۇرتدىشىمىزنىڭ ياشاۋاتقانلىقى بايان قىلىنماقتا، ئەپسۇسكى تۈركىيىدە ئون مىڭ ئۇيغۇرنىڭ ساداسى يېتەرلىك دەرىجىدە چىقمايۋاتىدۇ، ئىنشائاللا بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ گۈرۈلدەپ چىقار ۋە پائالىيەتلىرى تېخىمۇ جانلىنار.

بۈيۈك تۈركىستاننىڭ غەربىگە جايلاشقان، بىزگە خوشنا ھەم دىنداش، قان قېرىنداش بولغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان، تۈركمەنىستان ۋە تاجىكىستانلار بىلەن تارىختىن قالغان باراۋەرلىكىمىز مەۋجۇتتۇر، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن ئەينى تېرىتورىيىدە بىر- بىرىمىزنىڭ ھەرخىل ۋەقەلىرىگە شاھىت بولغان، خوشاللىق ۋە قايغۇغا تەڭ ئورتاق بولغان، تارىخى، دىنىي ۋە تىل جەھەتتە بىرلىكىمىز بولغان ئۆتمۈشىمىز باردۇر. ئىككى رايون ئۈزۈن مەزگىل رۇس ۋە خىتاي ئىشغالى ئاستىدا قالغان، بۇ بىرئائىلىنىڭ يېرىمى ھازىر ئاسارەتتىن قۇرتۇلدى، قالغان يېرىمىدا بولسا بۇئىشغال تېخىچە ۋەھشىيانە ھالدا داۋام قىلىپ كەلمەكتە. روسىيە ئىمپېرىيالىزىمىنىڭ تارقىلىشىدىن كېيىن بۇ قېرىنداش مىللەتلەر مۇستەقىللىققە ئېرىشتى، ئۇلارنىڭ شاتلىقى بىزنىڭمۇ شاتلىقىمىز، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشى، بىزنىڭ مۇستەقىللىققە بولغان ئىشەنچىمىزنى يەنىمۇ ئاشۇردى. ئەينى چاغدا چېگرىمىزنىڭ ئۇتەرىپىدىمۇ كوممۇنىستىك رېجىم دەۋرسۈرەركەن، تۇيۇقسىزھالدا تىلداش، قانداش، دىنداش قېرىنداشلىرىمىز مۇستەقىل بولۇپ ئەتراپىمىزنى چۆرىدەپ ئالدى، ئەلۋەتتە بۇھال بىزنىڭ مىللىي مۇستەقىللىققە ئېرىشىشىمىزدە تېگىشلىك رول ئوينىشى كېرەك. بۇئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزمۇ بۇ

مۇجادىلىمىزگە ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ھېچقانداق پىداكارلىقتىن قاچماي ئۆزھەسسىنى قوشۇشى كېرەك. بۇئەللەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۇلارنىڭ تېخى بىرمەزگىل ئۆتكۈنچى دەۋردە ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، ئۇلارنىڭ سوۋېت دەۋرىدە قالغان ئادەتلىرىگە ئاڭلىق قاراپ، ئۇلاردىن نىمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىمىزنى ۋە شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تارىخى مەسئۇلىيتىنى ئۇلارغا خاتىرلىتىشىمىزلازىم. بۇيەردە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ۋە تۈرلۈك شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بىرتەرەپتىن ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ ھەرتەرەپتىن تەرەققى قىلىشىغا، سېستىمىنىڭ ئورۇنلىشىشىغا يادەمچى بولۇشى، يەنە بىرتەرەپتىن مىللىي مۇجادىلىمىزئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشلىرى لازىم. بۇئەللەر قانچە تېز تەرەققى قىلسا ۋە قۇدرەت تاپسا، بىزگە پايدىسى شۇنچە تېز بولىدۇ، چۈنكى روسىيە ۋە خىتايغا تايىنىپ قالغان بىرقازاقىستان، قىرغىزىستان ياكى ئۆزبېكىستانىنىڭ بىزگە ھېچبىر پايدىسى بولماس، پەقەتلا ئۇلار بۇئىككى قۇدرەتلىك كۈچنىڭ ئويۇنچىقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە بۇئىككى كۈچ ئۇلارنى بىزگە قارشى قوللىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قېرىنداش ئەللەر ئارىسىدا نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ ۋە ئاخىرى تەرەققى قىلىپ ساقايماس يارىلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەپچى بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇئەللەردە مىللىي داۋايىمىزئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارغىنىمىزدا، ئىمكان بار ئۇلارغا زىيان بېرىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئۇلار بىلەن ئارىمىزدا يۈزبېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىختىلاپلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىشىمىزلازىم. بىز تۈركى جۇمھۇرىيەتلىرى خەلقلىرىگە ۋە ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرگە، ئىشغال ئاستىدىكى بىر شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەم قازاقىستانغا ھەم قىرغىزىستانغا، يەنەشۇنداقلا ئۆزبېكىستانغا خەتەردىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، بۇ ئەللەرنىڭمۇ داۋاملىق تۈردە خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك تەھدىدى ئاستىدا قالىدىغانلىقىنى ۋە خىتاينىڭ ھەتتا سوۋېت دەۋرىللىرىدىمۇ بۇئەللەردىن تۇپراق تەلەپ قىلغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقلىرىنى ياخشى ئاڭلىتىشىمىزلازىم.

مۇستەقىل، كۈچلۈك بىرشەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۇلارنىڭ قۇتقازغۇچىسى بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنى خىتاينىڭ تەھدىدىدىن قوغداپ قالالايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بۇئەللەر ئۈچۈن تەڭپۇڭلۇق بۆلگىسى بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ تارىختىمۇ ئەنە شۇنداق داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىلمىي ئىزدىنىشلار ئارقىلىق دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن چۈشەندۈرىشىمىز ۋە ئاڭلىتىشىمىز كېرەك. ئۇندىن باشقا يەنە، خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ قايسى سەۋەپلەر بىلەن بولسا بولسۇن، بۇئەللەرگە ئېقىپ كىرىشىگە چەك قويۇش كېرەكلىكىنى، ئۇنداق بولمىغاندا، قىسقا زامان ئىچىدە بۇ تۇپراقلاردا خىتايلارنىڭ سانىنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ سانىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردە خىتايغا بېقىنىپ قالىدىغان بىر ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىپ قالىدىغانلىقىنى تەكىتلىشىمىزلازىم. مېنىڭچە، خىتايلارنىڭ بۇرايونلاردا تۇپراق ۋە مال - مۈلۈك سېتىۋېلىشىنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك، يەنە شۇنداقلا خىتايلارنىڭ يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشىغا يول قويۇلماسلىقى لازىم. چۈنكى يۇقۇرىدا ئىپادە قىلىنغان مەسىلىلەر كەلگۈسىدە بۇ تۇپراقلارنىڭ خىتاينىڭ تەسىرداىرىسى ئاستىغا كىرىپ قېلىشىنى

ئاسانلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇلار خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياستىنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرى ۋە چاچقان دەسلەپكى ئۇرۇقلىرىدۇر، بۇمەسىلىلەرنى بۇئەللەرگە ياخشى ئاڭلىتىشتا، ئۇيەردە ياشاۋاتقان زىيالىيلىرىمىزغا، تەشكىلاتلىرىمىزغا ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا زور ۋەزىپىلەرچۈشىدۇ.

ھەربىر كىشىم ئۆپ - چۆرىسىدىكىلەرگە بۇلارنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ ئاڭلىتىشى ۋە بۇئارقىلىق كۆپچىلىكنى خەۋەرلەندۈرىشى كېرەك. بۇخىل دەسلەپكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرياخشى ئىشلىنىپ، بۇ قېرىنداش ئەللەر خىتاينىڭ كەلگۈسىدە ئۆزلىرىگە زور تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكىنىدە، ئاندىن ئۇلار بىزنىڭ مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىمىزگە قىزىقىدۇ ۋە ئۇنى قوللاشقا باشلايدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاش تۇتۇلغان يۇرتداشلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىنىڭ نىمەبولىدىغانلىقىغا پەرۋاقىلماي خىتاينىڭ ئامانلىق كۈچلىرىگە تەسلىم قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بىزنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسۈتىشىمىز بىلەن خىتايدىن ئىبارەت بۇسېرىق ئاپەتنىڭ خەتىرىنى بۇئەللەردىكى خەلقلەرمۇ ياخشى كۆرۈپ يېتىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ تەھدىت ئاستىدا ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يېتىشى لازىم.

## 5. كادروپېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيلەش

يۇقۇرىدا، كادرولىشىش مەسىلىسىدە يېتىشىسىزلىكلىرىمىزنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ۋە بۇخىل يېتىشىسىزلىكلەرنىڭ داۋايىمىزغا تەسىر كۆرسۈتۈۋاتقانلىقى ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدىم. بۇ يېتىشىسىزلىكلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ يولى ئەلۋەتتە تەربىيلىنىشتىن ئىبارەت. داۋايىمىزنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇشى ۋە تېخىمۇياخشى تونۇتۇلىشى ئۈچۈن، مەخسۇس تەربىيلەنگەن خادىملاردىن تەركىپ تاپقان بىر كادروغا (ھەيئەتكە) ئېھتىياجىمىزبار، مەخسۇس تەربىيلەنگەن كادرونىڭ مۇۋاپىقىيەت قازىنىش ئېھتىمالى تېخىمۇ يۇقۇرى بولىدۇ، ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى داۋاملىلىقا ئىگە بولىدۇ، قۇرۇلغان مۇناسىۋەتلەر، دوستلۇقلار ئاسانلىقچە ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، شۇنداقلا، داۋايىمىزنىڭ كىلەچەگى شەخىسلەرگە باغلىنىپ قالمايدۇ ۋە داۋا تېخىمۇ سېستىملىشىدۇ، مۇنتىزىملىشىدۇ.

داۋايىمىزنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك بولىشى ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تەلىم - تەربىيە ناھايىتى موھىم رول ئوينايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىزنىڭ، ياشلىرىمىزنىڭ ۋە باللىرىمىزنىڭ تەربىيلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزلازىم. خەلقىمىزنىڭ تەربىيلىنىش سەۋىيىسى قانچە يۇقۇرى بولسا، ھەركەت قىلىش كۈچى شۇنچە ئاشىدۇ ۋە ھەربىر ئىشتا ئىلمى قەدەم تاشلىنىدۇ. نۆۋەتتە مەيلى ۋەتەن ئىچىدە بولسۇن ياكى سىرتىدا بولسۇن، ئالى بىلىم ئېلىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن، خەلقىمىزنىڭ كۆپچىلىكنى تىجارەتچىلەر، ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار تەشكىل قىلىدۇ، ۋەتەن ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى بىلمەيمەن، ئەمما ۋەتەن سىرتىدىكىلەر ئارىسىدا بىر پايلاسوپ ياكى ئىدىلوگلىرىمىزيوق، ئىلمى بىرموھىتمۇيارىتالمىدۇق، بۇلارنىڭ كاملىقىنى ھەرزامان ھېس قىلىپ تۇرساقمۇ، ئەمما بۇدائىرىدە جېددىي قەدەملەر ئېتىلمىدى، بىزنىڭ بۇھەقتە ئاڭلىق ھالدا قەدەم تاشلىشىمىزنىڭ ۋاقتى - سائىتى تولۇپ ئاشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇھەقتە تېزىراق ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك. بىز باللىرىمىزنى

www.uyghurkitap.com

نىشانلىق هالدا تەربىيلەشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ئالىي مەلۇمات ئېلىشى ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىشىچە غەيرەت قىلىشىمىز لازىم.
قايسى ساھەلەردە بوشلۇقىمىزنىڭ بارلىقىنى ياخشى تەكشۈرۈپ چىقىپ، پۈتۈن كۈچىمىزنى شۇ ساھەلەرگە قارىتىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئەللەرنىڭ قانۇنىنى ۋە خەلقئارا قانۇنلارنى بىلىدىغان كىشىلەرگە ھەرزامان ئېھتىياجىمىز بار ۋە كەلگۈسىدە ئېھتىياجىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ. يەنە شۇنداقلا، بىرقانچە تىلنى ياخشى بىلىدىغان خادىملارغا ھەرزامان ئېھتىياجىمىز بار. ئەڭ قابىلىيەتلىك بىر ئىنسانمۇ ئەگەر تىل بىلمىسە خەلقئارا سەھنىلەردە قىلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۈمىت قىلغان دەرىجىدە پايدىلىق بولالمايدۇ. تەلىم - تەربىيە ھەققىدە بولۇپمۇ ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز تېخىمۇ پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ مەسئۇلىيەت چۈشىدۇ. بۇ مەسىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر كومىسسىيون قۇرۇپ چىقىپ، ئالدى بىلەن نەدە قايسى ساھەدە يېتىشكەن قانچىلىك خادىملىرىمىز بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۈرۈپ يېتىشمىز يەرلىرىمىزنى تولۇقلىشىمىز كېرەك، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ كەسپى تىزىملىكىنى تۈرگۈزۈپ چىقىپ، كەمچىل بولغان كەسپلەرنىڭ ئورنى تولدۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا كەمچىل بولغان كەسپلەرنى تالاپ ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بىرخىل كەسپتە يېتەرلىك دەرىجىدە خادىملىرىمىز باربولسا، يەنە بۇ كەسپتە خادىم تەربىيلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بىزگە ئوخشاش زاپاس كۈچى چەكلىك بولغان ۋە زور مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان بىر مىللەت ئۈچۈن، پىلانلىق ۋە قەدەمباسقۇچلۇق ھالدا ئىش ئېلىپ بېرىش ناھايىتى مۇھىم. ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان بىر كۈنى مۇستەقىللىققە ئېرىشىپ قالسا، ئەمدى ئىشىمىز تۈگىدى دەپ ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ يېتەلمەيمىز، ھەقىقى ئىشلىرىمىز ئەنە شۇ چاغدا باشلىنىدۇ ۋە دۆلەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن يېتىشكەن ئىختىدارلىق خادىملارغا ئېھتىياجىمىز تېخىمۇ كۆپ چۈشىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا بىز دۇنياغا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئىدارە قىلالايدىغانلىقىمىزنى، يۇرتىمىزدا بىرقالايمىقانچىلىق چىقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىشىمىز كېرەك. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ پايتەختلىرىدە ئىختىدارلىق، ھەرخىل تىللارنى ياخشى بىلگەن، دۇنيانى ياخشى چۈشەنگەن ئىلغار ۋە زامانىۋى ئاڭغا ئىگە ئەلچىلىرىمىز بولۇشى كېرەك ۋە مەملىكىتىمىزنى ئەڭ ياخشى دەرىجىدە تونۇتالىشىمىز لازىم، ئۇنداق قىلالمىساق، بىر ئاسارەتتىن قۇتۇلغىنىمىز بىلەن، يەنە بىر دەۋرنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىردىن ئېتىبارەن بۇنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىشىمىز كېرەك، ئۇنداق قىلمىساق، بىر كۈنى ۋەتىنىمىز تۇيۇقسىز ھالدا مۇستەقىللىققە ئېرىشىپ قالسا، ھازىرقى بەزى تۈركى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالىمىز ۋە باشقىلارنىڭ ئويۇنچىقىغا ئايلىنىپ قالىمىز، ئۇچاغدا ۋەتىنىمىزدە مافىيا، تەرتىپسىزلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ ۋە خۇددى ھازىرقى ئافغانىستاندىكىلەرگە ئوخشاش بىر - بىرىمىز بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىشىپ كېتىمىز. مېنىڭچە بۇ مەسىلەر ھازىردىن باشلاپ ياخشى ئانالىز قىلىنىشى، تارتىشىلىشى ۋە پىلانلىنىشى كېرەك. بۇ ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە تەربىيە كۆرگەن، يېتىشكەن ياش

زىيالىيلىرىمىز قىلىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، شۇڭا بىز بالىلىرىمىزغا ۋە ياشلىرىمىزغا ئىگە چىقىشىمىز، ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم، بۇئارقىلىق بىز ھەم ئۆزىمەجبۇرىيىتىمىزنى ھەم ۋەتەن - مىللەتكە بولغان ۋەزىپىمىزنى ئاداقىلىغان بولىمىز، يەنەشۇنداقلا كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن جىددىي كېرەكلىك بولغان خادىملارنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزغان بولىمىز.

## 6. ئىقتىسادىي مەنبەلىرىمىز ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش

ھازىرغا قەدەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىلان - تەدبىرلەرنىڭ، تەكلىپلەرنىڭ ۋە لاھىيەلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈربولغان ئامىللارنىڭ بىرى - ئىقتىساتتىن ئىبارەتتۇر. ئىقتىسادىي مەنبەلىرىمىزنى ھازىر قىلماي تۇرۇپ بۇ پىلانلىرىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايمىز. يەنى چەتئەللەردە شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن دوست - يارەن توپلاش، گېزىت - ژورنال نەشىرقىلىش، ۋەتەن بىلەن ئىشەنچلىك ۋە تېزخەۋەرلىشىش تورى قۇرۇپ چىقىش، چەتئەللىك ئالىملارغا ۋە مۇخبىرلارغا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە خەلقئارالىق كونفىرانسلار بەرگۈزۈش ۋە ماقالىلەر يازدۇرۇش... ۋە بۇئىشلارنى بېجىرىدىغان مەخسۇس ئىشخانىلارنى قۇرۇپ چىقىش ھەم بۇئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان بىرقانچە كىشىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش قاتارلىقلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىقتىسادىي مەنبەگە ئېھتىياجىمىزبار. ھازىرغا قەدەر تۈركىيىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى» نى ھېساپقا ئالمىغاندا، باشقا ئەللەردىكى تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىز ئۆز ئىمكانلىرىغا تايىنىپ، يەنى ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ يۇقارقى خىزمەتلەرنى ئورۇنداشقا تىرىشماقتا. بۇئىشنى قىلۋاتقان ئىنسانلار بىرتەرەپتىن ئىشلەپ تاپقان پۇلىنى ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا سەرىپ قىلسا، يەنەبىرتەرەپتىن داۋا ئىشلىرىغا سەرىپ قىلماقتا. ئەلۋەتتە ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن مال مۈلكىمىز تۇرماق ھەتتا جېنىمىزمۇ پىدا، ئەمما، ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتى ناچار بولغان ئىقتىدارلىق ئىنسانلىرىمىزدىن ئېخمۇ ئۈنۈملۈك دەرىجىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ماددى شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىشىمىز، ھېچ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى تەمىنلىيەلىشىمىزلازىم. ئەپسۇسكى تاكى ھازىرغا قەدەر بۇنداق بىرموھىت يارىتىلمىدى. قىلماقچى بولغان كۆپلىگەن ئىشلىرىمىز ماددى قىيىنچىلىقلارتۈپەيلىدىن ۋۇجۇتقا چىقمىدى. ئەگەر بىز داۋايىمىزنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇشىنى خالايدىغان بولساق، ئۇھالدا جەزمەن كەسپى ھالدا سېستىمىلىشىشقا يۈزلىنىشىمىز كېرەك، ئەگەر بىز ھازىرقى ھالىتىمىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق، ئۇچاغدا داۋايىمىزنى كۆزلىگەن نىشانغا يەتكۈزەلمەيمىز. شۇڭا جەزمەن ئىقتىسادىي كۈچىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ بىرفوند قۇرۇپ چىقىشىمىز ۋە بۇفوندا ئارقىلىق قىلىندىغان خىزمەتلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىشىمىزلازىم. مەسىلەن بىرقانچە ئەللەردە ئۇيغۇرچە گېزىت - ژورنال نەشىرقىلىۋاتىمىز، بۇلارنى چەتئەل تىللىرىدىمۇ نەشىرقىلىپ چىقىرىشىمىزلازىم. ھەر بىر دۆلەتتىكىلەر ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىدا، يەنى تۈركىيىدىكىلەر تۈركچە،

www.uyghurkitap.com

گېرمانىيىدىكىلەرنېمىسچە، ئامېرىكىدىكىلەرئەنگلىزچە، تۈركىي ئەللەردە ياشاۋاتقانلار شۇيەرنىڭ تىلىدا گېزىت - ژورنال نەشرقىلىشى كېرەك. بىزنىڭ بىردۆلەتتە بىرخىل تىلدا بىرقانچە گېزىت - ژورنال نەشرقىلىۋاتقانلىقىمىز ۋە يەنەكېلىپ ئۇنى ئۆز ۋاختىدا چىقىرالمىغانلىقىمىز، بىزنىڭ نەقەدەر چېچىلاڭغۇ ۋە كامتۇكلىكىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ھەر بىردۆلەتتە تەرتىپلىك نەشرقىلىنىدىغان، ئىلمى ۋە كۈچلۈك، تەتقىقات قىممىتى بولغان بىر ژورنال بولسا يېتىدۇ، ئەگەر ھەربىرىمىز ئۆزئالدىمىزغا بىردىن نەرسە نەشر قىلغىلى تۇرساق، ھازىرقى مەۋجۇت كۈچىمىزنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىمىز.

نوپۇزلۇق بىر فوندىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئىقتىسادىي ئىمكانىيىتى ياخشى بولغان يۇرتداشلىرىمىزغا زورۋەزىپىلەرچۈشىدۇ. بۇيۇرتداشلىرىمىز، بولۇپمۇ زاۋۇت - فابرىكىللىرى ۋە سوداشىركەتلىرى باربولغان باي يۇرتداشلىرىمىز ئۆزئىقتىسادىنى بىزنىڭ بۇساۋاپلىق، بۈيۈك داۋايىمىزغا سەرىپ قىلىشتىن باش تارتماسلىقى ۋە يۇرتىمىزنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشى ئۈچۈن ياردەملىرىنى ئايىماسلىقى كېرەك. ئەلۋەتتە ئومومنىڭ ئىقتىسادىنى قوللىنىدىغان شەخسلەرمۇ ھەرزامان مىللەتكە ئوچۇق ھېساپ - كىتاپ بېرىشكە ھازىرتۇرۇشى كېرەك.

دىمەك ئىقتىسادىي كۈچىمىزچەكلىك ئىكەن، شۇڭا بۇندىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنى ياخشى ئويلىنىپ، ئەتراپلىق پىلانلاپ، قۇرۇق ھاياجانغا بېرىلمەي، مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىش نىسبىتى يۇكسەك ھالدا ئېلىپ بېرىشىمىزلازىم، ئۇنداق قىلمىساق، شامالغا مۇش ئاتقان بولۇپ قالىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ بىرەرمەنسەپكە ياكى مەنپەئەتكە ئېرىشىشىمىزئۈچۈن ئەمەس، بەلكى داۋايىمىزنىڭ تەرەققى قىلىشى ۋە خەلقئارالىق بىرنوپۇزغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ھەرخىل پىداكارلىقلاردىن قاچماسلىقىمىزلازىم.

## 7. دۈشمىنىمىزنى ياخشى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈچلەردىن پايدىلىنىش

ئەسىرلەردىن بۇيان بىزنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىمىز- خىتايلاردىن ئىبارەت بولدى، شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاينى ياخشى بىلىشىمىز ۋە ئەتراپلىق ئانالىزقىلىشىمىز كېرەك، دۈشمىنىمىزنى تونىماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ پىلانلىرىنى، ئوي - مەقسەتلىرىنى، كەلگۈسى پىلانلىرىنى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچىنى ، دۇنيادىكى نوپۇزىنى ياخشى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۈرەش قىلىمىز؟ مېنىڭچە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەلىرىنى ۋە كىرىملىرىنى ياخشى بىلىشىمىز، بۇلارنىڭ قانچىلىك قىسمىنىڭ بىزنىڭ تۇپراقلىرىمىزدىن تالان - تاراج قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇئىقتىساتلارنىڭ قانچىلىك قىسمىنىڭ بىزگە سەرىپ قىلىنغانلىقىنى ئىگەللەپ چىقىشىمىز، تىبەت ۋە موڭغۇلىستاندىن نىمىلەرنى ئېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلارغا نىمىلەرنى بېرىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا، تىبەت ۋە موڭغۇلىستاندا خىتايغا قارشى قانداق كۈرەش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ ۋە تاشقى دۇنيادا قانداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ داۋاسى قانداق بىرباسقۇچقا بېرىپ يەتتى؟ بۇلارنى ياخشى ئىگەللەپ چىقىشىمىزلازىم. يەنەشۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىزگە قارىغاندا ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە يېتىشسىزلىكلىرى قايسى؟ ۋە ئۇلاربىلەن قايسى ساھەلەردە ھەمكارلىق ئېلىپ بارىمىز؟ بۇلارنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. خىتايدىكى دېموكراتىك

ھەرىكەتلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىرىنى ياخشى بىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى توغرا مۆلچەرلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ بىزلەرھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا كۆرە سىياسەت بەلگىلەپ چىقىشىمىز ۋە بۇ كۈچلەردىن تولۇق دەرىجىدە پايدىلىنىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. چۈنكى ۋەتىنىمىز مۇستەقىللىققە ئېرىشسە، خوشنىمىز يەنىلا خىتاي بولىدۇ، بىز خالىساق - خالىمىساقمۇ خىتاي بىلەن ئالاقىمىزنى كېسەلمەيمىز، چۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ سودا بازىرى بولغان خىتاي بىزنىڭ خوشنىمىزغا ئايلىنىدۇ. بۈگۈن ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىقلار بۇ چوڭ بازارغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن بىر- بىرلىرى بىلەن جىددىي رىقابەتلەشمەكتە، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىزمۇ بەشمىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ خوشنىمىز بىلەن سودا ئالاقىسى قىلماي تۇرالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز خىتاينى ھەرتەرەپلىمىلەپ (ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەمۇرى، سىياسىي كۈچى، خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى قارشىلىق كۆرسىتىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالى، مىللىي تەركىبى، باي ئۆلكىلىرى بىلەن نامرات ئۆلكىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ- قارشىلىقلار، تەيۋەن ۋە ۋېيتنام قاتارلىق ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، خىتاينىڭ شەرقىي - جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىنى تەسىرى ئاستىغا ئېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى) ياخشى تەھلىل قىلىپ، مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىزنى ۋەزىيەتكە كۆرەئېلىپ بېرىشىمىز. سېستىمىلىق مۇجادىلە قىلىش دىگەنلەر مانا مۇشۇلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

مانا شۇلارنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» تەشكىلاتى ئەركىن ئالپتېكىن ئەفەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە تىبەت ۋە موڭغۇللار بىلەن ھەمكارلىشىپ كەلگەن ئىدى، بۇھەمكارلىق تورىغا 1997 - يىلى چەتئەللەردىكى دېموكراتىك خىتاي كۈچلىرىمۇ قوشۇلدى ۋە 97 - ۋە 98 - يىللىرى بۇ تۆت تەرەپنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۆۋەتلىك يىغىنلىرى چاقىرىلدى، بۇجەرياندا خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرى تارىختا تۇنجى قېتىم ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئۇلارھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىغا ئەمەل قىلىدىغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان كېلىشىمنامە ماددىسىغا ئىمزائاتتى. چۈنكى بۇرۇن دېموكراتىك خىتايلار بىرلەشمە نامايىش ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، بىزدىن مۇستەقىللىق سىموۋۇل قىلىنغان لوزۇنكا ۋە بايراقلارنى كۆتۈرۈپ چىقماسلىقنى تەلەپ قىلغىنى ئۈچۈن، بىزئۇلارنىڭ بىرقانچە قېتىملىق بىرلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىش تەكلىۋىنى رەت قىلغان ئىدۇق. بىزمۇ ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنى ئۇلارغا تونۇتۇشىمىزلازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن دىيالوگ قۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە بۇخىل دىيالوگلاردىن بىزگە بىر زىيىنى كەلمەيدۇ ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىزمۇ شۇ نۇختىنى ياخشى بىلىمىزكى، ھېچقانداق بىرخىتاي، مەيلى ئۇ دېموكرات بولسۇن، كوممۇنىست بولسۇن ياكى كاپىتالىست بولسۇن، بىزگە مۇستەقىللىقىمىزنى بېرىشنى ئاسانلىقچە خالىمايدۇ، بىز بۇ نۇختىنى ياخشى تونۇپ يەتكەن ھالدا بىرچىقىش يولى تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ دېموكراتىك خىتايلار بىلەن بولغان دىيالوگىمىز بىزنى ئەينى ھاسىپتا خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ ۋە يوللۇق قىلىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈنكى خەلقئارا تەشكىلاتلار بىزگە، خىتاي دېموكراتىيىگە ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا ۋەزىيەتنىڭ ئۆكۈشلىدىغانلىقىنى ۋە بېسىملارنىڭ يوقۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا ۋە خىتاي دېموكراتلىرىنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوشاش دەپ قارىماقتا ۋە بىزگە دېموكراتىك خىتايلار بىلەن دىيالوگ قۇرۇشنى تەكلىپ قىلماقتا. ئەمما خەلقئارا تەشكىلاتلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا دېموكراتىك خىتايلارنىڭ غەرىپ دېموكراتلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ۋە خىتايلارنىڭ دېموكراتىيىنى پەقەت خىتاي مىللىتى ئۈچۈنلا چۈشۈنىۋاتقانلىقىنى ۋە باشقا مىللەتلەرگە كوزىيۇمىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتتى. بۇئەھۋال ئەلۋەتتە بىزگە پايدىلىق بولۇپ، ياۋروپالىقلارئالدىدىكى ئابرويىمىزنى كۆچەيتمەكتە.

تىبەت ۋە موڭغۇللاربىلەن تەقدىرىمىز ئوخشايدۇ، داۋايىمىزمۇ بىر، بۇمىللەتلەر بىلەن ياۋروپادا ھېچقانداق ئىختىلاۋىمىزيوق، ھەرقايسىسى بىر- بىرىگە قولىدىن كېلىشچە ياردەم قىلىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتىكى، بۇئۈچ مىللەتنىڭ بىردۈشمەنگە قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى - يەككە ھالدا ئېلىپ بارغان مۇجادىلىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، ئۈچ مىللەتنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىريەرگە خىتاي ھەققىدە شكايەتنامە سۇنۇشى، يالغۇز سۇنغانغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىشەنچلىك ۋە تەسىرلىك بولىدۇ. دالاي لامانىڭ تاشقى دۇنيادىكى تەسىرىنى ئۈنۈتماسلىقىمىز لازىم، ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر بىزگە پايدىسى تەگسە تەگدىكى - زىينى تەگمىدى، يەنە شۇنداقتىمۇ بىزئۇلارغا باغلىنىپ قالغىنىمىز يوق ۋە ئۆزىمىزنىڭ قارارىنى ئۆزىمىز بېرىۋاتىمىز.

بىزنىڭ بىردىن بىر غايىمىز - مىللىي مۇستەقىللىقتىن ئىبارەتتۇر، بىز بۇغايىمىزگە چوقۇم يېتىمىز ۋە بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز چەكسىزدۇر.

## خۇلاسە

يۇقۇردا بايان قىلىنغانلارنىڭ، تەنقىت قىلىنغان، تەكلىپ قىلىنغان مەسىلىلەرنىڭ ۋە كۆرسىتىلگەن يول ۋە ئۇسۇللارنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى ۋە مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن، يېتىشكەن قوشۇنغا، ئىختىساتقا، تاشقى جەھەتتىكى قوللاشقا، تەشۋىقاتقا ئېھتىياجىمىز بولۇشى بىلەن بىرگە، بىرلىك - باراۋەرلىككە ۋە ئورتاق مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن بىريەرگە جەم بولۇشىمىزغا ئېھتىياجىمىزبار. چېچىلاڭغۇ، تارقاق، بىر- بىرىمىزدىن خەۋەرسىز ۋە بىر- بىرىمىزگە ساھېپسىزھالدا ھەرىكەت قىلىشىمىز - تاشقى دۇنيادا بىزگە ناچار تەسىر ئېلىپ كەلمەكتە ۋە داۋايىمىزغا پۈتلىكاشاڭلىق قىلماقتا. بىزگە ياردەم قىلىشنى ئىستىگەنلەرنىڭ كىم بىلەن سۆزلىشىشنى بىلەلمەي قېلىشى ياكى بىر مۇنچە شەخس ياكى تەشكىلات بىلەن سۆزلىششكە مەجبۇرقېلىشى ۋە بۇشەخسلەرنىڭ ئۆزئالدىغا ھەرخىل پىكىر ۋە ئۇسۇللار بىلەن ھەرىكەت قىلىشى بىزنى ئاجىزلاتماقتا ۋە تاشقى دۇنيادا بىرلىكىمىزنىڭ يوقلۇقىنى، تەييارلىقسىز ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزئىدارەقىلىشتا تولىمۇ ئاجىزھالدا ئىكەنلىكنى ئاشكارقىلاپ بەرمەكتە. ئەڭ ئاددىسى، 50 يىلدا بىرقېتىم بولسىمۇ تاشقى دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار بىرەر قېتىممۇ ئەينى كۆندە بىرلا قېتىم 10 - 15خىتاي ئەلچىخانىسىغا نارازىلىق خەتلىرى يوللىيالمىدى. پاكىستاندا، قازاقىستاندا ۋە قىرغىزىستاندا يۇرتداشلىرىمىز قولغا چۈشۈپ

قالسا، بۇدۆلەتلەرگە قارىتا بارلىق تەشكىلاتلىرىمىز بىرلاۋاقىتتا ئوخشاش ھەرىكەتكە ئۆتەلمىدى. بۇ، بىزنىڭ چېچىلاڭغۇلىقىمىزنىڭ بىر ئۆرنىكىدۇر. بۇدايىمىزنى يولىغا سېلىش ئۈچۈن بىرىيەرگە جەم بولۇشىمىز، پىلانلىق، قەدەمباسقۇچلۇق ھالدا بىرستراتىگىيە ۋە ئۇسلۇپتا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بولۇپ ئاشتى، ئەگەر بىز بۇنىڭ ۋابالىغا قېلىشنى خالىمساق، تېزىرەك ھەرىكەتكە ئۆتۆشىمىزلازىم. چۈنكى ۋەتىنىمىز پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بىرسائەتلىك بومبا ھالىغا كەلدى، بۇ بومبا پارتلاشتىن بۇرۇن بىزمۇ تەييارلىقلىرىمىزنى پۇختا قىلىشىمىز ۋە بۇ پارتلاشنىڭ دۇنياغا ياخشى تونۇلۇشى، تۆكۈلگەن قانلارنىڭ ، بېرىلگەن جانلارنىڭ، قىلىنغان پىداكارلىقلارنىڭ بىكارغا كەتمەسلىكى ئۈچۈن ھەرخىل تەدبىرلەرنى ئېلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ تاشقى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى ئورنۇتۇپ، خەۋەرمەنبەلىرىمىزنى راۋانلاشتۇرۇپ، دۇنيا مەتبۇئاتلىرىنى بۇنىڭغا ھازىر ھالغا ئېلىپ كېلىشىمىز ۋە بىرتەن - بىرۋۇجۇت بولۇشىمىز كېرەك.

ھۆرمەتلىك كىتابخانلار ۋە قەدىرلىك يۇرتداشلار، ماقالامنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكۈنۈمدەك، مېنىڭ مەقسىدىم بىرسىنى تەنقىتلەش ياكى چۈشۈرۈش ئەمەس، پەقەتلا كۆرگەنلىرىمنى، ھېسقىلغانلىرىمنى ۋە خەلقىمىزنى ھەققى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىشتىن ئىبارەت، شۇڭا، بۇ ماقالامنى ئوقۇغىنىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ قاراشلىرىنىمۇ دەگىسەپ كۆرۈڭ، بەلكى ئوخشاش نۇختىللىرىمىز كۆپتۇر. يۇقارقىلار پەقەتلا شەخسى قاراشلىرىمدىن ئىبارەت، ئەلۋەتتىكى داۋايىمىزغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ مەن ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن ياكى كۆرەلمىگەن قىممەتلىك پىكىرلىرى باردۇر، مەن ئۇلارنىڭ بۇقاراشلىرىنى ئىگەللەشنى ۋە بۇئارقىلىق ئۆزەمنىڭ نەزەردائىرەمنى كېڭەيتىشنى ئارزۇقىلىمەن، بەلكىم كېيىنچە پىكىرلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ كىتاپ قىلىپ چىقارمىز، بۇھەقتە قاراشلىرىنى بايان قىلىشنىخالىغانلارنىڭ ماقالامنىڭ ئاخىرىدىكى ئادرېس ئارقىلىق مەن بىلەن ئالاقىلىشىشنى سەممىي ئۈمىت قىلىمەن.

مەن قىرىق يىللىق ھاياتىمنىڭ 37 يىلىنى ئاسارەت ئاستىدىكى ۋەتىنىمدىن يىراق تاشقى دۇنيادا ئۆتكۈزگەن، ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بىرئۇيغۇر ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەزىز ۋەتىنىمنىڭ تېزىرەك مۇستەقىللىققە ئېرىشىشنى ۋە ئىلغار دۇنيادا تېگىشلىك يېرىنى ئېلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ھەربىرلىرىنى بۇ مۇقەددەس داۋايىمىزغا بىرنىيەت، بىرمەقسەت ۋە تەك ۋۇجۇت بىلەن ئاتلىنىشقا دالالەت قىلىمەن.

(1998 - يىل 11 - ئاي . گىرمانىيە)

ئادرېسىم:

Asgar Can
St.Blasien str. 2
D- 80809 München
Germany

# خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلىرى جەدۋىلى

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئاپتونوم ئوبلاست بەش | ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر15 | شەھەرگە قاراشلىق رايون 11 | يېزا 670 |
| ۋىلايەت مەككىز | ناھىيە 64 | رايونلۇق مەھكىمە 12 | مىللىي يېزا 42 |
| ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر ئىككى | ئاپتونوم ناھىيە ئالتە | بازار 132 | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى 116 |

| | |
|---|---|
| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە، رايونناملىرى | قاراشلىق رايون، بازار، يېزا، مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى، رايونلۇق مەھكىمە |

| | | |
|---|---|---|
| ئۈرۈمچى شەھىرى | «تەڭرىتاغ» رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: قارلىغاچلىق، «غالىبىيەت» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «جەنۇبىي ئازادلىق» كوچىسى، «تىنچلىق» كوچىسى، «شىمالىي ئازادلىق» كوچىسى، دۆڭكۆۋرۈك، «شىمالىي شىنخۇا» كوچىسى، «جەنۇبىي شىنخۇا» كوچىسى، «ياشلار» كوچىسى، ئۇلانباي، «بەخت» كوچىسى |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | سايباغ رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «چاڭجىياڭ» كوچىسى، خوتەنگەي، «ياڭزىجىياڭ» كوچىسى، «جەنۇبىي دوستلۇق» كوچىسى، «1 - ئاۋغۇست» كوچىسى، لۈيەنگەي، شىمەن، يامالىق تېغى، «شىمالىي دوستلۇق» كوچىسى |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | تودۇڭخابا رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: تۇدۇڭخابا، غەربىي پويىز ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى - سانجى كوچىسى، ۋاڭجىياگۇ |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | شىمىگو رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: شىمىگۇ، ليۇداۋان، ۋېيخۇلياڭ، «يېڭى خەلق» كوچىسى، باداۋان |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | يېڭىشەھەر رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «بېيجىڭ» كوچىسى، ئەرگۈڭ، سەنگۇڭ، يېڭى نېفىت كەنتى، «مېھمان كۈتۈش» كوچىسى، شىمالىي ۋۇگزال، «شەرقىي قەشقەر» كوچىسى |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | نەنسەن كان رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: ئىبۇرغول، شىگخو |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | دۆڭسەن رايونى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: كازىۋەن، دىباڭ، نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى؛ يېزا: لۇساۋگۇ |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | ئۈرۈمچى ناھىيىسى | بازار: داۋانچىڭ؛ يېزىلار: دۆڭگۇ، شىگۇ، ئاقسۇ، داۋان، چىداۋان، ئەرگۇڭ، دۇۋرېۇ، ئەنچۇ، چىڭگىداخۇ، سىشىخۇ، ليۇشىغۇ، سارداۋان، يۇڭفىڭ، گەنگۇ، شياۋچوزى، بەنفاڭگۇ، شۈيشىگۇ، سەيۇۋىۇ، تولى |
| | قاراماي شەھىرى | رايونلار: قاراماي، جەرەنبۇلاق، مايتاغ، ئورخو؛ يېزىلار: ئورخو، شوگەي؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «تەڭرىتاغ» كوچىسى، «غالىبىيەت» كوچىسى، «55» يېڭى بازىرى، ئاقبۇلاق، جىنلۇڭ بازىرى، تافىتەڭ بازىرى |
| | شىخەنزە شەھىرى | يېزا: شىخەنزە؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: يېڭىشەھەر، شياڭياڭ، خۇڭشەن، كونا بازار |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | كۈيتۇڭ شەھىرى | مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «شەرقىي ئۈرۈمچى» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، «غەربىي بېيجىڭ» كوچىسى، «غەربىي ئۈرۈمچى» كوچىسى، پويىز ئىستانسىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى / ئىلى ۋىلايىتى | غۇلجا شەھىرى | يېزىلار: خەنبىڭ، تاشكۆۋرۈك، قارادۆڭ، كىپەكيۈزى، توغراق، بايانداي، يېڭىيەر؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: سايبويى، چوڭكۆۋرۈك، دۆڭمەھەللە، ھەرەمباغ، دۆلەتباغ، قازانچى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى / ئىلى ۋىلايىتى | غۇلجا ناھىيىسى | بازارلار: جىلىلىيۈزى، دۆڭمازار؛ يېزىلار: دادامتۇ، پەنجىم، تورپانيۈزى، خۇدىيار يۈزى، موللاتوختىيۈزى، سادىقيۈزى، چۆلۈقاي، ئونيار، مازار، قاش، سامىيۈزى، ئۇيغۇر ئۆچۈن، بايتوقاي، يېڭىتام، ئارائۆستەڭ، قارايافاچ، ئەۋلىيا، ئۆچۈن خۇيزۇ يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى / ئىلى ۋىلايىتى | قورغاس ناھىيىسى | بازارلار: سۈيدۈڭ، چىڭسىخوزا؛ يېزىلار: لەڭگەر، ساندۇخوزا، ساربۇلاق، كۈرە، داشگۈر، لوسىگۇڭ، ئىچكاشەن شىبە يېزىسى، سەنگۇڭ خۇيزۇ يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى / ئىلى ۋىلايىتى | نىلقا ناھىيىسى | بازار: نىلقا؛ يېزىلار: سۇپتاي، قاراسۇ، ياقا ئۇلاستاي، نىلقا ئۆزەن، ئۇلاستاي، كىبلەڭ، قاراتۆپە، قوجورتاي، مىس، كۆكخوتخور موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى / ئىلى ۋىلايىتى | موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | بازار: موڭغۇلكۈرە؛ يېزىلار: خونۇقاي، ئاقدالا، ئۆزۈنبۇلاق، قاشايار، سارقوجو، قاراسۇ، چاغان ئۇسۇ موڭغۇل يېزىسى، شوتا قىرغىز يېزىسى، خوسۇمتۇخارسۇن موڭغۇل يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى / ئىلى ۋىلايىتى | تېكەس ناھىيىسى | بازار: تېكەس؛ يېزىلار: كۆكسۇ، چىلۆزەك، چولاقتېرەك، قارادالا، قاراتوقاي، خۇجىرتى موڭغۇل يېزىسى، كۆكتېرەك قىرغىز يېزىسى |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى / ئىلى ۋىلايىتى | توققۇزتارا ناھىيىسى | بازار: توققۇزتارا؛ يېزىلار: مۇخور، جىرغىلاڭ، ئاغارسىن، دۆڭمەھەللە، تاشتۆپە، تىككىبىرىق، ئاقتوبەك |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى / ئىلى ۋىلايىتى | كۈنەس ناھىيىسى | بازارلار: كۈنەس، زېكتى؛ يېزىلار: بەشتۆپە، ئارالتۆپە، كەڭسۇ، تالدى، نارات، قارابۇرا، ئالمالى، تورگېن |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى / ئىلى ۋىلايىتى | چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | بازارلار: چاپچال، ئايشىن سىرى؛ يېزىلار: سۈنجاچىنرۇ، ناداچىنرۇ، جاقۇچىنرۇ، كان يېزىسى، فوغونچى، قاينۇق، جافستاي، چوڭ بوغرا، دۈيچىنرۇ، چوقۇر، ئاشكىقبۇلاق خۇيزۇ يېزىسى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | تارباغاتاي ۋىلايىتى | چۆچەك شەھىرى | يېزىلار: ئەرگۈلەك، ئېمىل، قاراقاپاق، چاشا، ئابدىرا، ئاشلىقبۇلاق، ئاشلى دافۇر يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: تىنچلىق، دۆبىلەك، يېڭىشەھەر |
| | | دۆربىلجىن ناھىيىسى | بازار: دۆربىلجىن؛ يېزىلار: شەھەر ئەتراپى يېزىسى، شاڭخۇ، ئۈس، قاراسۇ، قارائېمىل، جىلىئاغاش، مارالسۇ، كۈرتى، كۆرە، ئېمالغولىن موڭغۇل يېزىسى، خوجىرتى موڭغۇل يېزىسى |
| | | چاغانتوقاي ناھىيىسى | بازار: قارابۇرا؛ يېزىلار: قارابۇرا، جاڭاجەر، جىيەك، ئالتۇن ئېمىل، جىگىس |
| | | تولى ناھىيىسى | بازارلار: تولى، تېمىرتام، ئۈت؛ يېزىلار: دولاتى، ئاقبىلدىۋ، كۆپ، ئۆرشۆلت |
| | | شىخو ناھىيىسى | بازارلار: شىخو، خاتۇبۇخ، بەيياڭگو، خۇاڭگۇلەك، چېپېيزە؛ يېزىلار: باشىسىخو، جۇجيەنلۇ، شىخو، شىداگو، گەنخوزا، خوماليالڭ، چىگىشور، جاخوزا، ئاشكۆۋرۈك، تۇتەي، جىرگىلتى موڭغۇل يېزىسى، تابلىغات موڭغۇل يېزىسى |
| | | ساۋەن ناھىيىسى | بازار: ساندوخوزا؛ يېزىلار: دۇڭۈەن، شىگوبى، باجاخو، ئۇلانئۇس، قورغاس، داچۈەن، يەنىسخەي، يۈەنشىڭگۈلەك، بورتۇڭگې، كوناساۋەن، سىداۋخوزا، شاڭخۇدى، ليۇماۋۈەن |
| | | قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | بازارلار: قوشتولغاي، قوبۇقسار؛ يېزىلار: شازغەت، تېبكىن ئۇسان، چاغانكۆل، بايىن ئوبا، مۆتكې |
| | ئالتاي ۋىلايىتى | ئالتاي شەھىرى | بازار: بېيتۈن؛ يېزىلار: خوڭدۇلەك، ئاۋبيتان، شىبىرشىبەك، ئالاقاق، قاراشىلىك، سارخولسۇن، بالباغاي، شىركىشى، قاندىغايتى موڭغۇل يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «ئالتۇنتاغ» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى، شەھەر ئەتراپى رايونى |
| | | قابا ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: سارتام، جابىلما، ساربۇلاق، تېرەكتى، كۆلباي، جىبار |
| | | بۇرچىن ناھىيىسى | بازار: بۇرچىن؛ يېزىلار: ئويماق، دۆۋلەيتى، قومتىق، چوڭقۇر، ئېگىز تۆپە، قومقاناس موڭغۇل يېزىسى |
| | | جېمىنەي ناھىيىسى | بازار: توپتېرەك؛ يېزىلار: توپتېرەك، توست، شالشىقاي، قارجاۋ، بەستېرەك |
| | | بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | بازار: بۇرۇلتوقاي؛ يېزىلار: جېتىئارال، كۆكئاغاش، شىغانجىيدە، قارامغاي، ئاردا |
| | | كۆكتوقاي ناھىيىسى | بازارلار: قوئېرتىش، كۆكتوقاي؛ يېزىلار: تۈرغۇن، قاراتۇڭكې، كۈرتى، قارابۇلغىن، دۆرې، تېمېكى |
| | | چىڭگىل ناھىيىسى | بازار: چىڭگىل؛ يېزىلار: چاغانغول، سارتوقاي، ئارال، ئاغاشئوبا، ئارالتۆبە |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | | بورتالا شەھىرى | بازارلار: شويىڭپەن، دالتۇ؛ يېزىلار: چىندېل، ئۈتبۇلاق، بېلىن خارمۇدۇن؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: چىندېل، كۆلۆمتۇ، كىرگىنزو، سايرام، چىڭدالا، بورتالا پويىز ئىستانسىسى، «شەرق شامىلى» كوچىسى |
| | | جىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئۈتەي؛ بازارلار: جىڭ، داخىيەنزە؛ يېزىلار: ماندانبۇلاق، تولى، تودوگ |
| | | ئارشاڭ ناھىيىسى | بازارلار: بۆگدۆر، خاربوخ؛ يېزىلار: ئاڭگىلىگ، چاغانتوڭگې، ئاشۇ، زالمۇت |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | | سانجى شەھىرى | بازار: ليۇخۇاڭگۇ؛ يېزىلار: سەنگۇڭ، ئەرليۇگۇڭ، يۈشۇگۇ، داشىجۇ، دىيەنبا، يىنخۇ، ليۇگۇڭ، ئاشلى قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: كونا شەھەر، «شىمالىي يەنئەن» كوچىسى، «جەنۇبىي يەنئەن» كوچىسى، شەھەر ئەتراپى رايونى |
| | | مىجۈەن ناھىيىسى | بازارلار: گۇمۇدى، تىيەنچاڭگو، چاڭسەنزە، سەندوبا؛ يېزىلار: ياڭماۋگۇڭ، بەيياڭخې قازاق يېزىسى |
| | | ماناس ناھىيىسى | بازارلار: ماناس، لوتۇيى، باۋجيادەن؛ يېزىلار: تۇگۇڭ، لياڭجىزخو، گۇاڭدۇڭدى، لەنجۇۋەن، بەيۇۋچا، ليۇخۇدى، چىندىخوزا قازاق يېزىسى، تاسىرقاي قازاق يېزىسى، خەنكازىتەن قازاق يېزىسى |
| | | قۇتۇبى ناھىيىسى | بازارلار: قۇتۇبى، دافېڭ، چۆرگۈل؛ يېزىلار: ئەرشىلىدەن، باغچى، ۋۇگۇڭتەي، تاشپەلەمبەي قازاق يېزىسى |
| | | فۇكاڭ شەھىرى | بازار: گەنخېزا؛ يېزىلار: بازار، جيۇيۈنگەي، زىنجىۇنزە، سەنگۇڭخې قازاق يېزىسى، ئاققۇل قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «يېڭى فۇكاڭ» كوچىسى، «بوغدا» كوچىسى، «شەرقىي جۇڭغار» كوچىسى |
| | | جىمسار ناھىيىسى | بازارلار: جىمسار، سەنتەي؛ يېزىلار: ئەرگۇڭ، بېيتىڭ، لاۋتەي، چىڭياڭخۇ، شىندى، دايۇ، جۈەنزىگەي |
| | | گۇچۇڭ ناھىيىسى | بازارلار: گۇچۇڭ، لاۋچىتەي؛ يېزىلار: بەنجيېگو، بىليۇخې، جىيىكى، دۇڭۈەن، شىيىۋەن، شىدى، كارىز، گۇچۇڭ، چىخو، سەنگىجاڭزا، ۋۇماچاڭ قازاق يېزىسى، چورىن قازاق يېزىسى، داچۈەن تاتار يېزىسى |
| | | مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: مورى؛ يېزىلار: ئېنگىنبۇلاق، شىخىر، دۇڭچېڭ، جاۋبىيەن، شىنخۇ، چۆرىن، بەيياڭخې، جىرقىپارتاش، دانەنگو ئۆزبېك يېزىسى |
| تۇرپان ۋىلايىتى | | تۇرپان شەھىرى | بازارلار: چىچان، داخېيەن؛ يېزىلار: يار، ئاستانە، قاراغوجا، ئايدىڭكۆل، چاتال، سىڭگىم، ئۈزۈمچىلىك؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «كونا شەھەر» كوچىسى، «شىدىۋت» كوچىسى |
| | | توقسۇن ناھىيىسى | بازارلار: توقسۇن، كۇمۇش، كۆجەي؛ يېزىلار: شاھ يېزىسى، كۆلبويى، ئىلالىق، بوستان |
| | | پىچان ناھىيىسى | بازارلار: پىچان، لۈكچۈن، پىچان پويىز ئىستانسىسى؛ يېزىلار: پىچان، چىقتىم، لەمجىن، دالانكارىز، دىغار، تويۇق، دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسى |

| | | |
|---|---|---|
| قۇمۇل ۋىلايىتى | قۇمۇل شەھىرى | بازارلار: ياماسۇ، بەتتە قۇدۇق؛ يېزىلار: تاشۆيلۈق، تەڭرىتاغ، قوشقۇدۇق، يۇلغۇنتوغراق، پالۋانتۇر، شەمۇرنچى، راھەتباغ، بوغاز، ئاستانە، قارادۆۋە، غەربىي تاغ، ئاقتاش، شەھەر ئەتراپى يېزىسى، ئىبدىر، دەۋەلدۆرۈك قازاق يېزىسى، ئۇلاتاي قازاق يېزىسى؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: شەرقىي ئۆستەڭ رايونى، غەربىي ئۆستەڭ رايونى، يېڭىشەھەر رايونى |
| | ئاراتۇرۈك ناھىيىسى | بازار: ئاراتۇرۈك؛ يېزىلار: نوم، ئاداق، باي، تۇركۆل، تۇغۇلۇ، نېرىنكىر قازاق يېزىسى |
| | باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | بازارلار: باركۆل، بورچۇنچى؛ يېزىلار: سارچوقا، كۆلياقا، شىيالوبا، داخې، كوكيىسۇ، شىرىنزا، خۋايۇەن، سەنتاڭخۇ، چوڭ قۇلۇنچەرى، باچاڭزى |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | كورلا شەھىرى | بازارلار: تېكىچى، چارباغ، پۇخۇي، ئاۋات، تۆۋۈرچى، قوشئېرىق، قارايۇلغۇن، لەڭگەر، يېڭىشەھەر، شاڭخۇ؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: كورلا، «تەڭرىتاغ»، تاشدەن، يېڭىشەھەر، «ئىتتىپاق» |
| | خېجىڭ ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: باينبۇلاق؛ بازارلار: خېجىڭ، بالغونتاي؛ يېزىلار: نەمىنمودون، شەلمىر بوخ، خارمودون، بارۇن خارمودون، كىرغوت، ئالغۇ، ئۇلجىتسۇل، باياننول، بايانئۇل، كۈنگۈسىنغول |
| | خوشۇت ناھىيىسى | بازار: تېۋىلغا؛ يېزىلار: چۇقۇ، تاغارچى، سوخاتۇ، نەرىنكىر، ئۇششاقتال خوبۇز يېزىسى |
| | باغراش ناھىيىسى | بازار: باغراش؛ يېزىلار: تابانجوكۈن، بومبوت، ئۇلانجېكسىن، چاغاننۇر، چېكىننۇر، باغراش |
| | بۈگۈر ناھىيىسى | بازار: بۈگۈر، جەنۇبىي بۈگۈر؛ يېزىلار: دادۇلان، قاراباغ، چۆمباق، ئاقبۇلاق، يېڭىسار، چېدىر، سوغۇ، تارلاق، تېرەك بازار، ئەشمە |
| | لوپنۇر ناھىيىسى | بازار: لوپنۇر؛ يېزىلار: تارىم، شىڭپىڭ، «ئىتتىپاق»، دۆڭقوتان، قارچوغا، ئاقسوپى، گۈلباغ |
| | چاقىلىق ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: چىمەن؛ بازارلار: چاقىلىق، يېتىمبۇلاق؛ يېزىلار: تىكەنلىك، ئوتام، ۋاششەرى، تۆمۈرلۈك، چىمەنتاغ |
| | چەرچەن ناھىيىسى | رايونلۇق مەھكىمە: ئاچچان؛ بازار: چەرچەن؛ يېزىلار: ئارال، چوڭكۆل، توغراقلىق، باغئېرىق، يېڭىئۆستەڭ، ئاق تىكەندۆڭ، قوشساتما، تاتىراڭ، ئاچچان، قورامىلىق، ئويبايلاق |
| | يەنجىسى خوبۇز ئاپتونوم ناھىيىسى | بازار: قاراشەھەر؛ يېزىلار: بېيداچۇ، ۋۇخاۋچۇ، يۇڭنىڭ، دەنزىل، بورقاي، چاغانچېكە، شىكشىن |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | ئاقسۇ شەھىرى | يېزىلار: ئىگەرچى، بەشتوغمەن، قاراتال، توپلۇق، قۇمباش، ئايكۆل، توقاي؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: لەڭگەر، يېڭىبازار، قىزىلكۆۋرۈك، يېڭىشەھەر |
| | ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى | بازار: ئاقسۇ كوناشەھەر؛ يېزىلار: توخۇلا، ئارال، چاقىراق، تومشۇق، چام، ئىشلەمچى، قىزىل، گۈلئاۋات، بوزدۆڭ قىرغىز يېزىسى |
| | باي ناھىيىسى | بازار: باي، تېرەك؛ يېزىلار: قىيىر، قىزىل، سايرام، توقسۇن، ياتۇر، كانچى، بۇلۇڭ، مىجىغ، ئوناش، چوڭ كۆۋرۈك، قاراباغ |
| | كۇچا ناھىيىسى | بازار: كۇچا؛ يېزىلار: ئۇچار، ئىشخىلا، ئوچئۆستەڭ، ئالاقاغا، بېھىشباغ، چىمەن، خانىقاتام، دۆڭقوتان، ياقا، ئاقئۆستەڭ، ئۆزۈن، ئاغى، تارىم؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: يېڭىشەھەر، رەستە، ساقساق، قىرتاش |
| | توقسۇ ناھىيىسى | بازار: توقسۇ؛ يېزىلار: ئىچئېرىق، پەيشەنبەبازار، تاشئېرىق، ئۆگەن، يۇلتۇزباغ، ئۇچقات |
| | شايار ناھىيىسى | بازار: شايار؛ يېزىلار: گۈلباغ، تويبولدى، قىزىلبايراق، يېڭىمەھەللە، قايلور، نۇرباغ، تارىم |
| | ئۇچتۇرپان ناھىيىسى | بازار: ئۇچتۇرپان؛ يېزىلار: ئاقتوقاي، ياركۆۋرۈك، ئاچاتاغ، ئاقيار، ئىماملىرىم، يېڭىئاۋات، ئوتبېشى، ياماسۇ قىرغىز يېزىسى |
| | ئاۋات ناھىيىسى | بازار: ئاۋات؛ يېزىلار: ئايباغ، تامتوغراق، غورۇچۆل، بەشئېرىق، يېڭىئېرىق، دولان، باغتوغراق |
| | كەلپىن ناھىيىسى | بازار: كەلپىن؛ يېزىلار: گەزلىك، يۇرچى، ئاچال |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | ئاتۇش شەھىرى | يېزىلار: سۇنتاغ، ئازاق، ئاغۇ، ئۈستۈن ئاتۇش، كاتتابلاق، توگۇرمىتى، قاراجول؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «بەخت»، «نۇر» |
| | ئاقچى ناھىيىسى | بازار: ئاقچى؛ يېزىلار: قۇلانساراق، ساپاربايى، سومتاش، قاراچى، قارابۇلاق |
| | ئۇلۇغچات ناھىيىسى | بازارلار: ئۇلۇغچات، كانسۇ؛ يېزىلار: ئۇلۇغچات، ئوقسالۇر، جىغىن، بۆرىتوقاي، قىزىلئۆي، تويۇن، تېرەك، بايقۇرۇت، بوستانتېرەك |
| | ئاقتو ناھىيىسى | بازارلار: ئاقتو، ئويتاغ؛ يېزىلار: ئۆجمە، پىلال، بارىن، قاراكېچىك، جامالتېرەك، مۇجى، بۇلۇڭكۆل، قىزىلتو، چارلۇڭ، كوسراپ، تار تاجىك يېزىسى |

| | | |
|---|---|---|
| قەشقەر ۋىلايىتى | قەشقەر شەھىرى | يېزىلار: نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: چاسا، يارباغ، ئۆستەڭبويى، قۇمدەرۋازا |
| | قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى | بازار: توققۇزاق؛ يېزىلار: ئوپال، تاشمىلىق، تېرىم، بۇلاقسۇ، سايباغ، زەمىن، ئوغۇساق، ياپتەكلە، سەمەن، خانئۆي، لەڭگەر، مۇش، قوغان، بەشكېرەم، ئاۋات، يېڭىئۆستەڭ، ئاققاش |
| | قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسى | بازارلار: يېڭىشەھەر، خانئېرىق، ياپچان؛ يېزىلار: بارىن، ياندۇما، يامانيار، ياقچى، تازغۇن، يېڭىئېرىق، ئاغارچى، ئەرمۇدۇن، قۇمۇشئېرىق، ئارال، هاراپ، يېڭىئاۋات |
| | مارالبېشى ناھىيەسى | بازارلار: مارالبېشى، سېرىقبۇيا، ئاۋات، ئاچال؛ يېزىلار: چارباغ، دۆلەتباغ، ئاناركۆل، شامال، ئاقساقمارال، ئالاغىر، چوڭقۇرچاق، يېڭىئۆستەڭ |
| | پەيزاۋات ناھىيەسى | بازارلار: بارىن، شىكەركۆل؛ يېزىلار: تېرىم، يېڭىمەھەللە، جامباز، غولتوغراق، قىزىلبويى، مىشا، شاپتۇل، قوشئاۋات، قىزىلسۇ، گۈللۈك، ئۆدەكلىك |
| | يوپۇرغا ناھىيەسى | بازار: يوپۇرغا؛ يېزىلار: يوپۇرغا، سېيەك، يەكشەنبەبازار، ئەشمە، ئاچچىق، تېرىم، بايئاۋات، ئاخۇنلۇقۇم |
| | يېڭىسار ناھىيەسى | بازار: يېڭىسار؛ يېزىلار: شەھەر يېزىسى، چولپان، مانشىن، ئوچار، سۆگەت، توپلۇق، قىزىل، ئەگىس، لومپا، ساغان، يېڭىيەر، سېيتلە، كۈگمزيەر |
| | مەكىت ناھىيەسى | بازار: مەكىت؛ يېزىلار: بازارجەمى، شېھىتدۆڭ، يانتاق، تۇمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقۇسار، ھانقىتلىق، قورما |
| | يەكەن ناھىيەسى | رايونلۇق مەھكىمىلەر: تومئۆستەڭ، ئىشقول، ئودانلىق، قوشراپ، ئاۋات، ئېلىشقۇ، يەشكەنت؛ بازارلار: يەكەن، چارەك، ئېلىشقۇ، خانئۆي، ئاۋات، بەشكەنت، ئىنكەرچى؛ يېزىلار: گۈلباغ، ئارال، چارباغ، يېڭىئۆستەڭ، تومئۆستەڭ، ئودانلىق، ئارسلانباغ، ياقائېرىق، ئىشقول، مىشا، يەكچى، ئاغارچى، قوشئېرىق، دۆڭباغ، ئالامەت، ئازادباغ، باغئاۋات، قاراسۇ، قوشراپ، كاچۇڭ، دامىس، زەرەپشان تاجىك يېزىسى |
| | پوسكام ناھىيەسى | رايونلۇق مەھكىمە: كۆيباغ؛ بازارلار: پوسكام، كۆيباغ؛ يېزىلار: پوسكام، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، توغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل، بۇيلۇق تاجىك يېزىسى |
| | قاغىلىق ناھىيەسى | بازارلار: قاغىلىق، چارباغ، ئۆششارباش؛ يېزىلار: لوق، باشئېرىق، تېتىر، چاسامەسچىت، تۆگىچى، جاڭگىلىنەسكى، جايتېرەك، بارىن، خوجائېرىق، شاخاپ، يىلقىچى، چىپان، سايباغ، بېتىملىقۇم، زوڭلاڭ، كۆكيار، شىخشۇ؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: «يېڭى بازار» كوچىسى، «مەدەنىيەت» كوچىسى، «ئازادلىق» كوچىسى، «ماڭيا» كوچىسى |
| | تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى | بازار: تاشقورغان؛ يېزىلار: تاشقورغان، تاغارما، تىزناپ، دەفتەر، مارىياڭ، ۋەچە، بەلدىر، قوغۇشلۇق، بورۇمسال، داتوڭ، كۆكيار قىرغىز يېزىسى |
| خوتەن ۋىلايىتى | خوتەن شەھىرى | بازار: لاسكۈي؛ يېزىلار: ئىلچى، شورباغ، گۇجانباغ؛ مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى: ناۋاغ، نۇرباغ، گۈلباغ، گۇجانباغ |
| | خوتەن ناھىيەسى | بازار: باغچى؛ يېزىلار: لايقا، بوزاق، تۇسالا، خانئېرىق، يېڭىئاۋات، يېڭىئېرىق، سىغىزكۆل، ئىسلامئاۋات، تەۋەككۈل، قاشتېشى، لاڭرۇ |
| | گۇما ناھىيەسى | بازارلار: گۇما، دۇۋا؛ يېزىلار: قوشتاغ، كۆكتېرەك، سانجۇ، مۇجى، موكويلا، زاڭگۈي، پىشنا، چودا، پىيالما، باشلەڭگەر، كىلياڭ، ناۋئابات تاجىك يېزىسى، كەڭقىر قىرغىز يېزىسى |
| | قاراقاش ناھىيەسى | بازار: قاراقاش؛ يېزىلار: توخۇلا، زاۋا، ئاقساراي، جاھانباغ، سايباغ، ئورچى، ماڭلاي، پۇرچاقچى، قويچى، كۆيا، ياۋا، قاراساي، تۇۋەت، يېڭىيەر، كاۋاك |
| | لوپ ناھىيەسى | بازارلار: لوپ، يۇرۇڭقاش؛ يېزىلار: جىيا، بۇيا، سامپۇل، ناۋا، چارباغ، هاڭگىيا، دول، بەشتوغراق |
| | كېرىيە ناھىيەسى | بازارلار: مۇغاللا، شەنبەبازار؛ يېزىلار: جاي، كۆكيار، لەڭگەر، ئارال، ئارش، سېيەك، توغراغاز، قارقى، شىۋول، ئويتوغراق، ئاچچان، يېڭىباغ، دەريابويى |
| | چىرا ناھىيەسى | بازار: چىرا؛ يېزىلار: چىرا، گۈلاخما، دامىكو، چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستان |
| | نىيە ناھىيەسى | بازار: نىيە؛ يېزىلار: نىيە، روقىيا، سالغوزەك، يېيىق، ئەندىر |

يى بىلى

شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى، دېھقانلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتتى.

3. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتىكى مەسىلىلەر يەنىلا كۆزدىلىك بولدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى دۇچ كەلگەن ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: 1) تۈزۈلمە راۋان بولمىدى، ئىزچىللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك نىزاملار ئەمەلىيلەشمىدى؛ 2) مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى بىرلا خىل، سۈپىتى تۆۋەن، باھاسى يۇقىرى، سەۋىيىسى تۆۋەن، رىقابەت كۈچى ئاجىز، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتى تۆۋەن؛ 3) كارخانىلارنىڭ مەبلىغى قىس بولۇش بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش مەسىلىسى تەڭ مەۋجۇت؛ 4) تۆمۈريول جەھەتتىكى چەكلىمە يەنىمۇ كۆچىيىپ كەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە نەق پۇل پىرىۋوت سودىسى جەھەتتىكى ئېكسپورتنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنىڭ مەملىكەت بويىچە تۇتقان ئورنىنىڭ ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشى، بىر قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئىختىساسلىق خادىم ۋە مەبلەغنىڭ سىرتقا ئېقىپ كېتىشى قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت.

جۇڭ چېڭ
ليۇ ۋېنجۇ
ۋۇ جۇن

# ختاي تەرپىدىن ئېلان قىلىنغان شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇسنىڭ تارقىلىش مىللىي تەركىپ جەدۋىلى

| رايون ئايرىمىسى | جەمئىي | ئۇيغۇر | خەنزۇ | قازاق | خۇيزۇ | قىرغىز | موڭغۇل | شىبە | رۇس | تاجىك | ئۆزبېك | تاتار | مانجۇ | داغۇر | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | 16052648 | 7589468 | 6036700 | 1196416 | 732294 | 154282 | 149198 | 36785 | 8563 | 36108 | 12782 | 4440 | 18856 | 5827 | 70929 |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1379327 | 173788 | 1007478 | 39889 | 135177 | 760 | 4680 | 2874 | 2222 | 149 | 944 | 573 | 6939 | 293 | 3561 |
| شەھەرگە قاراشلىق رايونلار | 1222167 | 162790 | 934175 | 15667 | 87442 | 747 | 4502 | 2840 | 2169 | 149 | 858 | 505 | 6795 | 289 | 3239 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | 157160 | 10998 | 73303 | 24222 | 47735 | 13 | 178 | 34 | 53 | 0 | 86 | 68 | 144 | 4 | 322 |
| قاراماي شەھىرى | 220088 | 33939 | 116356 | 8744 | 5652 | 94 | 1613 | 599 | 424 | 26 | 149 | 46 | 790 | 93 | 1563 |
| شىخەنزە شەھىرى | 536071 | 5587 | 511576 | 2895 | 11977 | 40 | 491 | 106 | 203 | 27 | 15 | 1 | 646 | 15 | 2492 |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 497839 | 365885 | 97755 | 198 | 33271 | 19 | 58 | 27 | 37 | 1 | 2 | 0 | 267 | 3 | 316 |
| تۇرپان شەھىرى | 230291 | 165252 | 47238 | 29 | 17359 | 0 | 15 | 17 | 31 | 1 | 2 | 0 | 156 | 3 | 188 |
| پىچان ناھىيىسى | 166556 | 124135 | 33301 | 14 | 8913 | 19 | 12 | 10 | 5 | 0 | 0 | 0 | 82 | 0 | 65 |
| توقسۇن ناھىيىسى | 100992 | 76498 | 17216 | 155 | 6999 | 0 | 31 | 0 | 1 | 0 | 0 | 0 | 29 | 0 | 63 |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 425008 | 87025 | 280595 | 40363 | 12971 | 3 | 1841 | 93 | 77 | 0 | 3 | 57 | 1418 | 1 | 561 |
| قۇمۇل شەھىرى | 306173 | 78574 | 203567 | 9305 | 12213 | 3 | 492 | 84 | 61 | 0 | 2 | 1 | 1382 | 1 | 488 |
| باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 100446 | 148 | 70795 | 27743 | 278 | 0 | 1343 | 8 | 16 | 0 | 0 | 56 | 22 | 0 | 37 |
| ئاراتۇرۇك ناھىيىسى | 18389 | 8303 | 6233 | 3315 | 480 | 0 | 6 | 1 | 0 | 0 | 1 | 0 | 14 | 0 | 36 |
| سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى | 139303 | 53894 | 1000234 | 113950 | 154498 | 121 | 4926 | 354 | 528 | 45 | 2198 | 971 | 2677 | 48 | 4859 |
| سانجى شەھىرى | 293053 | 8304 | 222731 | 15760 | 42377 | 49 | 665 | 162 | 226 | 12 | 133 | 89 | 923 | 11 | 1611 |
| فۇكاڭ شەھىرى | 132535 | 6745 | 97809 | 10965 | 15795 | 14 | 251 | 51 | 59 | 0 | 4 | 28 | 125 | 7 | 682 |
| مىچۈەن ناھىيىسى | 155142 | 4846 | 96089 | 3249 | 49595 | 17 | 378 | 22 | 70 | 4 | 1 | 6 | 202 | 21 | 642 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇتۇبى ناھىيىسى | 176003 | 5006 | 136114 | 21036 | 12408 | 0 | 119 | 32 | 51 | 0 | 2 | 43 | 183 | 4 | 978 |
| ماناس ناھىيىسى | 149793 | 4352 | 122904 | 16084 | 5855 | 34 | 50 | 23 | 78 | 0 | 7 | 28 | 122 | 5 | 251 |
| گۇچۇڭ ناھىيىسى | 216303 | 14614 | 168363 | 18965 | 10705 | 4 | 1177 | 30 | 20 | 29 | 644 | 470 | 924 | 0 | 358 |
| جىمسار ناھىيىسى | 128088 | 5894 | 93113 | 8781 | 17043 | 3 | 2278 | 27 | 16 | 0 | 345 | 217 | 161 | 0 | 210 |
| مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى | 88386 | 4133 | 63111 | 19083 | 720 | 0 | 8 | 7 | 8 | 0 | 1062 | 90 | 37 | 0 | 127 |
| ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى | 3496233 | 567795 | 1546680 | 921214 | 282329 | 16364 | 63680 | 31342 | 4371 | 94 | 5423 | 2596 | 4003 | 5201 | 4914 |
| كۈيتۇن شەھىرى | 231585 | 646 | 220858 | 3149 | 5261 | 23 | 574 | 178 | 40 | 3 | 6 | 5 | 314 | 24 | 504 |
| ئىلى ۋىلايىتى | 1899039 | 513989 | 619284 | 439604 | 204730 | 14336 | 26655 | 29576 | 1121 | 70 | 4916 | 855 | 2917 | 447 | 40539 |
| غۇلجا شەھىرى | 284258 | 140852 | 96314 | 12886 | 24219 | 266 | 594 | 2723 | 542 | 38 | 2998 | 208 | 1210 | 37 | 1398 |
| غۇلجا ناھىيىسى | 344583 | 170130 | 64881 | 36798 | 50667 | 245 | 176 | 217 | 44 | 1 | 290 | 35 | 703 | 6 | 20390 |
| چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيىسى | 152473 | 38987 | 54540 | 31010 | 5790 | 328 | 350 | 20535 | 91 | 6 | 70 | 20 | 100 | 7 | 639 |
| قورغاس ناھىيىسى | 314155 | 65335 | 143077 | 27082 | 61113 | 364 | 541 | 2963 | 165 | 0 | 128 | 73 | 329 | 315 | 12667 |
| توققۇزتارا ناھىيىسى | 138098 | 31593 | 43825 | 41954 | 15687 | 420 | 179 | 1427 | 87 | 22 | 154 | 153 | 262 | 35 | 2300 |
| كۈنەس ناھىيىسى | 255499 | 24114 | 103010 | 111229 | 14107 | 778 | 68 | 440 | 120 | 1 | 544 | 114 | 120 | 0 | 854 |
| موڭغۇلكۈرە ناھىيىسى | 139830 | 13942 | 41379 | 64468 | 3515 | 3715 | 11869 | 67 | 33 | 1 | 191 | 238 | 26 | 0 | 386 |
| تېكەس ناھىيىسى | 133432 | 13264 | 33032 | 54037 | 17978 | 7533 | 5282 | 580 | 17 | 1 | 411 | 12 | 110 | 0 | 1175 |
| نىلقا ناھىيىسى | 136711 | 15799 | 39226 | 60140 | 11654 | 687 | 7593 | 624 | 22 | 0 | 130 | 2 | 57 | 47 | 730 |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 827289 | 38557 | 477448 | 208538 | 53706 | 1938 | 31228 | 1529 | 2838 | 21 | 264 | 480 | 548 | 4720 | 5474 |
| چۆچەك شەھىرى | 136677 | 4675 | 87844 | 20951 | 9417 | 1595 | 1327 | 1222 | 1964 | 1 | 127 | 248 | 201 | 4593 | 2512 |
| دۆربىلجىن ناھىيىسى | 170398 | 7852 | 92493 | 57596 | 5163 | 287 | 5109 | 59 | 445 | 8 | 80 | 51 | 59 | 37 | 1159 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شىخو ناھىيىسى | 177147 | 15590 | 111571 | 20909 | 20755 | 0 | 7744 | 51 | 109 | 0 | 12 | 23 | 89 | 10 | 284 |
| ساۋەن ناھىيىسى | 172190 | 7907 | 118503 | 30016 | 14585 | 13 | 247 | 25 | 69 | 0 | 19 | 46 | 103 | 6 | 651 |
| تولى ناھىيىسى | 75793 | 1213 | 21485 | 51426 | 813 | 32 | 503 | 55 | 10 | 0 | 7 | 31 | 50 | 6 | 162 |
| چاغانتوقاي ناھىيىسى | 47622 | 229 | 28805 | 14896 | 2564 | 3 | 145 | 47 | 201 | 0 | 0 | 15 | 22 | 38 | 657 |
| قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى | 47462 | 1091 | 16747 | 12744 | 409 | 8 | 16153 | 70 | 40 | 12 | 19 | 66 | 24 | 30 | 49 |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 538320 | 10603 | 229090 | 269923 | 18632 | 67 | 5223 | 59 | 372 | 0 | 237 | 1256 | 224 | 10 | 2624 |
| ئالتاي شەھىرى | 187918 | 4818 | 112507 | 61425 | 5621 | 9 | 2128 | 36 | 151 | 0 | 124 | 480 | 122 | 0 | 497 |
| بۇرچىن ناھىيىسى | 59600 | 1088 | 19008 | 33161 | 3502 | 0 | 1654 | 0 | 142 | 0 | 13 | 341 | 1 | 0 | 690 |
| كۆكتوقاي ناھىيىسى | 83105 | 2747 | 23653 | 54110 | 1877 | 12 | 191 | 13 | 56 | 0 | 41 | 72 | 38 | 10 | 285 |
| بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى | 58184 | 585 | 32865 | 22588 | 1673 | 0 | 121 | 4 | 15 | 0 | 0 | 55 | 28 | 0 | 250 |
| قابا ناھىيىسى | 66751 | 369 | 19835 | 41158 | 4253 | 0 | 434 | 0 | 0 | 0 | 19 | 56 | 0 | 0 | 628 |
| چىڭگىل ناھىيىسى | 49828 | 628 | 9583 | 37357 | 1105 | 11 | 683 | 6 | 1 | 0 | 26 | 230 | 7 | 0 | 191 |
| جېمىنەي ناھىيىسى | 32934 | 368 | 11640 | 20124 | 601 | 35 | 12 | 0 | 7 | 0 | 14 | 22 | 28 | 0 | 83 |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 354113 | 48386 | 228339 | 37440 | 11857 | 107 | 25403 | 262 | 134 | 5 | 102 | 11 | 264 | 11 | 1792 |
| بورتالا شەھىرى | 176214 | 31890 | 110987 | 15192 | 6513 | 31 | 10554 | 200 | 118 | 4 | 62 | 10 | 186 | 4 | 463 |
| جىڭ ناھىيىسى | 106963 | 13364 | 73725 | 10964 | 3622 | 18 | 4329 | 28 | 14 | 1 | 19 | 1 | 42 | 0 | 836 |
| ئارشاڭ ناھىيىسى | 70936 | 3132 | 43627 | 11284 | 1722 | 58 | 10520 | 34 | 2 | 0 | 21 | 0 | 36 | 7 | 493 |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 914222 | 320475 | 498113 | 1052 | 47828 | 147 | 43433 | 81 | 165 | 8 | 52 | 1 | 611 | 6 | 2250 |
| كورلا شەھىرى | 290202 | 88329 | 191830 | 44 | 6216 | 6 | 2453 | 67 | 134 | 0 | 22 | 0 | 392 | 1 | 708 |
| بۇگۇر ناھىيىسى | 81712 | 74413 | 7025 | 5 | 240 | 1 | 6 | 0 | 0 | 5 | 0 | 0 | 13 | 0 | 4 |
| لوپنۇر ناھىيىسى | 84427 | 25718 | 57927 | 35 | 525 | 2 | 19 | 2 | 4 | 0 | 5 | 0 | 19 | 5 | 166 |
| چاقىلىق ناھىيىسى | 29317 | 11331 | 17379 | 0 | 451 | 0 | 18 | 0 | 0 | 0 | 4 | 1 | 0 | 0 | 133 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چەرچەن ناھىيىسى | 46349 | 38219 | 8038 | 2 | 62 | 0 | 2 | 5 | 0 | 0 | 6 | 0 | 8 | 0 | 7 |
| يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى | 108743 | 31507 | 48522 | 34 | 25125 | 65 | 3103 | 0 | 5 | 0 | 14 | 0 | 41 | 0 | 327 |
| خېجىڭ ناھىيىسى | 167829 | 36345 | 95817 | 885 | 5514 | 69 | 28493 | 7 | 15 | 3 | 1 | 0 | 81 | 0 | 599 |
| خوشۇت ناھىيىسى | 56510 | 7826 | 37960 | 36 | 5194 | 0 | 5303 | 0 | 7 | 0 | 0 | 0 | 36 | 0 | 148 |
| باغراش ناھىيىسى | 48891 | 6787 | 33615 | 11 | 4501 | 4 | 4036 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 21 | 0 | 158 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 1798730 | 1394314 | 380744 | 93 | 12266 | 8623 | 345 | 56 | 109 | 3 | 145 | 4 | 354 | 0 | 1674 |
| ئاقسۇ شەھىرى | 425856 | 188764 | 231095 | 26 | 4284 | 94 | 265 | 20 | 52 | 1 | 10 | 0 | 209 | 0 | 1036 |
| ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى | 185225 | 143226 | 37112 | 0 | 1071 | 3440 | 13 | 0 | 2 | 0 | 0 | 0 | 53 | 0 | 308 |
| كۇچا ناھىيىسى | 345771 | 313270 | 30353 | 10 | 1845 | 105 | 16 | 9 | 20 | 2 | 15 | 0 | 54 | 0 | 72 |
| شايار ناھىيىسى | 169302 | 147444 | 21057 | 35 | 1560 | 9 | 24 | 27 | 20 | 0 | 3 | 2 | 16 | 0 | 5 |
| توقسۇ ناھىيىسى | 121977 | 116996 | 4684 | 10 | 242 | 5 | 4 | 0 | 7 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 29 |
| باي ناھىيىسى | 177212 | 159897 | 15749 | 5 | 728 | 811 | 5 | 0 | 0 | 0 | 5 | 0 | 5 | 0 | 7 |
| ئۈچتۇرپان ناھىيىسى | 165043 | 147686 | 11590 | 1 | 1450 | 4099 | 7 | 0 | 0 | 0 | 106 | 2 | 7 | 0 | 95 |
| ئاۋات ناھىيىسى | 170814 | 140598 | 28960 | 6 | 1075 | 18 | 11 | 0 | 8 | 0 | 6 | 0 | 10 | 0 | 122 |
| كەلپىن ناھىيىسى | 37530 | 36433 | 1044 | 0 | 11 | 42 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 397831 | 257080 | 17655 | 40 | 330 | 118121 | 15 | 5 | 1 | 4413 | 78 | 22 | 14 | 1 | 56 |
| ئاتۇش شەھىرى | 176449 | 144844 | 9805 | 17 | 74 | 21616 | 12 | 0 | 0 | 12 | 21 | 1 | 5 | 0 | 42 |
| ئاقتو ناھىيىسى | 148128 | 102597 | 2976 | 10 | 169 | 37911 | 2 | 0 | 0 | 4401 | 33 | 21 | 0 | 0 | 8 |
| ئاقچى ناھىيىسى | 32464 | 1514 | 2108 | 10 | 53 | 28776 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 3 |
| ئۇلۇغچات ناھىيىسى | 40790 | 8126 | 2766 | 3 | 34 | 29818 | 1 | 5 | 1 | 0 | 24 | 0 | 9 | 1 | 3 |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 2959940 | 2684404 | 231543 | 164 | 4394 | 5187 | 169 | 54 | 66 | 29474 | 3324 | 35 | 367 | 8 | 751 |
| قەشقەر شەھىرى | 236019 | 176057 | 56997 | 40 | 1159 | 143 | 60 | 32 | 37 | 150 | 914 | 11 | 185 | 0 | 234 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسى | 348706 | 344828 | 3113 | 7 | 75 | 604 | 8 | 0 | 0 | 6 | 54 | 2 | 0 | 0 | 9 |
| قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | 250648 | 233457 | 16506 | 9 | 194 | 396 | 2 | 5 | 4 | 3 | 42 | 4 | 6 | 4 | 16 |
| يېڭىسار ناھىيىسى | 195560 | 191805 | 3051 | 0 | 30 | 623 | 0 | 0 | 5 | 14 | 16 | 1 | 15 | 0 | 0 |
| پوسكام ناھىيىسى | 141486 | 113939 | 23982 | 0 | 297 | 77 | 9 | 0 | 1 | 3096 | 29 | 0 | 8 | 4 | 62 |
| يەكەن ناھىيىسى | 547424 | 522657 | 19851 | 0 | 736 | 820 | 20 | 0 | 6 | 2074 | 1186 | 9 | 31 | 0 | 26 |
| قاغىلىق ناھىيىسى | 330684 | 308388 | 18470 | 33 | 570 | 893 | 10 | 7 | 1 | 1386 | 867 | 8 | 17 | 0 | 34 |
| مەكىت ناھىيىسى | 176063 | 142100 | 33443 | 1 | 361 | 7 | 4 | 8 | 5 | 0 | 26 | 0 | 18 | 0 | 98 |
| يوپۇرغا ناھىيىسى | 115667 | 110976 | 4567 | 5 | 67 | 0 | 3 | 4 | 0 | 0 | 11 | 0 | 19 | 0 | 15 |
| پەيزاۋات ناھىيىسى | 274749 | 270391 | 4174 | 27 | 45 | 33 | 0 | 0 | 0 | 1 | 57 | 0 | 10 | 0 | 1 |
| مارالبېشى ناھىيىسى | 316313 | 268101 | 46765 | 34 | 863 | 71 | 53 | 4 | 7 | 0 | 121 | 0 | 58 | 0 | 236 |
| تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى | 26621 | 1705 | 624 | 0 | 15 | 1520 | 0 | 2 | 0 | 22744 | 1 | 0 | 0 | 0 | 10 |
| خوتەن ۋىلايىتى | 1453322 | 1408675 | 41698 | 72 | 926 | 788 | 24 | 0 | 9 | 949 | 23 | 11 | 28 | 0 | 119 |
| خوتەن شەھىرى | 140233 | 117438 | 22308 | 18 | 390 | 15 | 10 | 0 | 9 | 2 | 0 | 10 | 14 | 0 | 19 |
| خوتەن ناھىيىسى | 223521 | 222256 | 1044 | 0 | 221 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| قاراقاش ناھىيىسى | 346993 | 342187 | 4710 | 1 | 72 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 9 | 0 | 7 | 0 | 7 |
| گۇما ناھىيىسى | 199485 | 194903 | 2806 | 0 | 36 | 751 | 1 | 0 | 0 | 947 | 1 | 0 | 0 | 0 | 40 |
| لوپ ناھىيىسى | 203616 | 200315 | 3215 | 36 | 48 | 1 | 1 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 |
| چىرا ناھىيىسى | 123780 | 121165 | 2552 | 1 | 33 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 13 | 0 | 0 | 0 | 16 |
| كېرىيە ناھىيىسى | 186120 | 183152 | 2787 | 16 | 119 | 1 | 3 | 0 | 0 | 0 | 0 | 0 | 7 | 0 | 35 |
| نىيە ناھىيىسى | 29574 | 27259 | 2276 | 0 | 7 | 20 | 9 | 0 | 0 | 0 | 0 | 1 | 0 | 0 | 2 |

ئەسكەرتىش: ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي سان 1993 - يىلدىكى نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ تەكشۈرۈشتىن ئېلىنغان سانى كۆرسىتىدۇ، ھەر قايسى ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىنىڭ مەلۇم قىلغان يىللىق سانىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى



دۇنيا «خەتەر ئاستىدىكى
مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى»
نىڭ رەئىسى تىلمان ئەفەندى
غۇلجا ۋەقەسىنىڭ بىر يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيىدە
ئۆتكۈزۈلگەن خىتايغا قارشى
نامايىش سېپىمىزگە قاتناشتى ۋە
مۇھىم سۆز قىلدى.






كوممۇنىست خىتاينىڭ
ۋەتىنىمىزنى ئىشغال
قىلغانلىقىنىڭ 49 -
يىللىقى مۇناسىۋىتى
بىلەن گېرمانىيىدە
خىتايغا قارشى نامايىش
ئۆتكۈزۈلدى.



چەتئەللەردىكى شەرقىي
تۈركىستان
تەشكىلاتلىرى
مەسئۇللىرىدىن گېنېرال
مۇھەممەت بىكىن،
نۇرمۇھەممەت كەنجى
ۋە ئەسقەرجانلار
گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن
شەھرىدە بىر ئارىغا
كەلدى.



تۇنجى نۆۋەتلىك تۆت
تەرەپ بىرلەشمە
يىغىنى ۋەكىللىرى
مالىيتادا